مەشھۇر ئەرەب ئايال يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدىن

# جارىيەلەر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: راخمان مامۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-07873-X
9 787228 078738 >

45

ISBN 7-228-07873-X
（民文）定价：11.00元

图书在版编目(CIP)数据

四分之一个丈夫:阿拉伯女作家们的短篇小说集/李琛选编;吾斯曼江译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2002.12
ISBN 7-228-07873-X

Ⅰ.四… Ⅱ.①李…②吾… Ⅲ.短篇小说-作品集-阿拉伯国家-现代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I371.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第008916号

责任编辑: 热合曼·马木提

四分之一个丈夫(维吾尔文)
吾斯曼江·买买提 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐隆益达印务有限公司
850×1168毫米 32开本 6.875印张 2插页
2003年3月第1版 2003年3月第1次印刷
印数:1—3000

ISBN7-228-07873-X 定价:11.00元

بۇ كىتاب مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据文化艺术出版社 1997 年 12 月第一版,1997 年 12 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: راخمان مامۇت

# چارەك ئەر

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان مەھەممەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

ئۈرۈمچى لوڭيىدا مەتبەئە ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 32/1

باسما تاۋىقى: 6.875 قىستۇرما ۋارىقى 2

2003 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2003 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 1—3000

ISBN7—228—07873—X

باھاسى: 11.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

ئاياللار ۋە مەدەنىيەت ........ 1
تېتىقسىز پېرسوناژ ........ 14
قوزام ........ 24
ئايال مىراسخور ........ 35
مۇھەببەت ۋە مەغلۇبىيەت ........ 44
قىزىل قۇش قەپىسى ........ 58
يېرىم كېچىدە كەلگەن خانىم ........ 69
چارەك ئەر ........ 82
قارغاش ........ 91
پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەسلىك ........ 102
كۆلدان ئىچىدىكى ئايال ........ 111
مۇھەببەتنىڭ كەينىدە ........ 118
ئايالار ئىچىدىن ئازاد بولۇش ........ 137
ئىككى قۇش، ئىككى ئەخمەق ........ 143
ئايدىڭدا ........ 146
ئەتىرگۈل ........ 150
يەلكەنلىك كېمە ........ 151
بوۋاي ۋە گۆگۈم ........ 164
مۇز قونچاق ........ 173
كېپىنەك ........ 179

هارغىنلىق ........................................ 187

سوئال ........................................ 193

تافۇل ۋە نەسەب شەمشىرى ........................................ 198

ئۆتكەن كۈنلەر ........................................ 204

ئانا مېھرى ........................................ 214

# ئاياللار ۋە مەدەنىيەت

## مېھرى زىيادە (لىۋان)

*مېھرى زىيادە (1886 — 1941) لىۋانلىق ئايال يازغۇچى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەرەب ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى مەسىلىكىنىڭ ۋەكىلى. ئۇ لىۋاندىكى مۆتىۋەر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. دادىسى مەرىپەتپەرۋەر ئادەم، ئاپىسىمۇ ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئىدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئۆتكۈر، ئۇسلۇبى، گۈزەل ئەسەرلىرى پەلسەپىۋىلىككە باي. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: فرانسۇزچە شېئىرلار توپلىمى «چۈش گۈللىرى»، نەسىرلەر توپلىمىدىن «قىزلارنىڭ پۇرسىتى»، پوپلىستىك ئەسەرلەر توپلىمىدىن «باراۋەرلىك»، نۇتۇقلار توپلىمىدىن «ھايات ئورمانلىرى» رومانى «تىروپىك پۇژغۇنلىرى» قاتارلىقلار بار.*

*ئۇ لىۋانلىق شائىر جىبران بىلەن قويۇق ئارىلاشقان ۋە جىبران بىلەن ئۆزگىچە ئۇسلۇبدا سۆيگۈ مەكتۇپلىرى يېزىشقان، بۇ مەكتۇپلەر «يېشىل ئوتقاش» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئېرى جىبراننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ۋە قېيىن شارائىتلار تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل روھى كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا داۋالانغان، كېيىن قاھىرەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.*

جانابلار، خانىملار:

بىز شۇ تاپتا دەل باھار پەسلىدە تۇرىۋاتىمىز، جانلىقلار ئالەمنىڭ جىمى بۆلۈك - پۇشقاقلىرىدا جۇش ئۇرۇپ ياشناۋاتىدۇ. گۈزەللىك پەرىشتىسى، نۇر پەيغەمبىرى بولغان ئاپرېل قىزىل ئەتىرگۈل خانىشى مارت ئېيىنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىنى ئۈزۈپ

قويدى، ئەمما ئۇنىڭ گۈزەل زىباسى بىلەن نۇر-زىياسىنى ئېلىپ قالدى. شۇڭا مېنىڭ بۇ سۆھبەتنىڭ باش تېمىسى توغرىسىدا! ئىزدىنىشىم ھاجەتسىز. ئۆتۈپ كەتكەن پەسىل شۇنداق ئېسىل بىر تېما گۈلنى نامايان قىلىپ بەردى. ئۇ ئاجايىپ ئۆسۈملۈك، سەزگۈر قەلبلا ئۇنىڭ دېگىلى بولمايدىغان بىر خىل سىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ. گۈل ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن قورۇق-باغلارنى، فېرما-مەيدانلارنى بېزەيدۇ، خۇشبۇيى ھىدى بىلەن ئۆزىنىڭ سىرلىرىنى يوشۇرىدۇ، گويا كېچە قارا تونلىرى بىلەن شەيئىلەرنى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن يوشۇرغاندەك يوشۇرىدۇ، كۈندۈزلىرى ئېچىلغان گۈل-غۇنچىلار ۋە گۈل-غۇنچىلارنىڭ ياپراقلىرى گويا زەپەر تۇغلىرىنى جەۋلان قىلغاندەك جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار تۈن قوينىغا كىرىشى بىلەنلا جەۋلان قىلىشتىن توختايدۇ، كېچىنىڭ نەمخۇش ھاۋاسى بىلەن ئۇلار ھالىدىن كېتىپ قالىدۇ. شۇڭا مەن باشقا بىر گۈلنى، تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ گۈزەل، كىشىنى تېخىمۇ ئويغا سالىدىغان، سىر دەرۋازىلىرىنى ئاچىدىغان گۈلنى قەلب رەيھانىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ئىستەيمەن. ئۇ گۈلگە ئەڭ ئۇلۇغ چىنلىق، لېكىن يېقىنلىششقا بولمايدىغان، تاشلىۋېتىپمۇ يۈرەك چىدىمايدىغان، جانغا جان بېغىشلايدىغان سىرلار مۇجەسسەملەنگەن؛ ئۇ گۈل زامانلاردىن بۇيان تۇرلۇك كەچمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ھۆرلۈك تەشنالىقىغا ۋە ھېسسىيات جەبىرلىرىگە چىداپ كەلدى، ئۇنىڭ شاخلىرى تۈپتۈز؛ ئوتقاشتەك گۈل-غۇنچىلىرىگە ئىقبال ئورمانلىرى يوشۇرۇنغان، ھۇجەيرە-ھۇجەيرىلىرىدىن ھاياتلىقنىڭ ئاتەش ئۇرۇقلىرى ھەر يان چېچىلىپ تۇرىدۇ.

سىلەر ئۇ گۈلنى تونۇيسىلەر، ئۇ گۈل ئاياللاردۇر.

جانابلار، خانىملار، مەدەنىيەت بۇ دۇنيادا ئومۇملىشىپ

بولغان، هازىر ئۈچ چوڭ قىتئەدە① نۇر - زىيالارنى چاچماقتا. ئاۋۋالقىلار يەر يۈزىدىكى جەننەتۇل رىزۋان دەپ تەرىپلىگەن شەرقدىمۇ مەدەنىيەت ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. مەدەنىيەت ئېلىمىزدە قۇياش كەبى كۆتۈرۈلدى. ئاسىيا، ئافرىقا شانلىق مەدەنىيەتكە ئەڭ بۇرۇن قەدەم تاشلىدى، مەدەنىيەت ئاندىن ياۋروپاغا تارقالدى. مەدەنىيەت زۇلمەت ۋە نادانلىق تۇمانلىرى قاپلاپ كەتكەن كەڭ زېمىننى يورۇتتى. پەرەڭلەر مۇشۇنداق خىسلەتلىك ئاتەش ئورۇقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە: دۇنيانى يورۇتايلى! دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا نۇرغا چۆمۈلۈپ، كۆزنى چاقنىتىدىغان ئىلىم-پەن نۇرلىرى بىزنى كۆمۈپ تاشلىدى. ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى پۇتلىكاشاڭلاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى، كونا رەسىم - يوسۇنلارنىڭ ئاسارىتى ھېلىھەم بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ھايات يېڭى دۇنيانىڭ يۈكى بولۇپ قالمىدى.

يېڭى ھايات نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان بۇ دۇنيادا بىر مۇتەپپەككۇر — كولۇمبۇ يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى تاپتى، لود كونا دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلىماقچى بولدى.

شۇنداق، مەدەنىيەت دۇنيادا ئومۇملىشىپ بولدى. ۋاھالەنكى، بىزنىڭ ھالىمىز نىچۇك؟ بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ئىلىم - ھېكمەتلىرى، سەنئىتى، تۇرمۇش يۇسۇنلىرىنىڭ مۆجىزىلىرى ئاپىرىدە بولدى، ئەمما مۇشكۇلچىلىك كۆلۈڭگىلىرى ھېلىھەم تۈگىگىنى يوق. ئەتراپىمىزدا يەنىلا ئۇرۇش، كېسەللىك، قىرچاپ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، قەلب دەرۋازىمىز بېكىك، ئەخلاقىمىز چۈشكۈنلۈككە قاراپ يۈزلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يىرگىنچلىك ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ،

---

①ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەسىنى دېمەكچى.

مەدەنيەت تېخى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئورۇنلاپ بولالمىدى، پەقەت دۇنيانىڭ تاشقى قىياپىتىنىلا ئاز ـ تولا ئۆزگەرتتى. جانابلار، خانىملار، يېتەرسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرى سىلەرگە ئايان، شۇنداقلا تارىخىمىزدىكى ئاجىز مەدەنيەت نۇقتىلىرىمۇ ئۆزۈڭلەرگە چۈشىنىشلىك. بۇنداق يېتەرسىزلىك بىلەن ئاجىز نۇقتىلارنىڭ بولۇشىغا ئىنسانلارنىڭ يەنە بىر قىسمىنىڭ چېكىنىشى يەنى ئاياللارنىڭ نادان قالغانلىقى سەۋەب بولغان. گېگىل: ئەر پۈتۈن ئادەم ئەمەس، ئايالمۇ پۈتۈن ئادەم ئەمەس، ئەر بىلەن ئايال قوشۇلغاندىلا ئاندىن پۈتۈن ئادەم بولىدۇ، ئادەم ئەر بىلەن ئايالدىن تەركىب تاپىدۇ، دېگەنىدى. بىر جىنس كەم بولسا يەنە بىر جىنس يېرىم بولۇپ قالىدۇ، مۇكەممەل نەرسە بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ. پەقەت مۇشۇ ئىككى نەرسە قوشۇلغاندىلا ئاندىن مۇكەممەل بولىدۇ. بىر ئادەمدە سەگەك مېڭە، ساق يۈرەك بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ساغلام ئادەم ھېسابلىنىدۇ، ئاياللارغا بەخت يارىتالىغان ئەرلەر بەختلىك ئەر بولالايدۇ.

خانىملار، مۇبادا سىلەر ئاياللارنىڭ تارىخىنى سورىساڭلار يىللار سىلەرگە يۈرەك باغرىڭلارنى ئېزىپ تاشلايدىغان پاكىتلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئايال دېگەن نېمە؟ ياۋايىلىق ئۇنى ئۆي ھايۋانلىرىغا ئوخشىتىپ قويدى، نادانلىق ئۇنى ئەرلەرنىڭ خالىغانچە ئىشلىتىدىغان خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، تاشلىنۋەتكۈسى كەلسە تاشلىۋەتتى، ئۆلتۈرگۈسى كەلسە ئۆلتۈردى. كېيىن ئۇ بىچارە قۇلغا — ئېپلاس ئايال مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ چوڭ بولۇپ، خوجايىنىنىڭ كۆڭۈل ئېچىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالدى، ئۈستىۋاشلىرىنى تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن پۈركىگەن، ئۈنچە ـ مارجان ئاسقان، ھەر خىل جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن، يۈز ـ كۆزلىرىنى ئۇپا ـ ئەڭلىك بىلەن بولۇشىغا پەردازلىغان

تەشتەكتىكى بىر گۈل بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇشۇنداق ئېسىل كىيىملەرگە پۈركۈنۈپ يۈرگەن ئاياللارنىڭ قانلىق كەچۈرمىشلىرى يوشۇرۇنغان بىر يۈرىكىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغان كىم بار؟

ئاياللارنىڭ تارىخى ئۇزاق ئازاب - ئوقۇبەتلىك قۇربان بېرىش تارىخىدۇر. ئادەمنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئاياللارنىڭ ئەزەلدىن بىرەر دوستى ۋە بىرەر ياردەمچىسى بولۇپ باققان ئەمەس، كىشىلەر ئۇلارنى ئاساسەن كۆزگە ئىلماي كەمسىتىپ كەلدى. بۇنىڭ تامامەن كىشىلەرنىڭ نادانلىقىدىن، تاش يۈرەكلىكىدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ، چۈنكى چۈشىنىش تېخى ھاسىل بولمىغان، ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ دائىرىسىدىن بۆسۈپ چىقالمىغان ئىدى. مېنىڭچە بۇ ناھايىتى غەلىتە ھەم ئىنتايىن ئېغىر بىر ئىش. ئەرلەر زادى كىم؟ بىز ئاياللار ئەرلەرنى دەۋرنىڭ روھى ۋە دۇنياۋى ئىدىيىنىڭ داھىيسى دەپ قارايمىز.

لاتىن شائىرلىرى پەقەت ئاياللارنىڭ گۈزەل، مەپتۇنكار قامەتلىرىنىلا تەسۋىرلىدى. ئۇلارنىڭ شېئىر - داستانلىرىدا مۇشۇ روھنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلار بىردەك ئاياللارنى چىرايلىق، ئازازۇل ياكى ئالىي دەرىجىلىك كۆڭۈل ئېچىش مەنبەسى دەپ قارىدى. ئېپىسكورىس، ئوپرىپودىس قاتارلىق گىرىك شائىرلىرى ئاياللارنى «دۇنياۋى ئاپەت» دەپ بايان قىلدى. پۈتۈن مىللەتنىڭ مۇتەپپەككۇرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، ئۇلۇغ غايە، يۈكسەك پرىنسىپقا ئىگە، دۇنياغا بەخت - سائادەت يارىتىش مەقسىتىدە سىياسىي ئىنقىلاب قىلغان ۋە ئەدەبىيات ئىنقىلابى بىلەن مەشغۇل بولغان بۈيۈك گىرىك پەيلاسوپى پىلاتونمۇ ئاياللارنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، ئاياللارنىڭ ئەخلاقىنى تەتقىق قىلمىدى، ئەمما ئاياللارنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن يوشۇرۇن

قۇدرىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا مەن يەنە نېمە دەيمەن؟ ئەپسۇس، پىلاتونىمۇ ئايال تۇغقانغۇ! ئۇ بۇرۇن ئاپىسىنى كەمسىتىپ: بۇ دۇنيادىكى ئەرەنلىكنىڭ ئاجىز بولۇپ قېلىشى ھايۋانلارنىڭ ياكى ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدا تۆرەلگەن روھ تۇغۇلىدىغان چاغدىلا پىچەك بولۇپ قالغانلىقىدىن بولغان دەپ داۋراڭ سالدى. ئەمما ئىسكەندىرىيە تەرەپدارى بولغان، يېڭى پلاتۇنىزمنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىق باھارىنىمۇ پەرۋا قىلماي، دەۋرىنىڭ پەخرى بولۇش ئويىدا بولغان بىر ئايالنىڭ دەل مەشھۇر ماتېماتىك سالونتۇس ئىكەنلىكىنى پىلاتون ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى، تۆتىنچى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۇ كۈپ- كۈندۈزدىلا ئىسكەندەرىيە بازىرىدا قەتلى قىلىندى. ئۇ ئىلىم- پەننىڭ قۇربانى، يېڭى پىلاتۇنىزمنىڭ سادىق مۇرىتى ئىدى.

جانابلار، خانىملار، ئاياللارغا تۇنجى بولۇپ ھېسداشلىق قىلغان، ئۇلار ئۈچۈن ئىللا گەپ قىلغان ئادەم ئىسا مەسىھدۇر. ئۇ تۇنجى بولۇپ ئاياللار بىلەن ئەرلەرنى ئوخشاش كۆزدە قارىدى. ئۇ ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى بىر يولدا — توغرا يولدا مېڭىشقا ئۈندىدى، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلا جازالىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلدى، ئەمما خرىستىئان مۇخلىسلىرى ئاياللارنىڭ دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتۈشىگە يول قويمىدى، بەزى روھانىيلار ئاياللارنى گۇناھنىڭ مەنبەسى دەپ قارىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام پەيغەمبىرى ئەرەب ئەللىرىدە ئاياللارنىڭ ئورنىنى كۆتۈردى، قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىش ئادەتلىرىگە خاتىمە بېرىپ، ئاياللارغا ئەرلەرگە ئوخشاش باراۋەر ھوقۇق - مەجبۇرىيەت ئاتا قىلدى. پەقەت مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە پەرق سەل ساقلىنىپ قالدى، ئاياللار پەقەت ئەرلەرنىڭ يېرىم ئۈلۈش بىساتىغىلا ۋارىسلىق

قىلالايتتى. ھەق تەلەپ ھوقۇقى جەھەتتە ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىندى. ئاياللار سىياسىي ھوقۇقتىنمۇ بەھرىمەن بولغان دېگۈچىلەرمۇ بار. شۇڭا مۇسۇلمان ئاياللار شەرىئەتچى بولالىغان. تۇنجى ئايال شەرىئەتچى ئىسلام شەرىئىتىنى تۈزگۈچىنىڭ ئايالى ئائىشە ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى چاغدا ئۈممەتلىرىگە: «بۇ ھىمرايىلىقتىن دىنىنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولۇڭلار!» دېگەنىدى.

مەن بۇ يەردە پېترارك بىلەن دانتېنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن. ئۇلار ئاۋۋال بەزى شائىر ـ مۇتەپەككۇرلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئاياللارنىڭ ئوبرازىدىن ئىلھام ئالدى. شېئىرلىرىدا ئاياللارنى قىز دەپ تەسۋىرلەپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە گۈزەللىك بىلىملىرىنى نامايان قىلدى. ئۇلار تۇنجى بولۇپ ئاياللارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى مەدھىيىلەپ، ئەرلەرنىڭ خاتالىقىنى تۈزەتتى.

بىزنىڭ ئارىمىزدا لاۋرا بىلەن بىياتلىھىنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمى پېترارك بىلەن دانتېنىڭ ئىسمىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ ئىككى ئايال جىمى ئاياللار تەلپۈنىدىغان مەبۇدە، ئۇلار دانتېنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە سۆز دۇردانىلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىنى چاقماق كەبى يېرىپ تاشلىغان.

خۇش، ئەمدى شىكىسپىر ئۈستىدە توختىلىمەن. ئۇ چىرايلىق ئاياللارنى كۆپىنچە درامىلىرىدا باش قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلەپ كەلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئىللىق، مېھرىبان ئايال قەھرىمانلار گويا ھاۋايى ـ مۇئەللەقتە تەۋرىنىۋاتقان نۇر ـ زىيالارغا ئوخشايتتى. شىكىسپىر كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەل نەزمىلىرى بىلەن ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئازابلىق، پىداكارانە ھېسسىياتلارنى ئىپادىلىدى. كېنەيىلىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاياللارمۇ شىكىسپىرنىڭ، ئەسەرلىرىدىكى

ئاياللاردەك تەسۋىرلەنگەن. شۈبھىسىزكى بېرلىن، كابۇل، كىرمان ئېسىتىكلاردا باردۇ!

ئۇ چاغلاردىكى جىمى مۇتەپەككۇرلار شېكىسپىر بىلەن كېنەيلىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قوشۇلمىدى. ئەمەلدىمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئاياللارنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئاياللارنى مەسخىرە قىلىشاتتى. ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ تەنە ـ مەسخىرىلىرى ئانچە قاتتىق بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. بوسۋىل «ئېسكوي. مۇن» دېگەن ئەسىرىدە دەۋىرداشلارنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ كەسكىنلىك بىلەن: «ئاياللار ئەرلەرنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسىدىن ئاپىرىدە بولغان، شۇڭا ئۇلار دۆت، لەقۋا كېلىدۇ» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلىدى. ئاللا ساڭا رەھىم قىلسۇن، ئەي بوسۋىل! سەن بېشارەتچى ئەمەس! مەن ئاياللار ئەرلەرنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسىدىن ئاپىرىدە بولغان دېگەن گەپكە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ئەمما ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ يۈرىكى بىلەن ھېسسىياتىدىن ئاپىرىدە قىلىنغانلىقىغا مايىلمەن ۋە ئۇنى ئاشۇ خىيالىي قوۋۇرغىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىمەن. قوۋۇرغا مەسىلىسىگە كەلسەك، قوۋۇرغىنىڭ يېتىم ياكى يېتىم ئەمەسلىكى ئاللا تەرىپىدىن بۇرۇنلا بېكىتىلىپ بولغان ئىش، ئۇنى ئاناتومىيە نۇقتىسىدىن ياكى غەيرى ئاناتومىيە نۇقتىسىدىن ئىسپاتلاش ھاجەتسىز.

خانىملار، بىز بۇنداق قەدىمىي گەپلەرنى ئۇنتۇپ كېتىپ كۆز ئالدىمىزدىكى يېڭى ئەھۋاللارغا نەزەر تاشلايلى. قەد كۆتۈرگەن ئاياللار زېمىن كۆكىدە كۈنسايىن پەرۋاز قىلماقتا، بىر قېتىملىق بۇ ئۇلۇغ گۈللىنىش زور مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى، بۇ، كەلگۈسى ئىستىقبالغا ئىگە مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى بۇرۇنقى تاق جىنسلىق كەمتۈك مەدەنىيەتكە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت پەقەت ئەرلەرنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى بولىدۇ، چۈنكى ئاياللار ئەرلەر بىلەن تەڭ ئۆزلىرىگە تېگىشلىك

بولغان ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى، ئايالالرنىڭ كۈنسايىن كۆچىيىۋاتقان كۆتۈرۈلۈشى تالڭ پەيتىدە كۆتۈرۈلگەن دېڭىز دولقۇنلىرىدەك شىددەتلىك. فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئىتالىيىلەردە ئايالالر قەھرىمانالردەك غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ساپاسىنى ۋە پۈتكۈل ئىنسانالرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. نورۋېگىيە، فىنالندىيە، يېڭى زېالندىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ بەزى شتاتلىرىدا ئايالالر پۈتۈن ھوقۇقىقا ئېرىشتى، ئەرلەر بىلەن ئايالالر ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، سىياسى جەھەتتە تامامەن تەڭ باراۋەر بولدى.

ئاشۇ ئەللەردە قەد كۆتەرگەن ئايالالرنىڭ تەسىرى ئىجابىي ھەم ئۈنۈملۈك بولدى، ئايالالر ئاممىۋى كەسىپلەر بىلەن شۇغۇلالنغاچقا جىنايەت ئۆتكۈزۈش، مەيخورلۇق قىلىش ھادىسىلىرى ئازىيىپ، مىللىي ئەخلاق سەۋىيىسىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلدى، ساغالم تەرەققىيات يولى ئېچىلدى.

مانا بۇالر ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى كەلگۈسىگە باغلىغان يېڭى ئايالالر.

بەزىلەر ئايالالر ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا ۋە ياسىنىشقىال اليىق دېيىشىدۇ، قاراڭالرچۇ، ئايالالر ھازىر يېڭى ئىسالھاتچى ۋە مۇتەپەككۇر بولدى؛ بەزىلەر ئايالالر چىرايلىق ھايۋان، مېھرىبان ئالۋاستى، دېيىشىدۇ، قاراڭالرچۇ، ئايالالر ھازىر ئۇقۇمۇشلۇق پادىشاھ بولدى. ئەرلەرگە شۇنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەككى، تۇرمۇشتا يەنە بىر خىل قىممەتلىك ئامىل كەم بولۇپ قالسا ئۇنداق تۇرمۇش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ؛ بەزىلەر، ئايالالر ھىيلىگەر ئالدامچى، سەمىمىي ـ ساداقەتمەنلىك ئۇالردىن ناھايىتى يىراق دېيىشىدۇ، قاراڭالرچۇ، ئايالالر ھازىر ئۆزىنى تەربىيىلەۋاتىدۇ، قۇللۇق دەۋردىكى كەمتۈكلۈكنى تۈگىتىۋاتىدۇ؛ بەزىلەر ئايالالرنى پەس تائىپە، مۇستەقىل قارىشى يوق، ئۇالردا ئىدىيىمۇ يوق، دېيىشىدۇ، قاراڭالرچۇ، ئايالالر

هازىر جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇۋاتىدۇ، مۇستەقىللىكتە تەۋرەنمەي تۇرۇۋاتىدۇ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھايات سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ. فىلوبېر ئائىلىلارنىڭ ئۆي ـ پىكرى ھەش ـ پەش دېگۈچە غايىب بولىدۇ، ئىلىم ـ پەن مەسىلىسىگە دۇچ كەلسە مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ، دېگەن. قىزىق، بۇ گەپ فىلوبېرنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىققان بولغىيتتى ـ ھە؟ فىلوبېر ئايال دوستى دې. ساتىللىن خانىمنىڭ ياردىمى بىلەنلا نيۇتوننىڭ ئالەم تارتىش قانۇنىنى چۈشەنگەن ئىدى، تەبىئىي پەنلەرنى ۋە ئاساسىي پەنلەرنى تەتقىق قىلغان رابىبە خانقىز، مارى كېۋالىسكىي، كىيورى خانىم قاتارلىق ئون نەچچە ئايال ۋە شۇنىڭدەك ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن ئاياللار ھېلىھەم ئېسىمىزلاردا باردۇ؟ فرانسىيىدە بەش مىليون ئاق كۆڭۈل ئايال ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار ھاياتىنى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سەكپارە قىلىدىغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدىكەن. ئەنگلىيە، ئامېرىكىلاردىمۇ قىرىق نەچچە مىڭ زىيالى ئايال بار ئىكەن. ئىگىلىنىشچە، مىسىردىمۇ بىر مىليونغا يېقىن ئايال ئىجتىمائىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بەزىلەر بىلىم ئايالىلار ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس، بىلىم ئايالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىكنى، كەمتەرلىكىنى ۋە مېھرىبانلىقنى يوق قىلىۋېتىدۇ، بىلىم ئايالىلارنى ھاكاۋۇر، ھېسسىياتسىز، ئائىلىگە كۆيۈنمەيدىغان، ئەرلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان قىلىپ قويىدۇ، دېيىشىدۇ. ھازىر بىز ئايالىلار تەربىيە كۆرىدىغان بولسىلا، تېخىمۇ جەزبىدار، تېخىمۇ مېھرىبان بولىدىغانلىقىنى، ئائىلىنى ۋە ئەرلەرنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتۇق. ئايالىلار ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندى، يەكدىللىق بىلەن ئۆزىنى

ئۆستۈرۈۋاتىدۇ، بىلىمنى ئاشۇرۇۋاتىدۇ، خاسلىقىنى
يېتىلدۈرۈۋاتىدۇ، ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن باشقىلارغا بەخت ـ
سائادەت يارىتىۋاتىدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكى ئاياللارمۇ ئۆز
پەخرىنىڭ ئاساسەن ئاندىن كېلىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ مەنىسىنى
بىلدى. بۇرۇن ئۇلار جىسمانىيەت جەھەتتىكى ئانا بولغان بولسا،
ئەمدى ھازىر روھنىڭ ئانىسى، ھېسسىياتنىڭ ئانىسى،
ئىدىيىنىڭ ئانىسى، ئىرادىنىڭ ئانىسى، ئەڭ يۇكسەك تەربىيىچى
ۋە ئەڭ ئۇلۇغ دوست بولۇشنى نىيەت قىلدى.

بەزىلەر ئاياللارنىڭ ئەقلى يوق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەر
خىل سۆيگۈ ـ شەھۋەت بىلەن تولغان، باللاردەك بىقارار،
دېيىشىدۇ. مەن شۇ تاپتا ئاياللارنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ
يىراقلارغا تىكىلگەنلىكىنى، قەدەملىرىنىڭ پۇختا
تاشلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى
بىلەن يۇغۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم. روسىيىگە قاراپ باقايلىچۇ،
رۇس ئاياللىرىدىن كېلىۋاتقان ئاچچىق ھەسرەت رۇس
ئەرلىرىدىن كېلىۋاتقان ئاچچىق ھەسرەتتىن كۆپ، روسىيىنىڭ
ئىدىيىۋى ئىنقىلابى مۇقەررەر ھالدا سىياسىي بوران ـ چاپقۇننى
يېتىلدۈردى، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر قىزلار ۋەتەن مەنپەئىتى
ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بولغۇسى ئەرلىرىنى، راھەت تۇرمۇشىنى،
گۈزەل ئىستىقبالىنى قۇربان قىلدى، ۋەتەنگە پايدىلىق تۇرلۇك
تەشكىلاتلارغا قاتناشتى.

مۇشۇنداق مالىمان دەۋرلەردە ئاياللارغا تەنبىھ بېرىدىغانلار
كۆپ ساننى ئىگىلىدى، ئاياللارغا مەدەت بېرىدىغانلارمۇ كۆپ.
ئۇلار كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئەڭ يۇكسەك
دەۋران ئوغلانلىرىدۇر. ئۇلار ئاياللارنىڭ تىرىشچانلىقىنى
ھۆرمەتلەيدۇ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ئېتىراپ
قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىدەك دەرىجىدە
ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئاياللارنىڭ

باتۇرلىقىغا، قەتئىيلىكىگە تەھسىن ـ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ئاياللارنىڭ جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىشىدىن ئۇلارنىڭ بالايىئاپەتلەرنى ئازايتىپ، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق يېڭى، ئۇنۇملۇك كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ۋىكتور ھيوگو، ئاياللارنى ئازاد قىلغاندىلا ئاندىن زور ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن ئەمەسمىدى. شۇنداق بولغاندا دۇنيا ئۇرۇشنى يوقىتىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

بەزىلەر 21 ـ ئەسىر ئاياللارنىڭ ئەسىرى بولىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ ناھايىتى توغرا دېيىلگەن گەپ. دۇنيانىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدە، مەيلى يىراق جۇڭگو، ياپونىيە، تۈركىيىدە بولسۇن، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان ئاياللار نۇرلۇق ھايات ئالدىدا تۇرماقتا.

مەن ھايات گۈلخانلىرىنىڭ مىسىردا جۇلالىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قەلىمى، ئاغزى، ھەرىكىتى بىلەن ئاياللارغا مەدەت بەرمەكتە، ئاياللار مەسىلىسىنىڭ ئەرلەرنىڭ چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە.

شۇنداق، مىسىردىكى ئاياللارنى ئازابلايدىغان دەۋر كىشەنلىرى چېقىپ تاشلانغان. بىز بۈگۈن نۇرلۇق كەلگۈسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، ھايات ئۇچقۇنلىرىمىز چاقنىدى. ئۇنداق بولمىسا مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يەنە نېمە دەپ تۇرىمەن؟ سىلەر نېمە دەپ ماڭا مەدەت بېرىسىلەر، گېپىمگە قۇلاق سالىسىلەر، مەن توغرۇلۇق ئەستايىدىل ئويلىنىسىلەر؟ مەن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن نىدا قىلىمەن، چۈنكى ئاياللار ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە سۈكۈت ئىلكىدە تۇرۇپ كەتتى. سىلەر مېنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىمنى خۇددى ئالەم بىنا بولغان چاغلاردا پىتراپ كېتىپ تايانچىسىز قالغان ئەرلەرگە ئوخشاش كۆڭۈل

قويۇپ ئاڭلىدىڭلار، باشقىلارنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قېلىپ قارشى تۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدىغان بۇ زەئىپ ئاۋازنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدىڭلار. شۇ تاپتا بۇ سادا يىراقلاردىن، زۇلمەتلىك جاھاننىڭ ئەڭ تېرەن جايلىرىدىن كۆچىيىپ چىقىۋاتىدۇ! ئاجايىپ مەۋجۇدادلار يارىتىلغان ئۇزاق ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن، قەبرە - مەقبەرىلەردىن، دېڭىز - ئوكيانلاردىن، ھاياتنىڭ جىمى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن: ئەي ئەر، سەن مېنى بويسۇندۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن مەن ئىززەت ھۆرمىتىمنى يوقاتتىم! ئەركىنلىككە ئېرىشەي دېسەڭ مېنى ئازاد قىل! پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئۇزۇل - كېسىل ئازاد قىلاي دېسەڭ مېنى ئازاد قىل! دېگەن نالەشلەر چىقماقتا.

# تېتىقسىز پېرسوناژ

## مېھىر زىيادە (لىۋان)

ئۇ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن ئادەمنى مەست قىلغۇدەك خۇش پۇراق بىر ئولتۇرغان ئۆينى بىر ئالدى. ئىززىمىر دوكتورنىڭ خانىمى جىجى ناز بىلەن ئالدىمىزغا كېلىپ بىزگە سالام قىلغاندىن كېيىن زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئولتۇردى. ھەممەيلەن نەزىرىنى ئۇنىڭ ئاپئاق چېھرىگە، يۇمران ئۇچىگە، ئەۋرىشىم بويىغا، ئالتۇن چاچلىرىغا، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئاسمانغا قاراپ تۇرغان پىستە بۇرنىغا، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن مىلرەڭ كۆزلىرىگە ئاغدۇرۇشتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى ئالتۇن چاچلىرىنىڭ سايە تاشلىشى بىلەن تېخىمۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ساتىراش ئۇستام بۇ چاچنى كۆڭۈل قويۇپ ياسىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەددىدىن زىيادە بويىۋېتىلگەنلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

جىجى ئىللىق تەلەپپۇز بىلەن ھاۋا رايى، خىزمەتكار، ماگىزىنلاردىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر ۋە شىددەت بىلەن باھاسى چۇشۇرۇلگەن ماللار توغرىسىدا سۆزلىدى. ئېرى بىر چەتتە قايىل بولۇش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ دەيدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولغاندىن كېيىن بىردەم جىم بولۇپ قالدى. كېيىن بىردىنلا نەزىرىنى ماڭا «يالت» قىلىپ ئاغدۇردى ۋە مېنى تونىغاندىن كېيىن:

— مەن سىزنى ئەيىبلەيمەن، — دېدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ رايىغا بېرىپ، —

ئەيىبلەش ماڭا كۆڭلىڭىز بارلىقىدىن ياكى ماڭا باھا بېرىدىغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. نېمە بولۇشىدىن بىنەزەر، مەن ئەيىبلەش پەيدا قىلغان جىمى سەۋەبلەرنى تۈگىتىشنى خالايمەن.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، سىز بىلەن يەنە كۆرۈشۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— نېمە! يەنە بىرەر مەخپىيەتلىك بارمۇ؟ — دېدىم مەن چاقچاق ئارىلاش.

— مەخپىي ئىشقۇ يوق، ئەمما مەسىلىنى بۇنداق ئاددىي مۇھاكىمە قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، — دېدى ئۇ تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن.

بىز كېلىشكىنىمىز بويىچە بىزنىڭ ئۆيدە كۆرۈشتۇق.

— مېنى تونىمىدىڭىزمۇ؟ مەن جىجى بولىمەن.

— توغرا، مەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغان.

— ئەمما سىزنىڭ دائىرىڭىزدە، ئەدەبىيات ساھايىڭىزدە جىجى دېگەن بۇ ئىسىمنى ئەسلىيەلمەمسىز؟

مەن دىلىغۇل بولۇپ قالدىم. جىجى دېگەن بۇ ئايال زادى كىمدۇ؟ دەپ ئويلىنىپ كەتتىم، ئۇ يازغۇچىمىدۇ ياكى شۇنداق. . . شۇنداق. . . بىرەر ئەسەردىكى پېرسوناژمىدۇ يا؟ دېگەندەك قالايمىقان پەرەزلەردە بولدۇم. ئەمما ئىش مەن ئويلىغاندەك بولۇشى ناتايىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ:

— توغرا، ھېلىقى ئەسەردىكى باش پېرسوناژ. . . — دېدىم.

— توغرا، F خانىمنىڭ ئەسىرىدىكى باش پېرسوناژ. ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىر قېتىملىق ئامىمۋى سۆھبەتتە سىز ئۇ ئەسەرنى تەنقىد قىلغان. مەن خىجىل بولۇشتىن، يات ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن قورقمىغان بولسام، شۇ قېتىمقى سۆھبەتكە

قاتناشقىم بار ئىدى، يازغۇچىلى دوستۇممۇ ماڭا سۆھبەتكە قاتناشقىن دەپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇ سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، سىزنىڭ ئۇنى ياخشى تەرىپلەيدىغانلىقىڭىزغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ئەمما مەن شۇ قېتىمقى سۆھبەتكە يەنىلا قاتناشمىدىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى مەن ئۇنى كۆردۈم، ئۇ ناھايىتى بىئارام بوپكەتكەنىدى، سىزدىن بەك خاپا بولغان. سىز ئۇنىڭغا ماڭا رەھىمسىزلىك قىلغاندەك رەھىمسىزلىك قىپسىز. سىز باش پېرسوناژنى تېتىقسىز، دەپ تەنقىدلەپسىز، يەنە تېخى مۇھەببەت ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇ ئەسلىدىنلا تېتىقسىز بولغاچقا، ئۆزىگە ئۆزى بەختسىزلىك تېپىۋالغان، دەپسىز. مېنى تېتىقسىز دېگەنلىكىڭىزدىن قاتتىق كۆڭلۈم ئاغرىدى. بىز سىزگە يەتمىسەكمۇ، لېكىن بىز سىز تەنقىدلىگەندەك ئۇنداق تېتىقسىز ئاياللاردىن ئەمەس.

— كەچۈرسىز، مەنمۇ تايىنلىق بىر ئادەم، مەن دېگەن گەپلىرىمدىن ئەپسۇسلانمايمەن؛ ئەمما ئاشۇ يازغۇچى دوستىڭىزنىڭ سىزنىڭ ھەقىقى خىسلىتىڭىزنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكىدىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ ئەجەبا، ئۇ ئەيىبلەنمەمدىكەن؟

— يوقسۇ، مەن خۇددى دوستۇم تەسۋىرلىگەندەك ئادەممەن. مەن سىز بىلەن پەقەت «تېتىقسىز» دېگەن مەسىلە ئۈستىدىلا پاراڭلاشماقچىمەن. سىزنىڭ تېتىقسىز دېگىنىڭىز زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ سىزنىڭچە قانداق ئاياللار تېتىقسىز بولىدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن مەن ئوڭايسىزلىنىشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئۆزۈمگە ئىشەنگەن ھالدا:

— ئۆزىنىڭ ياشاش مەقسىتىنى بىلمەيدىغان ھەرقانداق بىر ئايال تېتىقسىز بولىدۇ. ئۆز مەنپەئىتىنىلا ئويلايدىغان ھەرقانداق بىر ئايال ھېنىڭ ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ نەزەرىدە تامامەن تېتىقسىز. مەن ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشقا تۆھپە قوشمايدىغان،

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلمىگەن، جەمئىيەت خاتا يولغا كىرىپ قالغان ياكى پالەچ هالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، بۇنىڭغا قارشى تۇرمىغان ئاياللارنى تېتىقسىز دەپ قارايمەن. هەر قانداق بىر . . .

— بولدى بەس، دوكتور خانىم، — دەپ سۆزۈمنىڭ بىلىگە تەپتى ئۇ، — مەن سىزنىڭ دوكلاتىڭىزنى ئاڭلىغىلى ئەمەس، ئۆزۈمنى ئاقلىغىلى كەلدىم. دوكلاتلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق. ئېيتىڭا، شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟

— مەرهەمەت!

— مەن، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن هەقىقەتەن ئەسەردىكىدەك، تۇرمۇشۇمدىكىگە ئوخشاش بىر چىرايلىق ئايالمەن. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئەركە چوڭ بولدۇم. بۇندىن خېلى بۇرۇنلا مېنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا يۈرگەن تالاي ئادەملەر ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. ئۆيدىكىلەر مېنى كاتتا بىر بايغا ياتلىق قىلماقچى بولدى، دەسلەپتە قارشى تۇردۇم، كېيىن ماقۇل بولۇپ چاي ئىچتىم. تويدىن ئىلگىرى باشقا بىر ئەر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم، ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدىكى بىر قىز دوستۇمنىڭ ئېرى ئىدى. مەن ئۇنى، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. مەن ئۇنىڭ مۇهەببىتىنى رەت قىلىۋەتتىم، ئەمما بولغۇسى ئېرىمنىڭ يېنىغا قايتا بارالمىدىم. بۇ تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان بىر خىل ساداقەتمەنلىك بولسا كېرەك، شۇنداقمۇ؟ ئۇ چاغلاردا مېنىڭ هەقىقىي توي قىلىش نىيىتىم بولمىغاچقا، ئۇ قىز دوستۇم بىلەن ئۇنىڭ ئېرىدىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم، كېيىن ئۈچىنچى بىر ئەرگە ياتلىق بولدۇم. مەن ناهايىتى ئارىسالدىلىق ئىچىدە ياشىدىم، تۇرمۇشۇممۇ ئانچە بەختلىك بولمىدى. مەن ئۆزۈمنى قانداق قىلىپ بەختلىك قىلالايدىغانلىقىمنى، شۇنداقلا قانداق نەرسىنىڭ مېنى بەختسىز قىلىپ قويغانلىقىنى بىلمەيتتىم. قىز

دوستۇمنىڭ ئېرى بىلەن بولغان مۇھەببىتىم ئاجىزلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش تۈگىدى. مەن ئۇ ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىلەن كۆرۈشتۈم. ئەمما بۇ ئىش تۇنجى مۇھەببەت ھاياتىمدا بوشلۇق پەيدا قىلىپ قويدى...

— سىزنىڭ ئۇ يازغۇچى دوستىڭىز، — دەپ يەنە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدۈم مەن، — ئۇ ئەرنىڭ ئايالى ئەمەستۇ؟

— ياق، ياق.

— ئۇ سىزنى ئۈچىنچى بىرى بىلەن توي قىلسا، شۇ كىشى بىلەن بىللە ياشاپ بەختىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئىللىق ماكانغا ئېرىشىپ پەرزەنتمۇ كۆرىدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان، — دەپ سۆزۈمنى داۋام قىلدىم مەن، — كېيىن بۇ دوستىڭىز — ئاللا ئۇنى كەچۈرگەي — تېتىقسىز، بىمەنە، سۇنئىي تەسۋىرلەر ئارقىلىق سىزنى باشقا بىر دوستىڭىزنىڭ ئېرىنىڭ مۇھەببەت تورىغا تاشلىۋەتكەن، پېرسوناژنى چوڭقۇر تەتقىق قىلمىغان ھەم ھەرقانداق بىر ھېسسىيات ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزگەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا مەندە يەنە نېمە سەۋەنلىك بولسۇن؟ مەن شۇ قېتىملىق سۆھبەتتە دېگەن گەپلىرىمنى تەكرارلايمەن، ۋە شۇ قارىشىمدا چىڭ تۇرىمەن. دېمەك، تۇرمۇشىڭىزدىكى بۇ بوشلۇق سىزنىڭ ھەقىقىي پاجىئەيىڭىزدۇر. راستىنى ئېيتسام، بۇ مېنىڭ قارىشىم. سىزگە ئوخشاش ئايال كىشىلەردە زوق - ھەۋەس پەيدا قىلالمايدۇ، چۈنكى تۇرمۇشتىكى بوشلۇق سىزگە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، سىزنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزدىكى بوشلۇق دەل ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭىزدىكى قورقۇنچ، غېرىبلىق ۋە روھىي بوشلۇقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇ گويا كىچىك چاغلىرىمىزدا بىزگە قورقۇنچ سېلىپ تۇرىدىغان جىن - شاياتۇنلار بىلەن تولغان خارابىلىقتا ئوخشايدۇ، بۇ خارابىلىقتا ئادەملەر كېلىپ ماكانلاشسا، بۇ يەردە ئەمگەك سادالىرى ۋە كىشىلەرنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرى ئاڭلانسا

جىن - شاياتۇنلار خارابىلىقتا يېقىنلىشالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن خارابىلىق غېرىبانە، قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايدۇ.

بۇ ئايالنىڭ سالۋاراپ كەتكەن ئالتۇن چاچلىرى بېشىنى ئىرغىتىشىغا ئەگىشىپ، ئاھۇ كۆزلىرىدىنمۇ بەكرەك سېھىرلىك تۇسكە كىردى.

— مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن مۇشۇنداق مۇھىتتا تۇغۇلۇپ ياشىغاچقا مۇشۇ مۇھىتقا ئادەتلىنىپ قالدىم. مەن خەلىپە دەۋرىدىكى گۈزەل كېنىزەكلەردەك ئۆز تەقدىرىمنى ئۆز قولۇمدا تۇتالمىدىم، — دېدى ئۇ.

— شۇنداقتىمۇ كېنىزەكلەرمۇ سىزدەك گەپ قىلمايدۇ، ئايىم قىز! — دېدىم مەن كەسكىن تەلەپپۇزدا، — ئۇ كېنىزەكلەر سىزدەك ئىنتايىن چىرايلىق بولسىمۇ، ئۇلار دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل جامالى بىلەن ئەمەس بەلكى ئارزۇ-ئارمانلىرى، غايىلىرى، ئەقىل - پاراستى، ئىگىلىگەن بىلىمى ۋە قابىلىيىتى بىلەن تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ مول بىلىمى بولغانلىقتىن كىشىلەر ئارىسىدا قەدىر - قىممىتى يېتەرلىك ئاشقان.

قىزنىڭ كۆزلىرىدىن دىلغۇللۇق ياشلىرى قۇيۇلدى. ئۇ تەن بەرمىگەن ھالدا:

— سىز بەك رەھىمسىز ئىكەنسىز، ئەجەبا، ئايالالارنىڭ ھاياتىدىكى مۇھەببەت تېتىقسىز نەرسىمۇ؟ — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن قىزغا ھاياجانغا تولغان ئىللىق تەلەپپۇزدا:

— دوستۇم، سىزنى شۇنداق دەپ ئاتىشىمغا ئىجازەت قىلغايسىز. جاھاندا تۈرلۈك مۇھەببەت بولىدۇ. سىزنىڭ ئەسەردىكى قوغلاشقان مۇھەببىتىڭىزگە كەلسەك، سىز پەقەت بىر ئەرگە ئېرىشمەكچى بولغان، ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇش، ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىنى قوزغاش سىزنىڭ

مەقسىتىڭىز، بۇنداق مۇھەببەت بىر خىل كەسىپتىن، سودا خاراكتېرىنى ئالغان بىر خىل چاكىنا تۇرمۇش ۋاستىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چىن مۇھەببەت دېگەن كۆپ يىللىق تىنچ تۇرمۇش تۇپرىقىدا ئۆسۈپ ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان دەرەخ، ساپ ھاۋادا ئەي بولۇپ، زېمىنگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان دەرەخ، ئۇنىڭ ئورنى تۇرمۇش قوينىدىلا جارى قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ يۇكىنى مۇقەددەس دەپ بىلىدۇ... — دېدىم.

— يەنە دوكلات بەرگىلى تۇردىڭىزغۇ، ئاھ پەرۋەردىگار! بولدى، ئەسەردىكى مەنىنى قۇرۇق خىياللار قوينىدا سەيلە قىلدۇرماي، يېنىمغا قايتىپ كېلىڭ. مەن بۇ بوشلۇقتىن قانداق قىلسام قۇتۇلارمەن دېسەم، سىز ماڭا «خىزمەت قىلىڭ!» دەرسىز. ئەمما ماڭا ئوخشاش قىزلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا خىزمەتتىن تەلتۆكۈس چىققانمىدى؟ مەن خىزمەتكە قانداقمۇ ماسلىشالايمەن، ماڭا لايىق قانداق خىزمەت بار؟

— ھەر قانداق ياخشى خىزمەتلەر بار.

— مەن مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن بىرەر كارخانا ياكى ئورگانغا كىرسەم قانداق بولار؟

— چېچىڭىزنى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈۋېلىڭ، ئۇستىۋاشلىرىڭىزغا ئەمدى ئەتىر چاچماڭ، مودا كۆڭلەكلەرنى كىيمەڭ. ئەتراپىڭىزدىكى تۇرمۇش مۇھىتى ناھايىتى كەسكىن تۇرسا، سىز يەنە نېمىشقا ئەستايىدىل بولمايسىز؟ كەسكىن تۇرمۇش قىيانلىرى سىزنى ئېقىتىپ كېتىدۇ.

— قەيەرگە ئېقىتىپ كېتەر؟ — دېدى قىز قورقۇپ كەتكەن تەرىزدە.

— بىلمەيمەن.

— بالىڭىز بارمۇ؟

— بىر ئوغلۇم بار.

— ئۇ قەيەردە؟

— مومىسىنىڭ قېشىدا، مومىسى ئۇنىڭغا مەندىنمۇ بەك كۆيىدۇ، ئوغلۇم ئىنچىل مومىسى بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئوغلۇم بىز بىلەن بىرگە تۇرمىغان بولسىمۇ، بەزىدە بىزنى يوقلاپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ئېرىم بەك رازى، چۈنكى ئوغلۇم مومىسى بىلەن بىرگە تۇرسا بىز ئارام ئالالايدىكەنمىز، سىرتلارغا چىقىپ سەيلە - تاماشا قىلىشقا ۋاقىتىمۇ چىقىدىكەن...

— قالتىس بوپتۇ، سىز ئانا بولغان ئايالمۇ، خانىم؟

— ئەلۋەتتە ئانا بولغانمەن، شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ مومىسى ئوغلۇمغا مەندىن بەك كۆيمەمدىكەن؟

— بالا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك مېھرىبانلىق قىلىشىغا، سىزدىنمۇ كۆيۈمچان ئادەمگە ئېرىشىشكە موھتاج ئەمەس، بەلكى سىزگە، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە موھتاج، ئۇقتىڭىزمۇ؟ — ئۇ ئورۇندۇقتا تەشۋىشلەنگەندەك، ئورنىدىن «دىككىدە» تۇرۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئولتۇراتتى. ئەمما، مەن خۇددى ئۇ دېگەندەك ئۇنىڭغا دوكلات بېرىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم.

— سىز ئۆزىڭىزگە مەندىنمۇ بەك رەھىمسىز ئىكەنسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — سىز يۈكسەك ۋە قىممەتلىك ئىش، ئەمەللىرىڭىز بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قورقۇنچلۇق بوشلۇقنى تولدۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى، ئەمما بىردىنبىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدىڭىز. ئۇ پۇرسەت سىزنى تېتىقسىزلىقتىن، بىمەنىلىكتىن يۈكسەكلىككە كۆتۈرەتتى. ياراتقان ئىگىسى سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئانىلارنى مېھرىبان بولۇشقا ئۈندىگەن، ئانىلىق مېھرىنى ئاتا قىلغان تۇرۇقلۇق سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىڭىزگە توغرا باھا بېرەلمەپسىز. ئانا مېھرى بۇرۇن خەلپىلەرنىڭ دېدەك - كېنىزەكلىرىنى ئازاد قىلغان، ئەمما سىز ئانا بولسىڭىزمۇ،

داۋاملىق، دېدەك بولۇشنى ئىختىيار ئەيلەپسىز. دوستۇم، مەن سىزنى يېقىندا يازماقچى بولغان «تېتىقسىز ئادەم بولىمەن» ناملىق يېڭى ئەسىرىمدە باش پېرسوناژ قىلىپ، F خانىمدىنمۇ بەكرەك سادىقلىق بىلەن تەسۋىرلەيمەن!

ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن خوشلاشتى ۋە پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرايلى دېدى. چۈنكى ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئۇنىڭغا گەپلىرىم قاتتىق كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆز قاراشلىرىمغا بەك قىزىقىپ قالدى، مېنىڭ سەمىمىي ئىكەنلىكىمنىمۇ ھېس قىلدى.

بىر ھەپتە، بىر ئاي، بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بوشلۇقنىڭ، تېتىقسىزلىقنىڭ پاجىئەلىرىگە، ئازابلاشلىرىغا چىداپ كېلىۋاتقان بۇ گۈزەل باش پېرسوناژ تەسەۋۋۇر ئالىمىمدە قايتا پەيدا بولمىدى. بىراق ئۇنىڭ سىياقى ھەمىشە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ: «ماڭا ئۇۋال بولدى، سىز بەك رەھىمسىزلىك قىلدىڭىز» دەپ پەرياد سېلىۋاتقان قىياپىتىنى غايىبانە كۆردۈم. يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ يېرىم يالىڭاچ ھالدا تۆشەك ئۈستىدە يىلاندەك تولغىنىپ ياتقانلىقىنى خىيالەن ھېس قىلدىم. ئۈچىنچى قېتىم ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقى، چىرايلىق بىر بالىنىڭ ھاسىراپ ھۆمىدىگىنىچە ئۇنىڭدىن قوغلاۋاتقانلىقى كۆز كۆڭۈل كۆزىمدىن ئۆتكەندەك بولدى.

خىيالىمدا جىجى بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۆيۈمگە ئۇسۇپ كىرىپ كەلدى، ئۇ چاغدا مەن ئېرىم، بالام بىلەن بىرگە ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ بويىدىن گۈپۈلدەپ ئەتىر ھىدى كېلەتتى، مەن ئۇنى تۆتىنچى قېتىم ئەنە شۇ سىياقتا كۆردۈم، تېخى ئۇنىڭ: «مەن سىزگە ماڭا ئۇۋال بولغانلىقىنى، سىزنىڭ رەھىمسىزلىكىڭىزنى، پاجىئەلىرىمنىڭ بوشلۇق ھەم تېتىقسىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن كەلدىم» دەۋاتقانلىقىنى

ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

مەن ئەسلىدە ئۇنىڭدىن: «سىزنىڭ پاجىئەلىرىڭىز نېمە؟» دەپ سورىماقچى بولدۇمىيۇ، ئۇنىڭ ئالدىمدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئەتراپىمدىكىلەردىن:

— ھېلىقى چىرايلىق ئالتۇن چاچلىق خانىم قېنى؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇلار گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن قايتا - قايتا سورىۋىدىم، ئۇلار كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قايسى خانىمنى دەيسىز؟ بۇ يەردە باشقا ئادەم يوق، بايا بىز پاراڭلاشتۇق. سىز گېزىت كۆردىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— ئۇ بايا مۇشۇ يەردە بار ئىدى. ئۇ جەزمەن مۇشۇ يەردە بار، — دېدىم.

ئۇلار مېنى رەھمسىزلىك بىلەن مەسخىرە قىلىشقىنىچە قاتتىق كۈلۈپ كېتىشتى.

# قوزام

## ئىرفات ئەدىلبى (سۇرىيە)

*ئىرفات ئەدىلبى (1912 —— ) سۇرىيىلىك ئايال يازغۇچى، ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسكارى، «سام خانىم» دېگەن گۈزەل نام بىلەن مەشھۇر. دەمەشقتىكى بىر مۆتىۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بوۋىسى سۇرىيىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا يېزىقچىلىققا ئىشتىياق باغلاپ، 50 - يىللاردىن باشلاپ ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مىللەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە، رايونلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە باي، دراماتىكىلىقى كۈچلۈك، سىنارىيەلەشتۈرۈشكە قولايلىق. ھېكايىلەر توپلاملىرىدىن «دەمەشىق ھەققىدە ھېكايە» «خەيرى - خوش، دەمەشىق» «ئالۋاستىلار كۈلۈۋاتىدۇ» «ياش تۆكۈلگەن دەۋرلەر» رومانىدىن «بوۋامنىڭ ھېكايىسى» بار.*

تېخى كۈن چىقمىغانىدى، جىددىي جىرىڭلىغان تېلېفون ئاۋازى مېنى چۈش ئىلكىدىن ئويغىتىۋەتتى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ تېلېفوننى ئالدىم. شۇ ئەسنادا كاللامدىن بۇ قارا ئەبلەخ ئەتىگەندە نېمە شۇم خەۋەر يەتكۈزەر؟! دېگەن قورقۇنچلىق بىر ئوي يالت قىلىپ ئۆتتى. تېلېفون شۇ تاپتا كۆزۈمگە قاباھەتلىك بىر نەرسىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۆزۈممۇ سەسكىنىپ كەتتىم. تىترىگەن قولۇم بىلەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قۇلىقىم يېنىغا ئەكەلدىم. تۇرۇپكىدىن قارشى تەرەپنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن:

—— دەرھال بۇ يەرگە كەلسىڭىز، ئۆتۈنۈپ قالاي، بىز قىيىن بىر مەسىلىگە يولۇقۇپ قالدۇق، بۇنى تېلېفوندا ئېنىق دېگىلى

بولمايدۇ، ــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
قارشى تەرەپ سالام - سەھەت قىلمايلا تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى. بۇنىڭدىن قارشى تەرەپنىڭ قانچىلىك ئالاقزادە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. مەن ئۇ گەپلەردىن تېلېفوننى كىم ئۈزۈۋەتكەنلىكىنى بىلدىم، ئۇ مېنىڭ بىر تۇغقىنىم ئىدى. ئۇنىڭ سىڭلىسى تېخى توي قىلمىغان قېرى قىز ئىدى، ئۇلار يىراق بىر يەردە تۇراتتى، ھەمىشە مەندىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى. مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويغاچ كۆڭلۈمدە، بۇ ئەتىگەندە ئۇ ھەدە - سىڭىل ئىككىيلەننىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز قانداق قورقۇنچلۇق ئىش كەلگەندۇ؟ دەپ ئويلىدىم.
شۇنى تەن ئالىمەنكى، ئۇ ھەدە - سىڭىل ئىككىيلەننى يوقلاپ بېرىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ مەن ھەر ھەپتىدە بارمىسام بولمايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاپىسى كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇشۇمنى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمنى ماڭا تاپىلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاپىسى مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى، قېلىن ئۇلپەتچىلىكىمىز بار ئىدى. شۇڭا بۇ باش ئاغرىتىدىغان بىر ئىش ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنە ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ماقۇل بولدۇم، چۈنكى ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان بىر ئادەمنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنى رەت قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ - دە.
ھەدىسى قىز ۋاقتىدا ناھايىتى چىرايلىق قىز ئىدى، ئەقىل - پاراسەتتىمۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۇ چىرايلىق بىر يىگىت بىلەن چاي ئىچىشكەنىدى، ئۇلار بىر - بىرىگە سەمىمىي ھەم ئامراق ئىدى. ئەمما، توي قىلىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى يىگىت ماشىنا ۋەقەسى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىز قاتتىق ھەسرەت چېكىپ كەم سۆز بولۇپ قالدى. كېيىن توي قىلايلى دەپ نۇرغۇن يىگىتلەر كەينى - كەينىدىن تەلەپ قىلغان بولسىمۇ توي قىلىشنى رەت قىلدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنى قىيناۋاتقان ئاچچىق ھەسرەتنىڭ ئورنىنى ئېغىر خامۇشلۇق كېسىلى ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ نۇرغۇن دوختۇرغا كۆرۈنگەن بولسىمۇ مەنپەئەتى بولمىدى. قارىغاندا، بۇ كېسەلگە داۋا يوقتەك قىلاتتى. ئۇ كېسەلدىن ئۆرە بولالمىدى، كارىۋات يېنىغا قويۇلغان ئۇزۇنچاق شىرەگە تۈرلۈك دورىلارنى قويۇۋالاتتى، مەيلى كىم كەلسۇن، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن كېسەل تارتقانلىقىنى، قايسى - قايسى دوختۇرلارغا كۆرۈنگەنلىكىنى، دوختۇرلارنىڭ قانداق دىئاگنوز قويغانلىقىنى سۆزلەپ كېتەتتى. شىرەدىكى دورىلارنى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگۈچىلەرگە بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ، بۇ دورىلارنىڭ قانچىلىك قىممەتلىكىنى، قانداق ئىچكەنلىكىنى، دورىلارنىڭ ئۈنۈمى بولمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇنداق بايانلار تەكرار - تەكرار سۆزلىنەتتى، سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭ گېپى ئۇزىراپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېقىن دوست - ئاغىنىلىرى، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى ئۇنىڭ بايانىدىن زېرىكىپ يېنىغا كەلمەس بولۇپ قالدى. بەزىدە سىڭلىسى مېھمانلارغا قەھۋە دەملەش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا سىڭلىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلاتتى. بولۇپمۇ خىزمەتكار ئاياللار ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلىقىغا ۋە خورلىشىغا چىدىماي قېچىپ كەتكەندىن كېيىن سىڭلىسىدىن تېخىمۇ نارازى بولۇپ، ھەمىشە:

— مەندەك بىر بىچارە كېسەلمەن بەندە سىڭلىمنىڭ بۇنداق ئوسال مىجەزىگە قانداق چىداپ تۇرىمەن؟ مەن كېسەل ياتسام ئۇ مەندىن بىرەر ئېغىزمۇ ھال - ئەھۋال سوراپ قويمايدۇ! ۋارقىراپ - جارقىرىساممۇ ماڭا جاۋاب بەرمەيدۇ، ساڭا نېمە لازىم، دەپ مەندىن سوراپمۇ قويمايدۇ. مەن پەقەت ئۇنىڭدىن رەھىم - شەپقەت كۈتەتتىم، ئەمما ئۇ يېنىمغا كەمدىن - كەم

كېلىدۇ. سىڭلىمدەك بۇنداق غەلىتە قىز بار ئۆيگە ھېچقانداق خىزمەتكار ئايال كەلگىلى ئۇنىمايدىكەن، — دەيتتى.

توغرا، ئۇلارنىڭ ئاپىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن سىڭلىسىمۇ غەمكىن بولۇپ قالغانىدى. دەسلەپتە ئۇ ئۆيلەرنى يىغىشتۇرغاندا چېچىلىپ كېتەتتى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ خاپىخان بولۇپ كەتكەن بۇ قىز ئەمدى نېرۋا كېسەللى بولۇپ قالغانىدى. ئەسلىدە ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە خىزمەتكار ئايال بىلەن بىرگە ئۆي يىغىشتۇراتتى. ئورنىدىن تۇرۇش بىلەنلا ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. ھۇرۇنلۇقنى ئەسلا بىلمەيتتى. تاكى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندىلا ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ ئارام ئالاتتى. ئۇ چاغدا ھەدىسى دائىم مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

— سىڭلىمنىڭ ئايرىلالمايدىغان ئۈچ ھەمراھى بار، ئۇ بولسىمۇ دەسمال، پەي قاققۇچ ۋە سۈپۈرگە، — دەيتتى.

ئۇنىڭ نېرۋىسى يوقلاپ كەلگەن ئادەملەرنى بىزار قىلىدىغان دەرىجىدە بۇزۇلدى. مېھمان كەلسە، كەلگەن مېھماننىڭ ھەر بىر ئىش - ھەرىكىتىگە نەزەر سېلىپ، ھازىرلا قوغلىۋېتىدىغان ئەلپازدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۇتتەك تۇرۇۋالاتتى. مېھمان ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن تەڭ مېھمان ئولتۇرغان جاينى پەي قاققۇچ بىلەن قېقىشتۇراتتى، مېھمان دەسسىگەن يەرنى دەسمال بىلەن سۈرتەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ھەر قانچە سەۋرچان، كەڭ قورساق خىزمەتكارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ كېتەلمەيتتى. سىڭلىسى تۇغۇلۇشىدىنلا ئامەتسىز ئىدى. ھەدىسى ئۇنىڭدىن چىرايلىق، زېرەك ئىدى، تەقدىر ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزى بىلەن قارىدى، سىڭلىسىغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى، ئۇنىڭغا چاي ئىچۈرۈلۈپتۇ دېگەن گەپنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. مەن ھەر قېتىم ئۇلارنى يوقلاپ بېرىپ خوشلىشىدىغان چاغدا ئۇ مېنى ئۆزىتىپ سىرتقا چىققاچ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، ماڭا كېسەلمەن

ھەدىسىنىڭ ئۆزىگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق دادلاپ بېرەتتى ھەم قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ھەدىسىنىڭ ھېچقانداق كېسلى يوقلۇقىنى، ئىنتايىن ساغلام ئىكەنلىكىنى، شەخسىيەتچى، ھۇرۇن بولغاچقا، كېسەلمەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ھېچقانداق ئىش قىلماي كۈن بويى تۆشەكتە ياتىدىغانلىقىنى، ئۆز ھالىدىن تامامەن ئۆزى خەۋەر ئالالايدىغان تۇرۇقلۇق، ئۆزىگە تايىنىۋالغانلىقىنى دەيتتى. ئۇ كۈن بويى ئىش بىلەن بەنت بولاتتى، شۇڭا ھەدىسىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بەزىدە ئۇ قار - يامغۇر يېغىلىغىنىچە ھەل قىلىش چارىسى تېپىپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلاتتى، ئەمما مەندە نېمە چارە بار دەيسىز؟

مەن ھەر قېتىم ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ ئۆيدىن چىققىنىمدا چوڭقۇر بىر نەپەسلىنىپ يەلكەمدىن ئېغىر بىر نەرسىنى ئېلىپ تاشلىغاندەك خېلى يېنىكلەپ قالاتتىم، ئۇلارنى كېلەر قېتىم يەنە يوقلاپ بارىدىغان ئىش خىيالىمغا كەلسىلا يەلكەمگە يەنە ئېغىر يۈك چۈشكەندەك بولۇپ قالاتتىم، بۇ گېپىمدە قىلچە مۇبالىغە يوق.

بىر كۈنى، مەن ئۇ ئىككىيلەننى يوقلاپ چىقىپ، ئالدىمغا بىر نەچچە قەدەم ماڭا - ماڭماي، چىراي شەكلى جايىدا، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل بىر قىز ئالدىمغا كېلىپ، خىجىل بولغىنىچە مەندىن قايسى ئائىلە خىزمەتكارغا موھتاج دەپ سورىدى ۋە ئەڭ ياخشىسى، ئەر كىشى يوق ئائىلىدە ئىشلىسەم دېگەن شەرتىنى قويدى.

مەن قىزنىڭ بۇ تەلىپىدىن ھەيران قېلىپ، بۇ قىزنى ئەرلەر بوزەك قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇنىڭغا ئوخشاش قىزلارنىڭ تولىسى مۇشۇنداق كەچۈرمىشلەرگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ قىزنى دەرھال ئۇ تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردىم. قىز ئۇ ھەدە - سىڭىل ئىككىيلەننىڭ تۇرلۇك

شەرت ـ تەلەپلىرىگە شەرتسىز ماقۇل بولدى، خۇددى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ھىمايىچى تاپقاندەك ئۇ قىزنىڭ چىرايىدا ئەمىنلىك، رازىمەنلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. مەن بۇ ھالنى كۆرۈپ قىزغا ئىچىم ئاغرىپ ۋىجدان ئازابىغا قالغاندەك بولدۇم. چۈنكى مەن ئۇ مېھرىبان رايىش قىزنى دوزاختەك بۇ ئائىلىگە باشلاپ كىرىپ يامان قىلغان، ئۇنى ئالداپ قويغانىدىم. ئاخىر كۆڭلۈمدە: «ئۇمۇ بۇرۇنقى خىزمەتكار ئاياللار قېچىپ كەتكەندەك قېچىپ كېتەر» دەپ ئويلىدىم.

مەن بىر ھەپتىدىن كېيىن ھەدە ـ سىڭىل تۇغقىنىمنى يوقلاپ باردىم. ئۇ قىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم. مەن ئۇلارنىڭ خىزمەتكار قىزنى ماختىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىدىم. بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، ئارقىدىن يەنە بىر نەچچە ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. قىز ھېچقانداق زارلىماي، قاخشىماي ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋەردى. بۇ قىزنىڭ پەزىلىتى ۋە مىجەز ـ خاراكتېرىگە باشقىچە قاراشتا بولدۇم.

بىر كۈنى ئۇلار ماڭا تېلېفون بەردى، مەن دەررۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. ھەدە ـ سىڭىل ئىككىيلەن ئۆڭسۈلى يوق ھالدا ئىشىك ئالدىدا مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئاۋۋال سىڭلىسى ماڭا:

ــ سىز باشلاپ كەلگەن ھېلىقى خىزمەتكار قىز بۈگۈن تۇغۇپ قويۇپ قېچىپ كەتتى، بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكۈۋەتتى. ھەي، ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ ــ دېدى.

مەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم ۋە:

ــ پاتىمە تۇغۇپ قويۇپتۇما؟ . . بۇ مۇمكىن ئەمەس. سىلەر ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى سەزمىگەنمۇ؟ ــ دېدىم.

ــ بىز ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى ئازراقمۇ سەزمەپتۇق، ــ دېدى ھەدىسى، ــ ئۇ قانجۇق ئۇچىسىدىكى كەڭ كۆڭلىكىنى سالماي دومبىيىپ چىققان قورسىقىنى

يۇشۇرغان ئىكەن دەڭا، قاتتىق تولغاق تۇتۇپ كەتكەن چاغدا تېخى قورسىقىم پات - پاتلا مۇشۇنداق مۇجۇپ ئاغرىيدۇ، دوختۇرغا كۆرۈنمىسەممۇ بولىدۇ، ئوڭشىلىپ قالىمەن، دېگىنىنى قارىمامدىغان. . . ھۇ ئالدامچى، ۋىجدانسىز ئىپلاس. . .

— بۇگۈن ئەتىگەندە ئىشىك يېپىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، — دېدى سىڭلىسى، — كۆڭلۈمدە بىر گۇمان پەيدا بولدى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ چاقىرسام، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ ھۇجرىسىغا كىرسەم ئۇ يوق، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم. ئامالسىزلىقتىن سىزگە تېلېفون بېرىپ سىزدىن ياردەم سورىدىم. قاراپ بېقىڭا.

ئۇ قولۇمدىن يېتىلەپ مېنى بالىخانىغا ئېلىپ چىقتى. مەن بوسۇغىغا كېلىشىمگە بىر بوۋاقنىڭ زىمىستان كېچىدە ھۇۋلاۋاتقان بۆرە كۈچۈكىدەك قىقىلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۆيدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. . . قانغا بۇلغانغان يوتقان - كۆرپە، كىرلىكلەردىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغىدەك پۇراق چىقىپ تۇراتتى، ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈنۈگۈن كېچە بۇ ئۆيدە قانداق پاجىئەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بەزى ھاللاردا ئوبيېكتىپ مەنزىرىلەرمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئىسپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ: يىرتىلغان كىرلىك بىزگە ئۇ بىچارىنىڭ تۇغۇت ئالدىدىكى ئاچچىق تولغاقتا قانداق چىدىغانلىقىنى، كىرلىكنى ئاۋاز چىقارماي قەيسەرلىك بىلەن قانداق يىرتىپ تاشلىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. . . بالىخانىنىڭ ئىشىكىدىن پەلەمپەيگىچە، پەلەمپەيدىن دەرۋازىنىڭ سىرتىغىچە بولغان ئارىلىققا تامغان قاندىن ھاسىل بولغان قان داغلىرىنى چاڭ - توزان كۆمۈپ تاشلىغانىدى. مەن شۇ ئەسنادا

تۈيۈقسىز ئۇ قىزنى يولدا تۇنجى ئۇچراتقان چېغىمدا قىزنىڭ ماڭا: «مەن ئەرلەر يوق ئۆيدە ئىشلىسەم بولاتتى» دېگەنلىكىنى ئويلىدىم.

ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. بىچارە قىز بۇ ئىككى تۇغقىنىمنىڭ تەرسالىقىغا چىشىنى چىشلەپ چىدىغان ئىكەن. شۇ تاپتا بوۋاقنىڭ ئاتىسى قەيەردىدۇ؟ مۇبادا ئۇ قىز ئار ـ نومۇسقا قېلىش، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىش تەھدىتىنى دېمىسە يۈرەك پارىسىنى بۇ ئىككى تەلۋىگە تاشلاپ كېتەرمىدى؟ ئۇ قىزنىڭ غال ـ غال تىترىگىنىچە بالىسىنى كۆزى قىيمىغان ھالدا تاشلاپ كېتىپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى. ئۇنىڭدىن ھېلىھەم ئېقىۋاتقان قىپقىزىل قانلاردىن يەردە روشەن ئىزلار قالدى بولغاي. . .

بۇ خىياللار كۆڭۈل ئالىمىمدە چاقماقتەك چاقناپ يەنە ئۆچتى، بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئارتۇقچە ئويلىشىمغا يار بەرمىدى. مەن دىققىتىمنى بالىغا مەركەزلەشتۈردۈم. بالا كۆرپىدە قېقىلىپ يىغلاۋاتاتتى، يالىڭاچ بەدەنلىرى تۈمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى، پۈتۈن ئەزايى تارتىشاتتى، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالساڭلار دەۋاتقاندەك قوللىرىنى كەرگەن ھالەتتە ياتاتتى، بالىنىڭ ھەمرىيىمۇ ئاجرىمىغانىدى. نېمە ئىشلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بۇ چاغدا غەيرەتكە كېلىپ، ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان ھەتتا كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدىم: بوۋاقنىڭ كىندىكىنى كېسىپ يىپ بىلەن چىڭ بوغدۇم، كېيىن بوۋاقنى پاكىزە يۇيۇپ لاتىغا يۆگىدىم. ئۇ ئىككى تۇغقىنىم ھەيران بولغىنىچە ئۇندىمەي ماڭا قاراپ تۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بالا راھەتكە چىقىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى، بالا تولىمۇ ئوماق ئىدى.

شۇ ئەسنادا، ھەدىسى قولۇمدىن بوۋاقنى ئالدى، بوۋاققا مېھرىبانلىق بىلەن قارىدى، لەۋلىرى تىترەپ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، يىغلىۋەتمەي دەپ ئۆزىنى تۇتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن

مەن ئۇلارغا:

— ئەمدى مۇھىم ئىش يېقىن ئەتراپتىكى ساقچى ئىدارىسىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش. شۇنداق قىلساق ئۇلار بىزگە بالىغا قارايدىغان ئادەم تېپىپ بېرىدۇ، مەسىلىمۇ ھەل بولىدۇ، — دېدىم.

— بۇ بالىنى بىز باقايلى، — دېدى سىڭلىسى، بىر نەچچە كۈن باقساقمۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟ نەچچە كۈندىن كېيىن ئاپىسى ئۇنى ئالغىلى كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۇ قىز بىزگە بىر نەچچە ۋاقىت ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىگەن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىساق قانداق بولىدۇ؟

ھەدىسى سىڭلىسىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى ۋە ماڭا سىز بازارغا بېرىپ بالىغا يىمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئەكېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم ۋە ئۇلارغا ھازىرچە بۇ بالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار، كېيىن ساقچىلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلارمىز، دېدىم.

مەن نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ھەدە - سىڭىللارنى يەنە يوقلاپ باردىم. ھەدىسى تۆشەكتىن چۈشۈپ بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئويناتقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ سىڭلىسىنى چاقىرىپ:

— تېز كەل، قارا، ئۇ كۈلدى، بېلىنى سوزدى، قولىنى چىقاردى، كۆزىنى ئاچتى، يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالدى، يۇمۇۋالدى! — دەۋاتاتتى.

سىڭلىسى ئاشخانىدا بالىغا بولماق ئەتكەچ، قاچا - قۇچىلارنى چوتكىلاپ يۇيۇۋاتاتتى، ئۇ ھەدىسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بالىغا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى.

ھەدىسى سىڭلىسى يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماڭا:

— ئىشىنەمسىز ئىشەنمەمسىز، بىلمەيمەن، بۇ بالا

سىڭلىمنىڭ پاكىزلىق كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتتى. ئۇ بۇ بالىنى كۆرگەندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك بىكار تۇرماي ئۆيلەرنى سۈپۈرىدىغان، سۈرتىدىغان ئىشلاردىن قېلىپ، ساق ئادەمدەكلا بولۇپ كەتتى. سىڭلىم ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ بالىنى ئېلىپ قالساق دەيمەن. سىز چە قانداق؟

مەن ئىچىمدە كۈلگىنىمچە ئۇنىڭغا:

— بولمامدىغان، شۇنداق قىلىڭلار، بۇ دېگەن ساۋابلىق ئىش! — دېدىم.

مەن قايتقاندا، سىڭلىسى مېنى ئۇزىتىپ سىرتقا چىققاچ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ:

— بىلەمسىز، ئۇ ئوماق بالا ھەددىمنىڭ كېسىلىنى ساقايتتى. بۇ بالا ئۆيىمىزگە ئۇنگەندىن كېيىن ھەدەم تۆشەكتە يېتىۋالمايدىغان بولدى، داۋاسىز كېسەلدىن زارلىنىپمۇ يۈرمىدى ھەتتا دورا ئىچىشنىمۇ توختاتتى. مەن، بۇ بالا تولىمۇ ئوماق ئىكەن، بالىنى ئۆزىمىز باقايلى، دېسەم، ھەدەم ماقۇل بولدى. ئەمما بالىنى ئاپىسى كېلىپ ئېلىپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، شۇنداق بولسا بىز خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدىن مەھرۇم قالىمىز - دە! شۇڭا بىز ئۇ تاپالمايدىغان يەرگە كۆچۈپ كېتەيلىمىكىن دېگەن نىيەتكە كەلدۇق، — دېدى. ئۇ بۇ گەپنى دېگەنلىكىگە پۇشايمان قىلغاندەك يەنە ماڭا:

— بۇ گەپلەرنى ھېچكىمگە تىنماڭ، بۇ ئىشنى سىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ سىرنى سىزگە دېگەنلىكىمنى ھەدەم ئۇقسا جەزمەن مېنى تىللاپ كېتىدۇ، — دېدى.

مەن بۇ ئىش توغرۇلۇق ھەدە - سىڭىل ئىككىيلەننىڭ يوشۇرۇن كېلىشكەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم ھېس قىلدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپمۇ كەتمىدىم، ئېغىر يۈكتىن ئەمدى قۇتۇلۇپتىمەن دېگەن ئويغا كەلدىم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن مەن ئادىتىم بويىچە ئۈلارنى يەنە يوقلاپ باردىم. قولۇم - قوشنىلىرى ئۈلارنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى، قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۈلارغا نەگە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ دېمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى. مەن ھەيران قالدىم.

مەن ھازىر ھەر قېتىم ئۈلارنىڭ «شىپالىق رېتسىپ» قا، «قىممەتلىك گۆھەر» گە ئوخشايدىغان ئىۇ بالىنى ئېلىپ ئالدىراپ - تېنەپ كېتىپ قالغانلىقىنى ھەتتا بۇ ئىشنى مەندىمۇ يوشۇرغانلىقىنى ئويلىسام، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىمەن.

# ئايال مىراسخور

## بىنتى ساترئى (مىسىر)

*بىنتى ساترئى (1913 —— ) مىسىرلىق ئايال يازغۇچى، ئىسلام ئالىمى. ئەسلى ئىسمى ئائىشە ئابدۇرەھمان. «دېڭىز قولتۇقى قىزى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. مىسىر بويىچە تۇنجى ئوقۇتقۇچى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ياش قىز. ئاتىسى ئىسلام سوپىستىك ئالىمى. فىنت ساتايى كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا قۇرئان ۋە سوپىستىك شېئىرلارنى ئوقۇشقا ئىشتىياق باغلىغان. 1939 - يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، 1941 - يىلى ۋە 1944 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئىلمى ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشكەن.*

*بىنتى ساترئى ھاياتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. نۇرغۇن نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى يازغان. «قورۇق ئېگىسى» «فىرئەۋن قايتىپ كەلدى» ناملىق رومانلىرى، «خاتالاشقان ئايال» «ئاياللار تۇرمۇشى» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى، ئىسلام تەتقىقاتىغا ئائىت نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلىرى بار.*

بىر خىزمەتكار، سەھىيە مۇپەتتىشى يېتىپ كەلدى، دەپ خەۋەر يەتكۈزگەندە، بۇ كىشىنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر بىلەن تولغان بۇ كىچىك ئۆيىنى گۆردەك جىمجىتلىق قاپلىدى، نۇرغۇن كۆزلەر ياش دوختۇرغا تىكىلدى، دوختۇر جەسەتنى ئالدىرىماي تەكشۈرۈپ، ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى توغرا بېكىتتى.

قارىماققا چوكان ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك، ئەمما بىر خىل يوشۇرۇن كۈچنىڭ تەسىرىدىن ئورنىدىن

قوزغىلالمايۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتكەنىدى.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان زەئىپ يىغا ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزدى، ئۇ چوكان يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئۇستىگە ئاق خەسە يېپىپ قويۇلغان جەسەتكە يېقىن تۇراتتى. جامائەت ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش تەرتىپى بويىچە نەزىرىنى ئۇنىڭغا ئاغدۇردى.

چوكان ئۇ يەردە ئانچە ئۇزۇن تۇرمىدى، دوختۇرمۇ تېزلا تەكشۈرۈپ بولدى ۋە بۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈشىدە شەك يوق، دەپ جاكارلىدى، مەرھۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا جەسەتنى يەرلىكىدە قويساڭلار بولىدۇ، دېدى.

دوختۇر يىغلاۋاتقان چوكاندىن ئىمكان قەدەر ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن تىرىشتى. دوختۇر كېلىدىغان چاغدا قانداق ئاستا ۋە ۋەزمىن قەدەملەر بىلەن كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق ھالەتتە قايتتى. ئەمما دوختۇر ماشىنىغا چىقىپلا چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى ۋە ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئاپتوبۇس يۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان ئوتتۇرا ياشلىق زەردارنىڭ قورۇسىدىن مەنسۇر شەھىرىگىچە قىرىق كىلومېتىر كېلەتتى، دوختۇر ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىدى — بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغانىدى — بايا ئۇ ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان چوكان دەل بۇرۇن مۇشۇ دوختۇرنىڭ ئۆيىدە خىزمەتكار بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

ئۇ چاغلاردا دوختۇرنىڭ كۆرگەن ـ بىلگىنى كۆپ ئەمەس ئىدى، پايتەختتە باش چۆكۈرۈپ مېدىتسىنا ئىلمىنى تەتقىق قىلىۋاتقان چاغلىرى ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ ئۆي ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلارغا چۆلىسى تەگمەيتتى. ئۇ پۈتۈن ئوقۇش يىلىنى پايتەختتە ئۆتكۈزەتتى، تەتىل مەزگىللىرىدە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە

مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ دەم ئېلىپ كېلەتتى.

شۇنداق قىلىپ، يىللار بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى. ئۇ بۇ يەردىكىلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان بىچارە خىزمەتكار زوھرەنىڭ تۇرمۇشىدىن تامامەن خەۋەرسىز قالغانىدى. ئەينى چاغدا زوھرە ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان، غۇنچە بوي قىز ئىدى، گۈزەللىكى ئۇنىڭغا بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگەنىدى: ئۇ بىردەم بۇ ئائىلىدە ئىشلىسە، بىردەم ئۇ ئائىلىدە ئىشلىدى، ياشلىقى، زىبالىقى ئۇنى تىل - ئاھانەتلەرگە قويدى، ئۇنى راھەت مۇھىتتىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇ ئىشلەۋاتقان ئائىلىلەردىكى خوجايىن ئاياللار ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۆز - چۆچەك قىلىشاتتى. كېيىن ئۇ ئادىمىگەرچىلىكى بار بىر سودىگەرنىڭ ئائىلىسىدە ئىشلەپ قالدى. سودىگەر ئۇنىڭ ھەققىدە ئۆسەك گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ئۇنى ئىشلىتىۋەردى. بۇ ئائىلىدىكى خوجايىن ئايال مېھرىبان، تەقۋادار بىر مۇخلىسە ئىدى. بۇ بىچارە قىزنى شەيتان ئازدۇرۇپ كەتمىگەي دەپ خۇدادىن تىلىدى ۋە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنى بىر خىل گۇناھ، دەپ بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئايال خوجايىن قىزغا سىغقۇدەك ماكان بەردى. بەزىدە، ياشانغان موللام سۇپەت ئېرىم بىلەن پايتەختتە دوختۇرلۇق ئۆگىنىۋاتقان يالغۇز ئوغلۇم بۇ قىزغا كۆز قىسىپ چاقچاق قىلىپ يۈرمەس، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

كېيىن مېھرىبان ئايال خوجايىن ئالەمدىن ئۆتتى. قىز ئەمدى بۇ ئائىلىدىمۇ تۇرالمايدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدى. دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان ئوغۇل ئاتىسىنىڭ بۇ خىزمەتكار قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى، تەنھا قالغان ئاتىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يۈرسە، بۇ ئىش ئاخىرى بېرىپ ئۇلارنىڭ توي قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشسا، بۇ ھال ئائىلە ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىش بولۇپ قالىدۇ دەپ ۋايىم يېدى. ئۇ قىز بىر

توپ باللارنى تۇغسا، ئۇلار ئۇ تەمە قىلىۋاتقان مىراسلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولاتتى. خىزمەتكار قىز تۇغقان تېگى پەس قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا ئولتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

دوختۇر تولىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن قىزنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇ چاغ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى. جەسەت تەكشۈرگەندە ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. دوختۇر زەردارنىڭ جەسىتىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا ئۇنى تونۇمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. دوختۇر ئۇنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئورنىنى تېخى بىلمەيتتى.

دوختۇرنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلدى.

زوھرە مەرھۇمنىڭ كىچىك ئۆيىدە ئولتۇرۇپ دوختۇرنىڭ ئۆزىنى قوغلاپ چىقارغان چاغدىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا ئامالنىڭ يوقىدىن تالادا قالغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ھېچكىمنىڭكىدە خىزمەتكار بولۇپ ئىشلىمەيمەن دېگەن نىيەتكە كەلدى. شۇنداق قىلىپ، زوھرە چەت، يىراق بىر يەرگە كەلدى ۋە ئوتتۇرا ياشلىق بىر تۇل ئايال بىلەن بىرگە تۇردى. زوھرە ھەر كۈنى شال پالىڭى بىلەن سۇپۇرگە ياساپ كەنتتىكى سودىگەرلەرگە سېتىپ جېنىنى جان ئەتتى.

زوھرە نامرات بۇ تۇل ئايالنىڭ باغرى يۇمشاق، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدى. قىز ئۇ تەنھا ئايالغا مۇڭداش، ئاددىي ھۈنەرگە ياخشى ياردەمچى بولۇپ قالدى. ھەر يەكشەنبە كۈنى زوھرە بازار ئەتراپىدىكى شاللىقتا ۋە خورما قورۇقىغا بېرىپ كەچتە ئون كۈن يەتكۈدەك يېگۈلۈكنى يۈدۈپ قايتىپ كېلەتتى.

خىزمەتكارلىقتىن قوغلانغان قىز ئەركىن ياشاشقا مۇۋەپپەق بولدى، كەيپىمۇ كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بۇنداق تۇرمۇشتىن رازى ئىكەنلىكىنى، بۇنداق تۇرمۇش يوسۇنىنى ئۆزگەرتكۈسى

يوقلۇقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ شۇنداق ياشاشقا ئادەتلىنىپ قالدى، جۇشقۇن، چاقچاقچى بولۇپمۇ كەتتى، كېچىلىرىمۇ ناھايىتى ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلايتتى.

ئۇ بىر كۈنى بۇرۇنقىدەك شەھەر ئەتراپىدىكى خورمىلىققا باردى، ئەمما ئۇ شۇ بارغانچە قايتىپ كەلمىدى.

ياشىنىپ قالغان يەڭگە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى، كۆڭلىدىن ھەر قىسما خىياللار كەچتى.

تاڭ ئاتقاندا زوھرەنىڭ كېچىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكى مەھەللىگە پۇر كەتتى، كىشىلەر تۈرلۈك خىياللارنى قىلىشتى. بەزىلەر ئۇنى ئادىمىي شەيتان ئېلىپ قاچقان دېسە؛ بەزىلەر، ئۇ قىزنى يولدا ئۇچراپ قالغان بىرەر يىگىت باشلاپ كەتكەن دېيىشتى، بەزىلەر ئىشەنچلىك قىلىپ، ئۇ بىرەر ئىش تۈپەيلىدىن ھايال بولۇپ قالغاندۇ ياكى قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە ھەم ئارىلىق يىراق بولغاچقا بىرەر تونۇشلىرىنىڭكىدە قونۇپ قالغاندۇ، دېيىشتى. . ئىشنىڭ ئايدىڭ بولغىنى ھەر ھالدا ياخشى ئىدى.

ئىش ئۈچ كۈندىن كېيىن ئايدىڭلاشتى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن چىقتى: ياشىنىپ قالغان بۇ تۇل ئايالنى يىراق جايدىن بىر يىگىت ئىزدەپ كەلدى ۋە ئايالغا ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئۇ قىز ئەۋەتكەن خەتنى بەردى. قىز خېتىدە: مەن ھازىر ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ئۆلكە باشلىقىنىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋاتىمەن، يېڭى تۇرمۇش كۆڭلۈمدىكىدەك بولۇۋاتىدۇ، سىزدەك بىر ئىنسانپەرۋەر ئايالدىن ئايرىلىشقا زادى كۆزۈم قىيمىدى، دەپ يازغانىدى.

كىشىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. ياشىنىپ قالغان ئايالمۇ ئىشىنى توختىتىپ، ئۇ بىچارە قىزنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن خەت ئېلىپ كەلگەن يىگىت بىلەن ئۆلكە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئايال ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى، چىرايى شادلىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى، كۆرگەنلا

ئادەمگە زوھرەنىڭ ھەممە نەرسىسى تەل ئىكەن، دەپ يۇردى. ئايالنىڭ گەپ - سۆزىدىن كىشىلەر زوھرەنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق بىر خوجايىنىنىڭ مېھرىبانلىقىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىغا ئىشەندى. بىر قانچە ھەپتە ئۆتتى، بىر قانچە ئايمۇ ئۆتتى، كىشىلەر زوھرە توغرۇلۇق يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلىمىدى.

كىشىلەر پەقەت خوجايىنىنىڭ غەمخورلۇقىدا زوھرەنىڭ راھەت - پاراغەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى، ئىززەتلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆز قولىغا ئالغانلىقىنىلا ئاڭلاشتى. . .

زوھرە ئۇ يەردە ئىككى يىل تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ ياشىغان ئايال بىلەن ئۇ يەردىكىلەرگە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى.

ئۆلكە باشلىقى تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كەتتى.

ئۆلكە باشلىقىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ ئۇچۇن تاسادىپىيلىق تۇيۇلمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردىكى كىشىلەر زوھرەدىن يىراق بولغاچقا ئەھۋالنى ئانچە چۈشەنمەيتتى. ئۇلار زوھرەنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئۆلكە باشلىقىنىڭ خانىمى ئىكەنلىكىدىن كېيىنرەك خەۋەر تېپىشتى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ توي قىلغانلىقىنى بىلگۈچە ئۆلكە باشلىقى قازا قىلىپ كەتتى.

بۇ توينىڭ قاچان، قانداق بولغانلىقىنى ھازىرغىچە ھېچكىم بىلمەيتتى. رەھمەتلىك ئېرى زوھرەگە بۇ ئۆلكىدىكى ئەڭ مۇنبەت يەردىن ئىككى يۈز ئەللىك فوتان① يەر مىراس قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان پاراڭغا ئايلىنىپ قالدى. تېخى ئىددىيتى توشماستىنلا ئۇنىڭغا لايىق بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، بۇ خەۋەرمۇ پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى. لايىقلار ئارىسىدا يۈز - ئابرويلۇق ئادەملەرمۇ، باي سودىگەرلەرنىڭ ئالىي

---

①مىسىرنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى، بىر فوتان ئالتە يېرىم موغا تەڭ كېلىدۇ.

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدى. . . ئەمما زوھرە ئۇلارنى تۈگەل رەت قىلىۋەتتى. ئېرىگە نەق بىر يىل قارىلىق تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر: زوھرە دىيانەتلىكلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تۇل ئۆتەي دېگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاشتى.

ئەمما، يەنە بىر ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى، زوھرە ئېرىنىڭ يىل نەزىرىدىن كېيىن قارىلىق كىيىمىنى سېلىۋېتىپ يېڭى كىيىملەرنى كىيدى، بۇ تويي تەنتەنىسىنىڭ بىشارىتى ئىدى.

كىشىلەر بىر ـ بىرىدىن، بۇ مىراسخور ئايال شۇنچە كۆپ لايىقلاردىن كىمنى تاللىغاندۇ؟ دەپ سوراشتى.

بىرەيلەن، زوھرە ئۆزىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغان ھېلىقى دوختۇر بىلەن تويي قىلىدىكەن، دېدى. ئۇ زوھرە خورلۇق دەستىدىن سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. كىشىلەر بۇ گەپكە ئىشەنمىدى. چۈنكى ئۇلار شۇ چاغدىكى خورلۇقنىڭ زوھرەگە قانچىلىك كۈلپەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ سارايغا دائىم كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان كىشىلەر: زوھرە دوختۇر بىلەن تويي قىلىشقا ئىشەنمىگەن، ئېغىزىغا كەلگىنىچە سۆزلەپ يۈرۈيدىغان ئادەملەرنى مەسخىرە قىلغان گەپ دەپ ھۆكۈم قىلىشتى، ئۇ كىشىلەر تېخى بۈگۈنكى كۈندە دوختۇرنى سەۋىيە ۋە كەسىپ جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇر ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان يەر ئايال خىزمەتكار زوھرەنىڭ يېرىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيدۇ دېيىشتى.

مۇبادا كىمكى بۇ ئىشقا ئىشەنمىسە سارايغا بېرىپ ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ باقسا بولىدۇ. سارايىنىڭ دەرۋازىسى زوھرەنىڭ بۇرۇنقى سەرسانلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئوچۇق ئىدى، ئۇ بۇرۇنقى

تۇرمۇشنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. بولۇش ئالدىدا تۇرغان توي مەرىكىسىگە ئىنتىلەتتى. بولغۇسى ئېرىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇدۇللا دەۋېرەتتى، بولغۇسى ئېرى دەل ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان، ئاتىسىغا تېگىۋېلىپ ئۆزىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈشتىن ئەندىشە قىلغان دوختۇر ئىدى.

توي ئەل ـ جامائەت ئالدىدا قىزغىن ئۆتكۈزۈلدى، بۇ ئۆلكىدە ئەزەلدىن بۇنداق ئۆزگىچە توي بولۇپ باقمىغانىدى.

دوختۇر تويغا مۆتىۋەر ئىشداشلىرىنى، قىز بولسا نامرات تېرىقچىلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى چىللىدى.

يىگىت يۈزى چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېسىلزادە دوستلىرىغا، ئايالىمنىڭ كۆكسى ـ قارنىنى كەڭ بولغاچقا نامراتلارنى يايرىتىۋالسۇن دەپ تويغا چىللاپتۇ، دېدى.

تويدىن كېيىن ئەھۋال مۇنداق بولدى:

زوھرە نەچچە قېتىم پەتە قىلىپ كەلگەن ئېسىلزادىلەرگە ۋە مېھمانلارغا بايلارغا خاس قوپاللىق، تەربىيە كۆرمىگەن ئادەمدەك چاكىنىلىق قىلدى. دوختۇر مېھمانلارنىڭ ئالدىدا زوھرەنىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق بىزار بولغاندا، زوھرە دەرھال، مەن، خۇددى دوختۇر بىلگەندەك، بۇرۇن چاكىنا خىزمەتكار ئىدىم، دەپ ئۆزرە ئېيتاتتى!

زوھرە ئېرىگە ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن دەپ مىڭ قېتىمدەك ۋەدە بېرەتتى، ئەمما بۇ ۋەدىلەر پەقەت دوختۇرنى كولدۇرلىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھەر قېتىم شۇنداق ئىش يۈز بەرسە، زوھرە ئۆگىنىپ قالغان بۇ ئادىتىمنى تاشلىيالمايدىكەنمەن، بۇ تەبىئىتىمنى ئۆزگەرتەلمەيدىكەنمەن، بۇ مەندىكى بىر خىل ئۆزگەرمەس مىجەز ئوخشايدۇ، دەيتتى.

دوختۇر زوھرەگە، زوھرە ئەمدى سىز تېگى پەسلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماڭ، دالالاردا شال پاخلى بىلەن چىگە ئارقان تېرىپ يۈرگەن چاغلىرىڭىزدا تونۇشۇپ قالغان ئۇ ئادەملەرگە

ئەمدى ئارىلاشماق، ئۇلار بىلەن بىرىش - كېلىش قىلماق، دەپ قايتا - قايتا تاپىلايتتى. زوھرە ماقۇل بولدى، نەچچە رەت ماقۇل بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

زوھرە دوختۇر بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان بۇ دوزاختىن قۇتۇلۇپ چىقالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ مىراسخورلۇق قىلىۋاتقان يەر دوختۇرنى زوھرەگە چەمبەرچەس باغلاپ تۇراتتى، پەقەت سەۋدايىلىقلا ياكى ئۆلۈملا ئۇنى يېشەلەيتتى!

دوختۇر ئازابلاندى، نېرۋىلىرى قالايمىقانلىشىپ، ئەقلىدىن ئاداشتى. ئۇ ئەسەبىيلەشكەچكە، بەزىدە ئاللاغا شەك كەلتۈرۈپمۇ قوياتتى، قاتتىق ئازابلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئايال مىراسخورنىڭ ئۇنى دوزاخدىكى مىراسقا ئېلىپ بارىدىغان يولدىن قايتۇرۇپ ئەكېلىۋېلىشىغىمۇ يول قويمىدى.

ئۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئايالىنى زەھەرلەپ ئاستا - ئاستا ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ئەمما زوھرەنىڭ زېرەكلىكى ۋە ھوشيارلىقى ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى، سارائىلىقىنى بىسىپ چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامان قالدى، زەھەرلىنىشتىنمۇ ساق قالدى. دوختۇر بولسا دارىلئېتامغا ئاپىرىۋېتىلدى، ئۇنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق ئىدى.

# مۇھەببەت ۋە مەغلۇبىيەت

## ھۆرىيەت خەيرى (مىسىر)

*ھۆرىيەت خەيرى (1921 — ) مىسىرلىق ئايال يازغۇچى. 1965 ـ يىلى ئىنگلىز تىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، 1964 ـ يىلى كىنو ئىنىستىتۇتىنىڭ دراما ئەسىرى يېزىش كۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن. 1965 ـ يىلى تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە رادىئو تىياتىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1975 ـ يىلغا قەدەر ئەللىككە يېقىن ئەسەرنى تاماملاپ بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە ئېلان قىلىنغان. ئۇ يەنە مىسىرنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى سىنارىيىلەشتۈرگەن. ئۇ سىنارىيىلەشتۈرگەن نەجىب مەھفۇزنىڭ «30 ـ يىللاردىكى قاھىرە»ناملىق سىنارىيە ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ 1971 ـ يىلى ئامېرىكا تىياتىر تەتقىقات گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن، 1973 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلغىچە تىياتىر ئىنىستىتۇتىدا «سىنارىيە يېزىقچىلىقى» ھەققىدە دەرس بەرگەن.*

شۇ كۈنى ئۇ ئىشخانامغا كىرىشىگە ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا كۆزۈم چۈشتى، چۈنكى ئۇ ئىشەنچتىن مەھرۇم بولغان يەنى ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھە ئۆزۈل ـ كېسىل ئىنكار قىلىنغانىدى. دەسلەپتە ئۇ بۇ لايىھىگە تولىمۇ قىزىققان، ئالدىرىغانىدى. ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، شۇ كۈنى يېنىمغا كىرگەن چاغدا ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا:

— ئاھىدە، مەن بىر لايىھە تۈزۈپ چىقتىم، بۇ لايىھە بىلەن شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بۇ لايىھە مېنىڭ جىمى تەتقىقاتىمنىڭ نەتىجىسى ۋە تەجرىبىلىرىمنىڭ

جەۋھىرى. بۇ لايىھە بىلەن شىركەتنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكىلى، مەھسۇلاتلارنى ئاشۇرغىلى، پۈتۈن شىركەتنى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ قىزغىنلىقىدىن تەسىرلىنىپ لايىھىنى ئالدىم ۋە بىر كېچە باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بەزى پىكىرلىرىمنى يازدىم. ئەتىسى بىللە مۇھاكىمە قىلماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم.

ئەمما ھېسام مېنىڭ پىكىرلىرىمنى قوبۇل قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىنى مەن ئاڭلىغىنىم بىلەن مېنىڭ كۆز قاراشلىرىمنى ئۇنىڭ ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى. ئۇ قولۇمدىن پىكىرىم يېزىلغان قەغەزنى ئالدى ـ دە، كۆرۈپمۇ قويماي قەغەز دۆۋىسىگە تاشلىدى. ئۆزىنىڭ لايىھىسىنى شۇ پېتى مۇدىرىيەتكە تاپشۇرۇپ بەردى.

مۇدىرىيەت لايىھىنى ئۇزۇن تەتقىق قىلدى، نەتىجىدە، بۇ لايىھە ئەمەلىيلىشىشكە كېتىدىغان خىراجەت ئۇنىڭ شىركەتكە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن، دېگەن سەۋەب بىلەن بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلدى، يېپىق قازان يېپىق پېتى قالدى. بۇ ھېسامغا قاتتىق زەربە بولدى. شۇ كۈنلەردە مەندىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان. ئىشخانامغا كېلىپ مەن بىلەن پاراڭلاشمايدىغان بولدى.

مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندىم، ھەسرىتى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتىم. بۇ كۆڭۈلنىڭ تېرەن يەرلىرىگە يوشۇرۇنغان، كۆزلەردىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان، ئەمما ئىزھار قىلىشنى ئىختىيار قىلمايدىغان، ئۈمىدىنى يوقاتقان، قىزغىنلىقتىن مەھرۇم بولغان، ئىشەنچكە ئېرىشەلمەي، ئارىسالدىلىقتا قالغان ئازاب ئىدى.

شۇڭا ئۇ شۇ كۈنى ئىشخانامغا كىرگەندە مەن ئالامەت خۇش بولۇپ كەتتىم. ھېسام ئاخىرى ئۆز مەغلۇبىيىتىدىن غالىب

كەلگەندى. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ بۇرۇنقىدەك بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ يېنىمدا ئولتۇردى ۋە ئازراقمۇ تۈزۈت قىلماي بىر ئىستاكان قەھۋە دەملىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن بەك خۇش بولدۇم. زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ؟ قانداق ئىش ئۇنى مۇشۇنداق ئۆزگەرتىۋەتكەندۇ؟ ئۇ راستتىنلا مەغلۇبىيەتنىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۈمىدۋار ھالەتكە قايتىدىن كەلگەنمىدۇ؟

ئۇنىڭ گەپلىرى مېنىڭ گۇمانىمنى تېزلا تۈگەتتى:

— ئاھىدە، مەن مۇدىرىيەت كاتىباتى باشقارمىسىدىن لايىھەمنى قايتۇرۇۋالدىم ۋە ئۇنى قايتىدىن تەتقىق قىلدىم. لايىھەمنى ئالدىراپ تاپشۇرغان ئىكەنمەن. سىزنىڭ قىممەتلىك پىكرىڭىزگە نېمە سەۋەبتىن سەل قارىغانلىقىمنىمۇ بىلەلمىدىم. پىكىرلىرىڭىز يېزىلغان قەغەزنىڭ ئىشخانامدىكى قەغەز دۆۋىسىدە تاشلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئالدىم ۋە تەپسىلىي ئوقۇپ كۆردۈم. سىزگە بىر تەكلىپ بەرسەم بولامدۇ؟ قوبۇل قىلامسىز ـ قىلمامسىز، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ئەلۋەتتە. مەن بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىسىڭىز، مۇشۇ پىكىرلىرىڭىز ئاساسىدا يېڭى بىر لايىھە تۈزۈپ چىقساق، ئۇنى ئىككىمىزنىڭ نامىدا ئوتتۇرىغا قويساق. . .

بىر ئادەم ئۈچۈن قالايمىقان، تەرتىپسىز ئىشنىڭ ئۆزى ئۈمىد قىلغىنىدىكىدەك، ئويلىغىنىدىكىدەك ئىزىغا چۈشۈشىدىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك.

قاراڭ، ھېسام ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى، قول ئۇچىدا ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى تەن ئالدى، مەندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىڭ ئېتىبارسىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ پىكرىمنىڭ قىممىتى بارلىقىدىن بولغانىدى. ھېسام چىرايىمدىن ئىچكى دۇنيايىمدىكى ھېسسىياتلىرىمنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن:

— ئېشىمىزنى قاچان باشلايمىز؟ — دەپ سورىدى.

ھېسام بىلەن ئىككىمىز بۇ لايىھىنى بىر قانچە ئاي قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدۇق. مۇشۇ ئارىلىقتا ئېرىم بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئىككىمىزنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ لايىھىنى بىللە تۈزۈپ چىقىشىمىزغا چىداپ كەلدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لايىھىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلمىسى تۈزۈپ چىقىلدى. مەن ھېسامدا بەزى غەلىتە ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم، بەزىدە بايقاپمۇ قالاتتىم: ئۇ مېنى گويا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ماڭا ئۇزۇندىن ئۇزۇن قاراپ كېتەتتى. بەزىدە يېزىپ بولغان لايىھىنى ئۇنىڭغا بەرگىنىمدە قولۇم قولىغا تېگىپ كەتسە قولى تىترەپ كېتەتتى.

مەن ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىۋاتقان دەملەردە بۇنداق ئىشلاردىن كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالاتتى، قىزغىنلىقىم سۇسلىشىپ، كەيپىم ئۆچۈپ كېتەتتى.

ھېسامغا نېمە بولغاندۇ؟ مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتىم. ئۇ ماڭا گويا بىر مەكتەپتە تونۇشۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر شىركەتتە ئون نەچچە يىل بىرگە ئىشلىگەن بولساقمۇ، بىر - بىرىمىز بىلەن تونۇشمايدىغاندەك، ئەزەلدىن ئۆلپەتلەشمىگەندەك، مەن ئېرىم بىلەن، ئۇ ئايالى بىلەن ھېچقاچان ئارىلىشىپ باقمىغاندەك، ئالدىمدا ئولتۇرغان ھېسام ساۋاقدىشىم، ئىشدىشىم ئەمەس، يات بىر ئادەمدەك تۇيغۇ بېرىۋاتاتتى.

نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ نەزىرى شۇ دەرىجىدە بىر يەردە بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىسىگە ئېتىبارسىز قارايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن تىت - تىتلىق، بىزارلىق چىقىپ تۇرىدۇ؟

— ئاھىدە، بىز نېمىشقا سىرتلارغا چىقىپ ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنمەيمىز؟ مەن بۇ يەردە سىقىلىپ ئۆلەيلا دېدىم!

— ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ، بىز بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ لايىھىسىنى تاماملايمىز!

— ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، ئەمما سەل زېرىككەندەك بولۇۋاتىمەن.

— ئەمىسە بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ ئاز - تولا تېتىكلىشىپ ئاندىن ئىشلەيلى.

— ئەجەبا، بىز مۇشۇ لايىھە ئۈچۈنلا ياشايمىزمۇ، بىردەم بولسىمۇ ھاياتنىڭ لەززىتىنى سۈرۈش ھەققىمىز يوقمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن كۆڭلۈم بىر خىل سىرلىق قورقۇنچنى تۇيغاندەك بولۇپ، بىردىنلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باستى. ئۇ تۇيۇقسىز قولنى قولۇم ئۈستىگە قويدى. . .

مەن ئىككىمىزنىڭ يالغۇز قالغانلىقىمىزنى بىرىنچى قېتىم بىلىپ تۇراتتىم، پۈتۈن شىركەتتە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى.

مەن قورققان، خىجىل بولغان ھالدا قولۇمنى تارتىۋالدىم.

— ھېسام، بۈگۈنكى ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ ئۆيگە قايتايلى، بىر نەچچە كۈن ئارام ئالساق روھلىنىپ قالىمىز، — دېدىم.

ھېسام تەشۋىشلىنىپ مۈرىسىنى ئىرغىتىپ قويدى، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر ئاقتى، مەن ئۇنىڭ گېپىنى تۇنجى قېتىم چۈشەندىم ۋە كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان نەرسىنى بىلدىم.

— مەن ھەمىشە مەغلۇبىيەت قورقۇنچىسى ئىچىدە ياشايمەن، — دېدى ئۇ.

— سىز ھەرگىز مەغلۇپ بولمايسىز. . .

— ئەمما ئۆزۈمگە مەغلۇپ بولىدىغاندەكلا تۇيۇلىۋاتىدۇ. . .

— ئاللا تىرىشىپ ئىشلىگەن ئادەمگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

مېنىڭ گەپلىرىم ئۇنىڭغا ئىلھام بولدى بولغاي، ئۇنىڭ قەلب قەسرىدە يەنە ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. ئۇ يەنە ئىشخانىغا كىرىپ ئىشنى باشلىدى ۋە خاۋاتىرلىنىپ بىر گەپنى تەكرارلاۋەردى:

— كەچۈرۈڭ ئاھىدە، سىزنى خاپا قىلىپ قويدۇم. مەن نېمە بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. سىزمۇ بىلىسىز، بىز ئۇنۋېرستېتتا بىللە ئوقۇغان چاغلىرىمىزدىن تارتىپلا مەن سىزنى ھۆرمەتلەپ كەلدىم.

— بۇنى بىلىمەن، ھېسام، ئېرىم بىلەن ئايالىڭىزمۇ بۇ نۇقتىنى بىلىدۇ، بولمىسا ئۇلار بىزنىڭ بۇنداق ئىشلىشىمىزگە يول قويمايتتى.

— بايامقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.

— ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ھېسام ئۇنداق ئىشلارنى قىلمىدى. ئۇ ئىمكان قەدەر ئۆزىنى كۆزلىرىمدىن ئېلىپ قاچاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە خىزمىتىمىزنى باشلىۋالدۇق.

بىر كۈنى ئۇ كۆزلىرى قىزارغان، چىرايىدىن قان تەپچىرەپ تۇرغان ھالدا مېنى ئىزدەپ كەپتۇ.

ئۇ ماڭا ئايالى رازى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنىڭ دېگەنلىرى يوللۇق، دېمىسىمۇ ئۇ يالغۇزلۇقتىن زېرىككەن گەپ. خوتۇنىڭىز بولغان بىر ئايال ھەمىشە بۇ يەرگە كېلىپ بىزنىڭ قانداق ئىشلەۋاتقانلىقىمىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە، بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ ھەم چىداپمۇ تۇرالمايدۇ.

— مەن تۇرمۇشىمدىن قاتتىق بەزدىم، ئۆزۈمنى بىر گۇناھكاردەك، ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمىشىغا ئۆمۈر بويى قامىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغاندەك ھېس قىلىمەن. مەن خالاي، خالىماي،

ئەمدى ھاياتىمنى مۇشۇ ئۇزۇن جازا مۇددىتى بىلەن ئۆتكۈزۈش پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— بەك چارچاپ كەتسەكمۇ، ھارغىنلىقنى ئۇنتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى خىزمەت قىلىش.

— ئەمما، بىز نېمە ئۈچۈن رېئاللىقتىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قاچىمىز، ئاھىدە؟ مېنى ئائىلەم بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوقتەك ھېس قىلىمەن، توغرىسى، ئىككىمىز بىرگە بولساق بولاتتى.

— ئەمما ھېسام، مەن ئېرىمنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز.

— ئاھىدە، مەن، مەن. . . ئەجەبا، سىزنىڭ ماڭا ئازراقمۇ كۆڭلىڭىز يوقمۇ؟

مەن سۈكۈتكە چۆمۈپ ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم. مۇبادا سىزگە ئازراقمۇ كۆڭلۈم بولمىسا قانداقمۇ ئۆيۈمنى، ئېرىمنى، بالا ـ چاقىلىرىمنى تاشلاپ ھەر كۈنى ئاخشىمى سىز بىلەن بۇ يەردە بىرگە ئىشلەيمەن. . .

مەن ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرگەن ئاۋازىمنى ئاڭلىدىم.

— ئەمما... ھېسام، مېنىڭ ھېسسىياتىم سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزغا ئوخشىمايدۇ، مېنىڭ سىزگە بولغان ھېسسىياتىم بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقداشلىق ھېسسىيات، بۇنداق ھېسسىيات تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىللە ئىشلەشتەك بۇ چەكتىن ھەرگىز ئېشىپ كەتمەيدۇ.

— سىلەر ئايال خەقلەر مۇشۇنداق كېلىسىلەر. ھەمىشە ساۋاقداشلىق، دوستلۇق، بىللە ئىشلەش دېگەندەك شوئارلار بىلەن چىن ھېسسىياتىڭلاردىن ئۆزۈڭلارنى ئېلىپ قاچىسىلەر.

— بىز ئاياللار ئۈچۈن مۇھەببەت ھەر خىل بولىدۇ، ئەمما سىلەر ئەرلەر ئۈچۈن ئادەم ئاتامدىن باشلاپلا مۇھەببەت ئۆزگەرمەيدىغان، مۇقىم ھالەتتە بولۇپ كەلگەن.

ھېسام بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇ قاتتىق ئابلانغاندەك قىلاتتى، يۈرىكىم پۇچۇلاندى. ھېسام سىز نېمە ئۈچۈن بىللە ئىشلەۋاتقان مۇشۇنداق مۇناسىۋەتتىن رازى بولمايسىز؟!

مۇھەببەت ئۇلۇغ، ئاجايىپ سىرلىق نەرسە، ئەمما ئۇ خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچكە ئايلانغاندا تېخىمۇ سىرلىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ تەشۋىشلىرى، نالەشلىرى ۋە مەغلۇبىيەت توغرىسىدىكى ئەندىشىلىرى ماڭا تەسىر قىلغاندەك بولدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لايىھەمۇ تاماملىناي دەپ قالدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش پاراكەندىچىلىكتە قالدىم. كېچىككىنە ئىشلارغىمۇ چېچىلىپ كېتەتتىم. ھەر قېتىم پاراكەندە بولسام، تەشۋىشلەنسەم، مەغلۇپ بولۇشتىن قورقۇپ ئېرىمنى ئەيىبلەيتتىم.

لايىھە تاماملىنىشقا ئاز قالغانسېرى بەكمۇ ئەسەبىيلىشىپ كەتتىم ھەتتا ئېرىمنى كۆرگۈم، ئۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىشلىرى توغرۇلۇق ئادەتتىكىدەك پاراڭلاشقىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ھەر كۈنى ئاخشىمى خىزمەتنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن ھېسام بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، دەيتتى، مەن رازىمەنلىك بىلەن ماقۇل بولاتتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن تىنچ يولدا مۆرىدىشىپ كېتىۋېتىپ ھېسامغا ئېرىمدىن كۆڭلۈم سۇ ئىچمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشاشقا رەۋىتىم قالمىغانلىقى توغرۇلۇق دادلاپ بېرىشكە باشلايتتىم. مەن شۇ ئەسنادا ئەقىل ـ ھوشۇمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، ئۆزۈمنى كىشىلەر تونۇيدىغان، ئېغىر بېسىق، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئاھىدە ئەمەستەك بولۇپ قالاتتىم. ھېسام كۆڭلۈمنى چۈشەنگەچكە قوللىرىمنى تۇتقىنىچە يېنىمدا ئاستا ماڭاتتى.

تىپتىنچ كېچە بىزنى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى، باھار

شاللىرى يۈزلىرىمىزنى سۆيۈپ ئۆتەتتى، شۇنداق قىلىپ، بىز يېگىياچە ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇپ قالدۇق. بىز خۇددى ئۈنۈپرستېتتا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا ھەر قېتىم باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولۇپ كېتىپ، ئىمتىھاندىن، دەرس تەكرارلاشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ھەمىشە ساۋاقداشلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدىغان ئايرىم ساۋاقداشلارغا ئوخشاپ قالغانىدۇق.

خاتىرجەمسىزلىك، بېسىم، ھارغىنلىق بىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى. لايىھە ماقۇللىنارمۇ - يوق، مۇبادا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قالساق قانداق تەقدىرگە يولۇقارمىز؟.. دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر كاللىمىزنى چىرمىۋالغانىدى.

توساتتىن، ھېسامنىڭ ئاۋازى ئەتراپىمىزدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— لايىھە ماقۇللانسىلا مەن ئايالىم بىلەن سۆزلىشىمەن، سىز ئېرىڭىز بىلەن قاچان سۆزلىشىسىز؟

ئۇنىڭ گېپىدىن يەنە بىر قېتىم ۋەھىمە ھېس قىلدىم.

— زۆرۈرىيىتى يوق بۇنداق ئويۇندىن زېرىكتىم. بىز نېمىشقا ئۆزىمىزگە سەممىمىي مۇئامىلە قىلمايمىز، ھېسسىياتىمىزغا، كۆز قاراشلىرىمىزغا سەممىيلىك بىلەن يۈزلەنمەيمىز؟! مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ئاھندە، سىزمۇ مېنى ياخشى كۆرىسىز. ئوتتۇرىمىزدىكى ساختا مۇناسىۋەتكە خاتىمە بېرىپ ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان، جەمئىيەتنىمۇ رازى قىلالايدىغان يېڭىچە مۇناسىۋەت يارىتايلى!

— ھېسام سىز خاتالىشىۋاتىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىڭىزنى چۈشەنمەيۋاتىسىز. مەن خۇددى ئېرىمنى ياخشى كۆرگەندەك سىزمۇ خوتۇنىڭىز رازىنى ياخشى كۆرۈشىڭىز كېرەك.

— ئېھتىمال، بۇ سىزنىڭ ئېرىڭىزگە بولغان

تۆيغۇڭىزدۇر، سىز ئېرىڭىزگە شۇنداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانسىز، ئەمما مەن ئايالىمغا بولغان ھېسسىياتىمنىڭ قانداقلىقىنى سىزدىن بەكرەك بىلىمەن.

— ھېسام، ئوتتۇرىمىزدا نېمە ئىشلار بولىۋاتقانلىقىنى زادى چۈشەنمىدىم، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق بىز ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ قويىمىز، مەن بۇنى كۆتۈرەلمەيمەن. جامائەتكە قالدۇرغان ياخشى تەسىراتىمنى قانداق يۇيىۋېتەلەيمەن! ئىشداشلىرىم ئارىسىدا، ئائىلەمدە ناھايىتى ياخشى نام - ئاتىقىم بار. مۇبادا كىشىلەر بىلىپ قالسا ئۇلارغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىمەن؟ بۇرۇن ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكى، خىزمەت قىلىشى، باراۋەرلىكى قاتارلىق ھوقۇق، خىزمەت جەريانىدا ئىشداشلىرى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىش ھوقۇقى توغرىسىدا دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالامدۇ؟ مەن ساختىپەز بولۇپ قالامدىمەن؟ مەن بۇرۇن سىزنى ئۆزۈمنىڭ يېقىن ئىشدىشىم دەپ ئېرىمگە تونۇشتۇرغانىدىم، كېيىن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسام، مەن ئېرىمنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىش، ئايالىڭىزنى ئالداش كويىدا يۈرگەن چۈشكۈن ئايالغا ئوخشاپ قالامدىمەن؟

— شۇنداق ئويلاشقا ھەققىڭىز بار، ئەمما سىز ئۆزىڭىزگە بۇنداق قاتتىق تەلەپلەرنى قويۇپ كەتمەڭ، بىز ھەممىمىز ئادەم.

شۇ كۈنى كېچىسى مەن ئۇيقۇدىن بىدار بولدۇم، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ قاتتىق ئازابلاندىم. ئوتلۇق خۇرسىنىشلار كۆكرەك قەپىسىمنى «تارسىسدە» قىلىپ يېرىۋەتكىلى قىل قالاتتى. يېنىمدا ياتقان ئېرىم مېنىڭ پەرىشانلىقىمدىن ئازاراقمۇ خەۋەردار ئەمەس ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟ . . جېنىم ئېرىم، بىز ئايرىلىپ كېتەيلى، باشقا بىرسىگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى، دەيمەنمۇ . . ئىش مۇشۇنداق ئاددىي بولارمۇ؟

بىز ئون يىل بىرگە ياشىدۇق، ئىلمەن، ئابلەي دېگەن ئىككى بالام بار، ئائىلىمىزنىڭ بەختى، خۇشاللىقى ئۈچۈن ئون يىل كۈرەش قىلدۇق. مەن پۈكۈلمەس قۇدرەت، يېڭىلمەس سەۋرچانلىق بىلەن ئېرىمنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولدۇم، ئائىلىنىڭ، خىزمەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممەمگە ئالدىم.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى بىلەن يوق قىلىۋېتىش كېرەكمۇ! ھېسام، مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق، ئاجىز، ناتىۋان؟ نېمە ئۈچۈن سىزدەك ئاجىز، بوشاڭ بولۇپ قالىمەن.

سىز نېمىشقا بىز ئورتاق مەشغۇل بولۇۋاتقان خاسىيەتلىك ئىشنى بۇزۇۋېتىشكە ئۇرۇنسىز؟ نېمىشقا بۇ تەتقىقات ئىشىنى كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالىدىغان ئىشقا ئايلاندۇرۇش ئۈمىدىدە بولىسىز؟

ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. مەن ئىشقا باردىم، ھېسام لايىھەنى تاپشۇرۇپ بولۇپتۇ. بۈگۈن مۇدىرىيەت لايىھەنى يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا قارار چىقىرىدىكەن.

مەن بۇرۇنلا ھېسامغا لايىھەگە ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى يېزىڭ دېگەنىدىم، نېمىدېگەن بىلەن بۇ ئۇنىڭ لايىھەسى ـ دە! مەن پەقەت ئانچە ـ مۇنچە تەكلىپلا بەردىم. ھېسام دەسلەپتە قاتتىق تۇرۇۋالدى، ئەمما كېيىن مېنى كۆندۈرەلمەي تەلىپىمگە قوشۇلۇپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنىلا يازدى.

ھېسام، لايىھىڭىزدىن چېكىنىپ چىققانلىقىم سىزنى بىر قانچە ھەپتىگىچە كۆرۈنمەك، ماڭا ھەر كۈنى دىدارىڭىزنى كۆرسەتمەك دېگەنلىكىممۇ؟

مەن سىزنىڭ ھەر كۈنى كاتىبات ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ لايىھىڭىزنىڭ ھەرقايسى تارماقلارنىڭ نۆۋەت بىلەن كۆرۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى، لايىھىڭىزنىڭ

شىركەتنىڭ كارىدورىدا، ئىشخانىدا ياكى مەلۇم بىر تارماقتا يىتۇپ كېتەرمۇ دەپ ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن... مېنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرىم بار، مەن ھەممىنى پەرەز قىلالايمەن. مۇبادا مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام، مەنمۇ بىر دەقىقە بىپەرۋالىق قىلىمىغان بولار ئىدىم. مەن سىزگە ئوخشاش تەشۋىشلەنمەي يۈرۈيمەنمۇ؟... ئەجەبا مەن سىز بىلەن بىرگە ئىشلىمىگەنمۇ؟!

بىز ئورتاق لايىھىنى تۈزۈۋاتقاندا پەيدا بولغان ھېسسىياتنى ۋاقتىنچە بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرايلى، شۇ تاپتا مېنىڭ ئۇ لايىھە توغرۇلۇق سۆزلەشكۈم، ئۇ لايىھىنى دەپ سىزنى ئەيىبلىگۈم يوق. ئەمما قانداقلا بولسۇن، ئۇ لايىھىنى تۈزۈش ئۈچۈن مەن سىز بىلەن بىرگە ئىشلىدىم، ئۇ لايىھە ئۈچۈن سىزگە ئوخشاشلا تەشۋىشلەندىم. شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ ئۇ لايىھىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن سىز بىلەن تەڭ كۆڭۈل بۆلۈش ھوقۇقۇم يوقمۇ؟!

مەن خاتىرجەمسىزلىك، تەشۋىش ئىچىدە يەنە بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزدۈم، ھېسسام مېنى تامامەن ئەسىر قىلىۋالغاندى. لايىھىنىڭ ماقۇللانغانلىقى ۋە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر قۇلىقىمغا يەتتى، بىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىدۇق! بۇ خەۋەرنى ماڭا ئۇ ياكى ئۇنىڭ ئىشداشلىرى ئەمەس، ئىشخانامدىكى ئىشدىشىم مۇتىۋەللى تاغا يەتكۈزدى.

مەن نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدىم. مەن خىجىل بولمۇدۇم، باشقا ياققىمۇ قارىمىدىم.

كۆز ياشلىرىم جىمى ئەندىشىلىرىمنى، بىز بىرگە ئىشلىگەن بىر قانچە ئاي جەريانىدا پەيدا بولغان تەشۋىشلەرنى يۇيۇۋەتتى، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسىنى يۇيۇۋەتتى... مەن ئەمدى نېمە دەيمەن؟!

هېسام، سىز بۇ خەۋەرنى ماڭا نېمىشقا ئۆزىڭىز كېلىپ دېمەيسىز؟

مېنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈم، سىزگە يۈزتۇرانە رەھمەت ئېيتقۇم بار ئىدى.

قارىغاندا، بىزنىڭ قابىلىيەت - ئىقتىدارىمىز كۈچەيگەن دەملەردە هېسسىيات جەھەتتە قايتا ئاجىزلىق قىلمىغۇدەكمىز. هېسام، لايىھىنىڭ ماقۇللىنىشى سىزگە كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدى، سىز ئەمدى بىرسىنىڭ مەدەت بېرىشىگە موهتاج بولمايسىز. ئەمما بۇ سىزنى رەھىمسىز بولۇڭ، باشقىلارنىڭ هېسسىياتىغا كۆڭۈل بۆلمەڭ دېگەنلىكتىن دېرەك بېرەمدۇ؟ سىز ئەسلىدە بۇ خەۋەرنى ماڭا ئۆزىڭىز يەتكۈزۈشىڭىز كېرەك ئىدى، شۇنداق قىلسىڭىز هېچقانچە ئىشىڭىزغا كاشىلا بولمايتتى، سىزنىڭ شەخسىيەتچىلىكىڭىز، رەھىمسىزلىكىڭىز قەلبىمدىكى سىزگە بولغان هېسسىياتىمنى ئۈزۈل - كېسىل بەربات قىلىۋەتتى. مەن سىزنىڭ ساختا هېسسىياتىڭىزغا باش ئۇرغىلى، خاتا يولغا مېڭىپ سالغىلى تاس قاپتىمەن ئەمەسمۇ.

شۇ كۈنى مەن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ هېسامنىڭ مەن چۈشەنمەيدىغان بىر خىل سەۋەب بىلەن قەستەن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى سېزىپ يەتتىم. ئېرىمنىڭمۇ بۇ خەۋەردىن خەۋەر تاپقانلىقىنى بىلدىم. ئېرىم بۇ خەۋەرنى هېسامدىن ئاڭلاپتۇ. مەن ئۆيگە كېلىشتىن ئىلگىرى هېسام ئېرىمگە تېلېفوندا خەۋەر قىپتۇ. هېسام ئېرىمگە مېنىڭ خاتالىقىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندەك قىلاتتى — چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئايالى ئىدىم — ئۇ بۇ خەۋەرنى مەندىن ئېرىمگە بۇرۇنراق يەتكۈزۈپ قويۇشنى نىيەت قىلغانىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى ئۈچۈن سورىغان ئەپۇسى ۋە ئاشۇ خىل هېسسىياتنىڭ خىزمەتنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۈزۈل - كېسىل ئاياغلاشقانلىقىنى رەسمىي جاكارلىشى ئىدى.

ئېرىمنىڭ ئاۋازى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ مېنى

قۇچاقلىدى، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىمىز ئۈچۈن خوش بولۇشتى.

تېلېفون جىرىڭلىدى، مەن رازىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ مېنى تەبرىكلىدى ۋە ماڭا چىن دىلىدىن رەھمەت دېگىنىچە:

— ئاھىدە، شۇ تاپتا ئېرىم يېنىمدا، ئۇ سىزنىڭ ئۆزىگە ئىشلىشىپ بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت ئېيتماقچى.

— تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن ھېسامنىڭ قەتئىي، ئىشەنچىگە تولغان ئاۋازى ئاڭلاندى... ئۇ، مەغلۇبىيەت ئازابلىرىنى يېڭىپ قەيسەرلەشكەن، ئەمدى يېنىمدا ماڭا ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئادەم بولمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەن ئاۋاز ئىدى.

كەچتە بىز — مەن، ئۇ، ئېرىم ۋە ئۇنىڭ ئايالى رازى — بۇرۇنقىدەك بىزنىڭ ئۆيدە جەم بولدۇق، مەن بۇنداق جەم بولۇشنىڭ نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم! رازى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى، ھېسام ئۇنىڭ ئېرى ئىدى. ئېرىممۇ ماڭا ئوخشاش تۇيغۇدا بولغانىدى. بىز ئۇلارغا كەچلىك غىزا قىلىۋاتقىنىمىزدا ئۇقۇلىقىمغا پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئاھىدە، سۆيۈملۈكۈم، مەن ھەر كۈنى سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن يېڭى ۋە گۈزەل نەرسىلەرنى بايقايمەن! — دېدى.

مەنمۇ سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن شۇنداق نەرسىلەرنى بايقايمەن، سۆيۈملۈك ئېرىم، يەنە تېخى رازى، ھېساممۇ بار. قىسقىسى، ھازىر ھەممە نەرسە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

ھېسام ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن ماڭا كۆڭلىنى چۈشەندۈردى، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ھېلىقىدەك مۇناسىۋەت ئاياغلاشتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى مەن ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن بەختلىك ھېس قىلدىم. لايىھىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى، خىزمىتىمىزنىڭ ئاياغلاشقانلىقى ئۈچۈن بەختكە چۆمۈلدۈم، ئەسلىدىكى باش ـ ئايىغى يوق قالايمىقان ئىشنىڭ مەن ئۈمىد قىلغاندىكىدەك، مېنىڭ ئويلىغىنىمدىكىدەك يېڭىۋاشتىن ئىزىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ شادلاندىم.

# قىزىل قۇش قەپىسى

## سوفىيە ئابدۇللا (مىسىر)

سوفىيە ئابدۇللا (1925 —— ) مىسىرلىق ئايال يازغۇچى، تەرجىمىشۇناس، ئىنگلىز، فرانسۇز، ئىتالىيان تىللىرىدىكى چەت ئەل مەكتەپلىرىدە ۋە قىزلار ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان، ئائىلىسىدە ئەرەب تىلى بويىچە تەربىيە ئالغان. 1942 ـ يىلىدىن باشلاپ پىروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1948 ـ يىلىدىن كېيىن «ھىلال ئاي» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولغان، 1955 ـ يىلى ـ يىلى «ھاۋا ئانا» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ «سىزنىڭ مەسىلىڭىز» ستونىغا رىيەسەتچىلىك قىلغان.

سوفىيە ئابدۇللا مول ھوسۇللۇق يازغۇچى، ئۇنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئاياللار ئالدىدىكى مەسىلىلەرنى كۆپ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ «نېفور پەشتىقى» «بەدەن ئويۇنى» «پۇشايمان ياشلىرى» «قۇملۇق قەسىرى» «قەلبىدىكى بوران ـ چاپقۇن» قاتارلىق رومانلىرى، «قىزلار مەكتىپى» «يېرىم ئايال» «بەدەل تۆلەنگەن كېچە» «تۆت ئەر، بىر قىز» قاتارلىق ئون نەچچە ھېكايىلەر توپلىمى بار.

قانداقتۇر بىر نەرسە قاراڭغۇغا يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى، ئۇ ئۇچى قۇرقۇنچلۇق ۋەھىمىگە تولغانىدى. ئۇ تۆشەكتە كۆزى ئوچۇق ھالدا ئۇخلىمىغا ياتاتتى، ھەر بىر مىنۇت ناھايىتى ئەستە ئۆتەتتى. ئۇيقۇ ئۇنى ئەخمەق قىلغاندەك، كۆزلىرىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ دىلغۇللۇق ئىچىدە يېتىپ خىيال سۈرەتتى. ئۇي بارغانسېرى تارىيىپ كېتىۋاتقاندەك نەپەسلىنەلمەي قالدى، پۈتۈن بەدىنىدىن پۇرقىراپ چىققان تەر توختىماي ئاقاتتى.

ئۇ ئادەتتىكىدەك قوللىرىنى سوزۇپ ئەتراپنى سىلاشتۇردى، بارمىقى كارىۋات بېشىدىكى ئۈيقۇ دورىسىغا تەگدى، ئۈيقۇ دورىسىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى، ئاندىن تۇز ئولتۇرۇپ ئىستاكاندىكى چاينى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق مېۋىلىرىنى يېيىش ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شورى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تاللاپ بولغانىدى، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزى تاللىغان مېۋىنى ئۇزۇۋاتاتتى.

ئۇ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشنى ئۆزى ئارزۇ قىلغان بولسا كېرەك.

كىشىلەر ياشلىق دەۋرىدە ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە سەل قارايدۇ، ئۆتتۈرا ياش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۆزىنى كولدۇرلاتقان ئارزۇلارنىڭ يوقالغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىشكە باشلايدۇ؟ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگەندە يۈرىكى ئازابتىن پۈچۈلىنىدۇ.

ئۇنى مۇگدەك باستى.

ئۇ قىز چاغلىرىدا ناھايىتى گۈزەل ئىدى، چەت ئەلدە ئوقۇغانىدى. ئۇ چاغلاردا قىزلارنىڭ ئوقۇشى ئاسان ئەمەس ئىدى، تۇرلۇك توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرايتتى. پاراخوت بىلەن چەت ئەلگە بېرىپ بەخت ـ تەلەيدىن بەھرىمەن بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا سىز قانداق تەسىراتتا بولارسىز؟ بۇنداق بەخت ـ تەلەينى ھەتتا ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلارمۇ مۆجىزە دەپ بىلىدۇ. ئۇ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چەت ئەلچە گەپ قىلدى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ گويا ئۆزىنى ئۇلارغا تامامەن ئوخشىمايدىغاندەك ھېس قىلدى.

خەتلەر قار ئۇچقۇنلىرىدەك توختىماي كېلىشكە باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ بىر پارچە سۆيگۈ مەكتۇپىنى كۆرۈپ قالدى ۋە كۆرۈپلا ئاغزىنى دومسايتتى، زەڭگەر كۆزلىرى غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ كەتتى. ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭغا قايسىسى لايىق

بولالايدۇ؟ ئوقۇتقۇچى، ئادۋوكات، خىزمەتچى قاتارلىقلارنىڭ بۇ قىزغا قولى يەتمەيتتى... توغرا، ئۇ دېگەن مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا ئىقبال دەرۋازىسى داغدام ئوچۇق ئىدى. ياۋروپاغا چىقىپ ئۇنىڭدەك سالاھىيەت ھازىرلىغانلاردىن نەچچىسى بار؟ ئىنتايىن ئاز. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان ئادەمنى كۈتتى. ئۇ ئالدىرىمايتتى، كۈنلىرى ئۇزۇن ئىدى.

ئۇنىڭ ئوقۇرى ئېگىز بولغاچقا ھېچكىمنى نەزىرىگە ئىلمايتتى، يىگىتلەرنى ئۈچ - تۆت ئېغىز گەپ بىلەن كولدۇرلىتىپلا يولغا سېلىپ قوياتتى. كېيىن كۈنلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئايلار، ئايلارنىڭ ئارقىسىدىن يىللار ئۆتۈۋەردى. چىققان لايىقلارنى سوغۇق تېگىپ رەت قىلىۋەتكەچكە، كېلىدىغان سۆيگۈ مەكتۇپلىرىمۇ ئازلاپ كەتتى، ئاخىرى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ ئوتتۇرا ياشقا قەدەم قويغاندا بالداقمۇ - بالداق ئۆرلىدى، ئەمما ياشنىڭ ئىزنالىرى مۇسكۇللىرىدا ئاستا - ئاستا ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ئۆزىدىن خوپلا كىچىك بىر يىگىت ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ئۇسۇپ كىردى. يىگىت مېدىتسىنا ئۇنۋېرستېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، بەستى تولىمۇ قاملاشقان ئىدى، يىگىتنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىدى.

ئۇ يىگىتنى ئىچ پۇشقىنىنى چىقىرىدىغان ئەرمەك قىلىۋالدى. يىگىتتىن قورقمايتتى، كىشىلەرمۇ ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇمايتتى، چۈنكى بۇ يىگىت ئۇنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىتنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ ياخشى دوستى ئىدى. يىگىت ياخشى قىسمەتكە يولۇقۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى، ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ ياشلىقنىڭ ھاياتىي كۈچى بىلەن يېڭىۋاشتىن تىرىلىپ گۈلدەك ئېچىلغاندەك، بىردىنلا ياشىرىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياتىي كۈچكە

تولۇپ، يىگىرمە ياشلىق گۈزەل قىز سىياقىغا كىردى.

ئۇ يىگىت بىلەن بىللە تۇردى. بۇ ئۇ ياشلىق دەۋرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان تۇرمۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرمۇش لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى، ئەمما ئۇنىڭدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولۇشقا ئۇلگۇرمەيلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قېرىلىق ئوقلىرى تېگىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەمما يىگىت ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە باشقىچە بىر خىل كۆز بىلەن قارايتتى. يىگىت: مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ماڭا تىگىڭ، دەپ ئۇنىڭغا تەلەپ قويدى، يىگىت ئۇچۇن ياشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى مۇھىم ئەمەس ئىدى، يىگىت بۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. يىگىت ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنى بولسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلاتتى.

يىگىت ئۇنىڭغا شۇنداق تەلەپ قويغاندا ئۇ بۇ گەپلەرنى قىزىق چاقچاق، يىگىتنىڭ خىيالى، گۇدەكلەرچە ئارزۇ دەپ بىلدى. يىگىت خاپا بولدى. ئۇ يىگىتكە يېقىن كېلىپ يىگىتنى بەزلىدى، كۇلدۇردى، ئاخىر ئامالسىزلىقتىن يىگىتنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. چۈنكى ئۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىگىتنىڭ ئاينىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما، ۋاقىت ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ھېلىقى چاقچاق راستقا ئايلىنىپ، ئەرزىمەس بۇ ئويۇن ئۇنى پەرىشان قىلىپ قويغانىدى...

يىگىت قاملاشقان بىر ئەر بولۇپ يېتىشتى. ئۇ ھەر قانچە ياسانغان بىلەنمۇ يەنىلا قېرىلىق يولىغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇ بۇ پەرقلەرنى يوقىتىش ئۇچۇن تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەرقلەر گاھى يوشۇرۇن، گاھى ئاشكارا تۇس ئالاتتى.

يىگىت تەييارتاپلىق قىلىشقا ۋە بىر قىسىم ئالىقاپلار بىلەن يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىگىتكە مەسئۇلىيىتى بار ئىدى،

يىگىتنى ئاپىسى قاھىرەگە بىللە ئەكېلىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئوغلۇمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇڭلار، دەپ تاپىلىغانىدى ۋە ئۇنىڭدىن ئوغلۇمغا ئوبدان قاراپ قويارسىز، دەپ ئۆتۈنگەنىدى. يىگىت ئۇنىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر ئوپچا تۇرالغۇدا تۇردى، ئەمما ئۇچ ۋاقلىق تامىقى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تامامەن ئۇنىڭدىن بولدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ياشىنىپ قالغان ئاتىسى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان يەنە بىر قېرى قىز بار ئىدى، يىگىتمۇ بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى. ئاتىسى قىزىغا بەك ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ يىگىتكە ياتلىق بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمايتتى. قىز ئاتىسىنىڭ ئالقىنىدىكى ئەتىۋارلىق گۆھەر ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزنىڭ ياشلىق باھارى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. يىگىتنىڭ ئىقبالى پارلاق، كېلىپ چىقىشىمۇ پاك ئىدى، شۇڭا بۇۋاي يىگىتكە بەك ئامراق ئىدى. ھېسابتا يىگىت بوۋاينىڭ ياردەمچىسى ئىدى، شۇڭا ئۆزىنى بۇ ئائىلىنىڭ ئەركە بالىسى دېسىمۇ بولاتتى.

ئۇنى ناھايىتى تېزلا غەم باستى. ئۇ سۇدەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتقا قاراپ يىگىتنى قولىدىن چىقىرىپ قويۇشتىن ۋايىم يەيتتى. ئۇزۇن كېچىلەردە خىيال سۇرەتتى: مەن يىگىرمە بەش ياشلىق يىگىت بىلەن توي قىلسام مۇۋاپىق بولامدۇ. بۇ يىگىت ماڭا تېخىمۇ ئۇستۇن شەرت قويارمۇ؟ ئىككىمىزنىڭ تويى ئىختىيارلىقنى ئاساس قىلارمۇ ياكى ئازدۇرۇشنىمۇ؟ تويدىن كېيىنكى تەقدىرىم قانداق بولار؟ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن؟ مېنىڭ يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئۇنىڭ بولسا ھازىر تازا ۋايىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ مېنى دەپ ياشاۋاتامدۇ - يوق، بۇنى كىم بىلىدۇ؟ قارا نىيەت دوستلىرى ئۇنى ئۆز يانلىرىغا تارتىپ ئارىغا ئېلىۋالدى، ئۇ ئاشۇ دوستلىرىدىن ۋاز كېچەلەمدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام قانداق بولار؟ ئۇنىڭغا تەسىرىمنى ئۆتكۈزۈلەرمەنمۇ؟

ئۇ ھەر كۈنى تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى، چۈنكى يىگىت ئوقۇش پۈتتۈرۈش، ئەر بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. يىگىت ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ يىگىتكە بويسۇنۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىش! ئەمما بەزىدە ئۇ خاپا بولۇپ يىگىتنى ئەيىبلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ئاچچىقلاپ بىر قانچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئاياغ باسمايتتى. بۇ چاغلاردا ئۇ قاتتىق بىئارام بولاتتى، ھەسرەتلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ ئاتىسى يىگىتكە نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قوياتتى، بۇرۇنقى ئاداۋەت يېشىلىپ كېتەتتى، بۇرۇنقىدەك ئىناق ئۆتۈشەتتى. كۆڭۈلسىزلىكتىن كېيىن ئۇ يەنە كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلايتتى، ئۆي ئىچىنى شادلىق، كۈلكە ئاۋازى قاپلايتتى. ئۇ ئۆزىنى، ئۇ يىگىتسىز ياشىيالمايدىغاندەك، ئۇنىڭسىز ئۆتكەن تۇرمۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەردەك، ئۇلا بولسا ھايات مەزمۇنلىرى كېڭىيىپ، ھەممە نەرسە ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇدەك دەرىجىدە نۇرلىنىپ كېتىدىغاندەك سېزەتتى.

دوستلىرى ئۇنىڭ ئۇ يىگىتنىڭ بولغۇسى ئايالى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار يىگىت ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئاشۇ كۈننى، بۇ ھاكاۋۇر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلىدەك بىر يىگىت بىلەن قاندان توي قىلىدىغانلىقىنى بىر كۆرسەك دەپ چىشلىرىنى بىلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

دىپلوم ئالىدىغان يىلمۇ ئاياغلىشاي دەپ قالدى. دەل شۇ كۈنلەردە ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. تېخىمۇ كۆپرەك ھۇزۇر-ھالاۋەت سۈرۈش ئۈچۈن يىگىتنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىشىغا توغرا كەلدى! ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى ۋە ئۇ يەردە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ يەتتى. يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەرگەنىدى. يىگىت ئۇنىڭغا بەك كۆيۈنۈپ كەتمەيتتى، ھەمىشە پەرۋاسىز

قارايتتى، پات ـ پات كەلمەيتتى، خاپىلا يۇرەتتى، ئۇنىڭ ھەر قانداق ئىشى يىگىتنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەيلە ـ ساياھەتكىمۇ چىقمايتتى، كۆپىنچە ۋاقتىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزەتتى، ئۇنىڭ ئاتىسى چىللىسا كېلەتتى، بولمىسا كۆپ كەلمەيتتى.

ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام ئاقىلانىلىق بولارمۇ؟ ــ دەپ ئۆز ئۆزىدىن سورىدى ئۇ، ــ بۇ توي ئىشى ماڭا لايىق كېلەرمۇ؟

ھاۋايى ـ ھەۋەس ئۇنى ئۆزىگە تارتاتتى، يىگىتكە بولغان مۇھەببىتى كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ دەل يىگىتنىڭ قىران چاغلىرى ئىدى، يىگىت بىلەن گۈزەللىك بابىدا بەسلىشەلەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. يىگىت بولمىسا ئۇنىڭ ھاياتى نېمە بولۇپ كېتىدۇ ـ ھە؟ ئۇ قەھەتچىلىكتە ۋە بۇرۇقتۇرمىلىقتا ئۆتىدۇ شۇ!

يىگىت ئۇنى ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپىسىدىن، مەنىۋى قۇدرىتىنى خورىتىۋېتىدىغان خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ــ ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئېرىشكەن كەسپىنى تاشلاپ كېتىمەنمۇ؟ سىز قاھىرەدىن خىزمەت تاپالايسىزغۇ.

ــ ياق، سىز ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىڭىز، ماڭا پەرزەنت تۇغۇپ بېرىشىڭىز كېرەك، مەن سىزنى پالانى مۇپەتتىش خانىم ئەمەس، پالانى دوختۇرنىڭ ئايالى قىلمىسام بولمايدۇ.

ــ پەرزەنت كۆرۈش؟ ماڭا بالا كېرەكلىكىنى سىزگە كىم دېدى؟ مەن پەرزەنت كۆرۈشنى خالىمايمەن.

ــ ئەمما مەن خالايمەن.

ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغاندەك، ۋۇجۇدىدىن قان تاراملاپ ئېقىۋاتقاندەك، پەلەك پىرقىراپ، زېمىن چۆرگىلەۋاتقاندەك بولدى. يىگىت ئۇنىڭ زادى

تۇغمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇ تۇغىمەن دەپمۇ تۇغالمايتتى. ئۇ يىگىتنىڭ بوغۇق ئاۋازىدىن ئويغاندى.

— ئەمىسە ھەر قايسىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى!

ئۇ غەزەپتىن ۋارقىراپ تاشلىدى، تومۇرلىرىدىكى قان قايناپ - تاشقاندەك بولدى.

— سىز مېنى ھۆرمەتكە لايىق ۋەزىپىدىن ۋاز كېچىپ سىزدەك ئىقبالى نامەلۇم يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ سىــــز، مەن ئەمدى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ دوختۇر بولدۇم، بېشىمغا تەلەي قۇشى قوندى، پۈتۈن دۇنيا پەقەت مېنىڭ ئايىغىم ئاستىدىلا چۆرگىلەيدۇ دەمسىز؟ ئىشىڭىزنى قىلىڭ! سىزمۇ ئۆز يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ! مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا سىزگە ئورۇن يوق!

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ھۇجرىسىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى ۋە ئىشىكنى «جالاققىدە» يېپىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى، يىگىتنىڭ ئىشىك چەككەنلىكىگە زادى قۇلاق سالمىدى.

ئۇ كارىۋاتتا قانچىلىق ياتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆينىڭ قاراڭغۇلۇققا چۆككەنلىكىنى كۆردى. ئۆي ئۇنىڭغا ناھايىتى قاراڭغۇدەك، ناھايىتى چوڭدەك، ناھايىتى قورقۇنچلۇقتەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ قولىنى سوزۇپ كارىۋات بېشىدىكى چىراغنى ياندۇردى، چىراغ خىرە - شىرە نۇر چاچاتتى. ئۇ ئۇلۇغ بىر تىندى.

ئۇ رەستىدىكى تۇرلۇك ئاۋاز - سادالارنى ئاڭلىــــدى. پەلەكنىڭ چاقى ئۆز قانۇنىيىتى بــويىچە چــۆرگىلــەۋاتاتتــى. ئــۇ قايغۇ - ھەسرەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيدى.

سۇ ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى بەتتەم تەمنى يوقىتىۋېتەلمىدى، ئەكسىچە زەرداپ سۇ سۇغا ئارىلىشىپ كەتتى.

ئۇ خامۇش هالدا كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا چىقتى، بىرمۇ ئادەم بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭدىن نەگە ماڭىدىغانلىقىنى سوراپ قويمىدى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بوۋاينىڭ ئۆز هۇجرىسىدا تۇرۇپ ئىشىك يوچۇقىدىن ئۆزىگە قاراپ قويۇپ يەنە شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلغانلىقىنى كۆردى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا يىراقتىن قاراپ قېلىشتى. ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ تۇۋرۇكى ئىدى. قېرى قىز سىڭلىسى ئۇنى «ئايال خوجايىن» دەپ ئاتايتتى، شۇڭا ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى.

ئۇ خىيال سۈرگەچ ئەزمىلىك بىلەن بىنادىن چۈشتى، پۇتلىرى تاياقتەك قېتىپ قالغاچقا زادىلا قولاشمايتتى.

ئۇ رەستىدىكى ئادەملەر قايىنىمىغا كىرىپ بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىك سالاهىيىتىنى تىرىشىپ ساقلاپ كېتىۋاتاتتى. رەستىدە هەر قىسىم ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايال ئوقۇتقۇچىلار، قىز ئوقۇغۇچىلار، ئورگان خىزمەتچىلىرى، باشقۇرغۇچى خادىملار كۆزگە چېلىقاتتى، ئۇ بۇ دۇنيانى بىر ئورگانغا ئوخشىتاتتى.

ئۇنىڭ ئاغزىدىكى بەتتەم تەم تېخى تۈگىمىگەنىدى.

ئۇ كېلەر هەپتىنىڭ پىلانى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇنقى قىز ئوقۇغۇچىلارنى ۋە هازىرقى تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلەرنىڭ ئەهۋالىنى ئويلاۋاتاتتى، نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇلار پەرۋاسىزلىق قىلىپ هەمىشە پىلاننى ئورۇنداپ بولالمايتتى، هەمىشە توي قىلدىم، ئانا بولدۇم، تۇغۇتلۇق دەم ئېلىشنى ئالىمەن، دەپ تۇرۇۋالاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغزىدىكى زەرداپقا چىداپ تۇرالمايۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى.

ئۇ بىر سوغۇق ئېچىملىك دۇكىنىنى ئالدىغا كېلىپ

توختىدى.

سېرىق كۆڭلەكلىك يىگىت ئۆتنىڭغا بىر قوتا سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ قوتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ سوكوت ئىچىدە يىرگىنچ بىلەن سوغۇق ئىچىملىكنىڭ پۇلىنى تۆلىدى، يىگىت ئۆتنىڭغا پەرۋاسىزلىق بىلەن پارچە پۇل قايتۇرۇپ بەردى.

يىگىت توختىماي ئىسقىرتىپ تۇراتتى، بۇ ئاۋاز گويا گىتار ئاۋازىدەك جىمجىتلىقنى بۇزاتتى. ئۇ ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن يىگىتكە قارىدى.

يىگىت كۆلگىنىچە كۆرەك قىياپەتتە دۇكاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا قاراپ قويدى.

كىچىك بىر قەپەستە بىر قۇش تۇراتتى، قەپەس سارغۇچ يېلىنجاۋاتقان گۈلخانغا، يەنە بىر قارىسا ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بويۇمىغا ئوخشايتتى. قۇش تورۇستىكى يېنىۋاتقان چىراغقا قاراپ سايراۋاتاتتى. ئۇ گويا چىراغ نۇرىدىن ئەھۋال سوراۋاتقاندەك، چىراغ نۇرى بىلەن سىردىشىۋاتقاندەك سايرايتتى.

يىگىت ماختانغىنىچە:

— بۇ ئەخمەق شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئالدانغىنىنى بىلەي، چىراغ يورۇقىنى كۈن نۇرىغا ئوخشىتىپ سايراۋاتىدۇ، — دېدى.

ئۇ ئۆزى سەزمىگەن هالدا يىگىتكە ئۇ ئوڭايسىز هالغا چۈشۈپ قالغانغا قەدەر تىكىلىپ قارىدى. قۇش ئەخمەقمۇ - ئەمەس، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نېمە كارى! قۇش پەقەت نۇر بولغاچقىلا شادلىققا چۆمۈپ خەندان ئۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىتتىن توغرىدىن توغرىلا:

— ئۇ قۇشنى ساتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

يىگىت مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېتىلىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتقىنىچە قەپەسنى ئېلىپ كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ كېتىۋاتاتتى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق قارىشى بىلەن كارى يوق ئىدى. قەپەستىكى سېرىق قۇش قۇياش نۇرى بىلەن چىراغ نۇرىنى ئايرىماي نۇر ئۇچۇن خەندان ئۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

# يېرىم كېچىدە كەلگەن خانىم

## زەينەپ سادىق (مىسىر)

*زەينەپ سادىق (1935 — ) مىسىرلىق ئايال يازغۇچى، زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1958 - يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر «خەيرلىك سەھەر» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر. ئۇ 60 - يىللاردىن باشلاپ ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئاساسلىق رومانلىرىدىن «كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر كېلىدۇ» «ياز» «ئوغرىلىما غايەمنى» «ئاخىرقى قىش كېچىسى»، پوۋېستلىرىدىن «مارىيە»، ھېكايىلەر توپلىمىدىن «قۇتۇلدۇرغىن چۈشۈمدىن مېنى» «مۇھەببەت يېقىن كەلگەندە»، نەسىرلەر توپلاملىرىدىن «مۇھەببەت تەتقىقاتى» «مۇھەببەت ۋە نىكاھ» قاتارلىقلار بار.*

تۈن نىسبى بولاي دېگەن چاغ، ھاۋا ئادەم تىنالمىغۇدەك دەرىجىدە تىنجىق ئىدى. بۇ تۇيغۇ ئادەمگە شۆبە ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ پەرىشانلىقىدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلاتتى.

باشلىق ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتى، دېلو مەلۇم قىلغىلى كەلگەن بىر توپ كىشى كەتكەندىن كېيىن ئىشخانا ئاخىرى جىمجىتلىققا چۆمدى. ئۇ توك شامالدۇرغۇچقا قارىدى. ئىشخانىنى تېخىمۇ زېرىكىشلىك تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەن شامالدۇرغۇچنىڭ ئاۋازىمۇ ئۇنىڭ پەرىشانلىقىنى بېسىپ چۈشەلمىدى. تىنجىق ھاۋا ئۇنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ بۇرۇختۇم قىلىۋەتتى. ئۇ تۇغۇلۇپ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىماقتا ئىدى.

شامالدۇرغۇچنىڭ ئاۋازى گويا ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىمەن دەپ ۋاتىلداپ توختىمايدىغان كىچىك خوتۇنىنىڭ ئاۋازىدەك چىقاتتى. ئۇ زېرەك، ئىقتىدارلىق، خىزمەت نەتىجىلىرىمۇ ناھايىتى كۆرۈنەرلىك ئادەم ئىدى. بۇرۇن ئۇنىڭ ئوردىنىغا ئېرىشىپ دەرىجىسى ئۆسكەنىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ خوتۇن - قىزلار باش ئۇرىدىغان بىر مەبۇد ئىدى. ئەمدى شۇ تاپتا خوتۇنى ئاجرىشىمەن دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا ئون يىل بولغان، ئوغلى تېخى كىچىك ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ خوتۇنىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ئۇ بۇ ئىشنى دوست - بۇرادەرلىرىگە دېمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئۆمۈر بويى بىرگە ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. مۇبادا ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئالاھىدە بىر خىل تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىۋالغان بولسا، ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ، ئائىلىدىن يىراق تۇرسا تامامەن بولاتتى. ئەمما بۇ چارە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلمەيتتى، ئۇ خوتۇنى بىلەن كېلىشىپ قېلىشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پايدىسى بولمىدى. بەزى دوستلىرى ئۇنىڭغا ئاشۇنداق ئالاھىدە تۇرمۇش ھالىتىنى ساقلاپ قال دەپ دالالەت قىلغان بولسىمۇ، بۇمۇ ھېچنېمىگە دال بولمىدى.

ئۇ كېچىكىپ توي قىلغانىدى. ئىنچىل باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇياق - بۇياقلارغا چېپىپ يۈرگەن، ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئاتىۋەتكەن بولغاچقا، ئوتتۇز بەش ياشتا ئاندىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدى. ئۇ ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئىدارىدا سېھرى كۈچكە ئىگە بويتاق بولغانلىقتىن، خوتۇن - قىزلار ئۇنىڭغا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرەتتى، ئۆزىمۇ ئاياللارغا ئامراق ئىدى، ئۇلارنىڭ مەبۇدىسى بولۇشنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ كېچىكىپ توي قىلىشىغا ئېچىنىشلىق، ئەمما

ئۇلۇغ بىر مۇھەببەت سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ لايىقىنىڭ ھايات شامى ئۆچكەنىدى. ئۇ شۇ چاغدا قاتتىق ئازابلىنىپ ھەمىشە ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپىسى بۇ ئىشنى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش ئارقىلىق ھەل قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

ئاپىسىنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇ توي قىلىشقا ماقۇل بولۇپ، ياش، چىرايلىق، يىگىرمە ياشلىق بىر قىز بىلەن توي قىلدى. ئۇ قىز ئۇنى جەزمەن بەختلىك قىلالايتتى. ئۇ ياش جەھەتتىكى پەرقنى ئويلاپ بۇ توي ئىشىدىن سەل گۇمان قىلدى، ئەمما چىرايلىق قىزنى، قىزنىڭ تاتلىق كۈلكىسىنى ۋە ئائىلىسىنىڭ مال - بىساتىنى كۆرۈپ ماقۇل بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپىسمۇ قاتتىق سۆيۈندى.

ئەينى چاغدا پۈتۈن رايوندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كاتتا توي توغرۇلۇق سۆزلەشتى، ئەمما تويدىن كېيىنكى دەرد - ئەلەم بىلەن تولغان، ئادەمنى قاتتىق بىزار قىلىدىغان ئون يىل گويا تىنجىق ھاۋادەك ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلدى.

باشلىق كەيپىنى ئازراق كۆتۈرۈش ئۈچۈن ماشىنا بىلەن ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدى. بۇنداق ئىشقا يولۇققان قايسى ئادەمنىڭ كەيپى چاغ بولىدۇ دەيسىز! ئۇ سىرتقا چىقاي دەپ تۇرغاندا غۇنچە بوي بىر خانىم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىھرىدىن تەمكىنلىك، نازاكەت چىقىپ تۇراتتى، ئەمما كۆزلىرىدە مۇڭ، قورقۇش ۋە تەشۋىش يېغىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ خانىمغا بىردەم نەزەر تاشلىدى، ئەمما خانىمنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سورىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خانىم ئاۋۋال سۆز باشلاپ:

— بۇرۇنقى ئېرىمنىڭ ماڭا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزۈمگە بىر ھىمايىچى ئىزدىمەكچىمەن، — دېدى.

ئۇ خانىمنى ئولتۇرۇپ بىردەم دېمىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن كەچۈرمىشىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.

— بىر ئاي بولدى، بۇرۇنقى ئىرىم ماڭا سايىدەك ئەگىشىۋالدى. دەسلەپتە ئۇ مېنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى، مەن ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرلۇك ۋاستىلەر بىلەن ماڭا تەھدىت سالغىلى تۇردى، ئۆيۈمگە، خىزمەت ئورنۇمغا تېلېفون بەردى، يېرىم كېچىلەردە كېلىپ ئىشىكىمنى چەكتى. ئاتا - ئانام ئۇنداق قىلماي كېتىك دەپ نەسىھەت قىلدى، ئەمما بۇنىڭ پايدىسى بولمىدى. مەن بۈگۈن ئاخشام كەچرەك قايتىپ كەلگەنىدىم، قارىسام ئۇ قورۇيمىزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇخلاپ قالغاندەك قىلىدۇ، بەدىنىدىن گۈپۈلدەپ هاراق پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. مەن تېخى يانچۇقىدا بىر تاپانچىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆردۈم. مەن ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي بىنادىن ئاستا چۇشۇپ پاناهلىق تىلەپ يېنىڭىزغا كەلدىم.

— ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىنىڭىزگە قانچە ئۇزۇن بولدى؟

— بىر يىل بولدى.

— ئۇ نېمە دەپ بۇ بىر ئايدىن بۇيان سىزگە تەھدىت سالىدىغان بولۇۋالدى؟

— ئۇ ياش بىر قىز بىلەن تېپىشىۋالغاندىن كېيىن مەن ئاجرىشىپ كېتەمەن، دەپ تەلەپ قىلدىم، ئۇ قارشى تۇرمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇم. ئەمما ئۇنىڭ تويى ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئارقامغا كىرىۋالدى.

— سىز نېمىشقا ئۇنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەتمەيسىز؟

— مەن ئۇزۇن سەۋر قىلدىم، نەق بەش يىل ئەلەم چەكتىم.

— بالىڭىز بارمۇ؟

ئايال بېشىنى چايقىدى:

— ياق.

— نەچچىگە كىردىڭىز؟

— قىرىققا، ئالدىنقى ئېرىم ئەللىككە كىرەي، دەپ قالدى.

بۆرۈن، — دېدى ئايال ئاچچىق كۈلگىنىچە، — مېنىڭ خىزمىتىم ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. توي قىلىدىغان چاغدا يېشىم خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان. بۆرۈنقى ئېرىم توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن ئادەم ئىدى.

— قىزىق!

— نېمىسى قىزىق؟

— ماڭا قىزىق تۇيۇلغىنى، بىرى، بۆرۈنقى ئېرىڭىزگە ئوخشاش چوڭ بىر ئادەمنىڭ سىزدەك بىر ۋايىغا يەتكەن ئايالنى تاشلىۋەتكىنى؛ يەنە بىرى، سىز سەممىيلىك بىلەن ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى دەۋاتىسىز. ئادەتتە ئاياللار ئۆزىنى باشقىلارنىڭ تاشلىۋەتكەنلىكىنى ياكى ھەقىقىي يېشىنى تەن ئالمايدۇ.

خانىم كۈلۈپ قويدى:

— مەن سەممىي بولۇشنى ياقتۇرىمەن.

— بۆرۈنقى ئېرىڭىزنىڭ ئالدىنقى خوتۇنىدىن بالىسى بارمىدى؟

ئايال بېشىنى چايقىدى:

— ياق.

باشلىق بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ گويا ئۇدۇل دېگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىنى بايقىغاندەك بولغانىدى. كېيىن يەنە:

— سىز ئۇنىڭ بىلەن قانداق توي قىلغان، نېمە ئۈچۈن توي قىلغان؟ — دەپ سورىدى.

— باشلىق ئەپەندى، — دېدى خانىم، — مەن قېشىڭىزغا ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئۈچۈن، قانداق توي قىلغانلىقىم توغرىسىدىكى سورىقىڭىزنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ھىمايە ئىزدەپ كەلدىم.

— كەچۈرۈڭ، سىز نېمە خىزمەت قىلىسىز؟

— مەن ئالىم.

باشلىق ھەيران قالدى. خانىم كۈلگىنىچە:

— مەن قوناقنى ئەمەس، ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىممەن①.

— ئاياللار ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەن ئاسان خىزمەت ئەمەس.

— كۆپىنچە ئەرلەر شۇنداق دېيىشىدۇ، ئەمما مەن بۇ خىزمەتنى بەك ياقتۇرىمەن، مەن تىنچلىقنى مەقسەت قىلغان، ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاتوم ئېنېرگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

— ياخشى، قالتىس ئىكەنسىز! — دەپ تەرىپلىدى باشلىق، — ساقچىدا ئىشلىگىنىڭىز بارمۇ؟

— ياق، بىزەمۇ ئىشلىگىنىم يوق. بولسا ئۆزىڭىز ياكى بىرەر ياردەمچىڭىزنى ماڭا قوشۇپ قويسىڭىز، بۇرۇنقى ئېرىمنى كەتكۈزۋەتكەن بولساق. سىلەر ئۈنىڭدىن مېنى قايتا مالال قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا تىلخەت ئېلىۋالساڭلار، يا بولمىسا ئۇنى جازالىساڭلار.

باشلىق بۇ ئىشنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بۇ خانىمغا ۋە خانىمنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتىگە قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىدە خەتەرلىك يېتىپ كېلىش ئالدىدا پەيدا بولىدىغان ئوتلۇق ھېسسىياتنىڭ قايتىدىن ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

باشلىق بىلەن خانىم كىچىك ماشىنىغا چىقتى، خانىم باشلىقنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. باشلىق خانىمنىڭ شەخسىي ئۆيى بارلىقىنى، ئۇ ئۆينى خانىمنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مىراسقا سېتىۋالغانلىقىنى ۋە بېزىگەنلىكىنى ئاڭلىدى. خانىم ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشكىلەرنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئۆزى

---

①ئەرەب تىلىدا ئاتوم بىلەن قوناق سۆزلىرى ئاھاڭداش.

يالغۇز تۇرۇۋېتىپتۇ، ئاكا - ئىنى، ھەدە - سىڭىللىرىنىڭ ئۆيلىرى ئايرىم ئىكەن.

ئۇچىسىغا فورما كىيگەن زېرەك، باتۇر باشلىق ئالدىدا مېڭىپ خانىم تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ھەيران قالدى، چۈنكى ئۇ يەردە ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى. باشلىق ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپمۇ ئۇنى تاپالمىدى. خانىم قاتتىق خىجىل بولدى ۋە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ:

— مەن بايا سىزگە دېگەندەك ئۇ ھېلىلا مۇشۇ يەردە ئىدى، — دېدى.

باشلىقمۇ سەل دېلىغۇل بولۇپ:

— ئادەم قورقۇپ كەتكەندە ھەمىشە خىيالىي تۈيغۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

خانىم يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنى راست كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. باشلىق خانىمدىن بىناغا قارايدىغان ئادەمنى سورىۋېدى، ئۇ بىناغا قارايدىغان ئادەمنىڭ بۇ يەردە كەمدىن - كەم نۆۋەتچىلىك قىلىدىغانلىقىنى، باشقا بىر يەردىمۇ ئىشلەيدىغانلىقىنى دەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن باشلىق خىزمىتىگە بىپەرۋالىق قىلغان نۆۋەتچىنى جازالىماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا باشلىقنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوي كېلىپ خانىمغا، ئەتە كەچتە مەن سىزگە يېرىم كېچىگىچە ھەمراھ بولاي، بەلكىم بۇرۇنقى ئېرىڭىز كېلىپ قالسا ياكى تېلېفون قىلسا ئەجەب ئەمەس، دېدى. باشلىق خانىمنىڭ سەل ئوڭايسىزلانغانلىقىنى كۆرۈپ ياردەمچىسىنى ئالغاچ كەلمەكچى بولدى، خانىم ماقۇل بولدى.

باشلىق كىچىك ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ئۆزىنى سەل تېتىك ھېس قىلدى. ئۇ توي قىلغان ئون يىلدىن بېرى تامامەن تەرك ئەتكەن، نىكاھتىن ئاجراشقان بىر ئايدىن بۇيان كۆڭلى تارتمىغان مۇھەببەتنىڭ تەۋەككۇل دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ئۆزى بىلەن يېڭىۋاشتىن بىرگە تۇرۇۋاتقان ئاپىسى ئوغلىنىڭ بۈگۈن ئۆزىدىن كۈلۈمسىرەپ ئەھۋال سورىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك چىراي ئېچىپ كۈلمىگەنلىكىگە ئۇزۇن بولغانىدى.

ئۇ بۇرۇنقى تەجرىبىلەرگە ۋە بەزى دېلو ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن ھەر بىر ئايالنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئۇسۇلى بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئاتوم ئېنېرگىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خانىمنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ياردەمچىسىدىن بىرنى ئېلىپ ئۇ خانىمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئاددىي، ئەمما كۆركەم كىيىنگەن خانىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. قەھۋە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇلار جاھاننىڭ پاراڭلىرىنى سېلىشتى. باشلىق خانىمنىڭ بىلىمىدىن ھەيران قالدى. خانىم ئۆز خىزمىتى بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرۈيدىغان كىتاب مەستانىسى ئەمەس ئىدى. باشلىق يەنە خانىمنىڭ ئۇنچىلىك رەھىمسىز ئايال ئەمەسلىكىگىمۇ دىققەت قىلدى، ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر ئوي كېلىپ، خانىمدىن بۇرۇنقى ئېرىنىڭ سۈرىتى بار - يوقلۇقىنى سورىدى. خانىم دەسلەپتە ھەيران بولدى، كېيىن بىر پارچە سۈرەتنى باشلىققا ئەكېلىپ بەردى. باشلىق ياردەمچىسىگە سۈرەتنى ۋە پىكاپنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا ھېلىقى ئەرنى نازارەت قىلىپ بىنانىڭ ئالدىدا تۇرۇشنى ۋە ئارقىسىدىن ئاستا مېڭىشنى ئېيتتى، چۈنكى بۇ ئادەمدە قورال بار ئىدى. ئۇ ئىشىكنى چەككەندە ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم كەينىدە بىر ئادەم بولسا ئۇنى تۇتۇش ئاسان بولاتتى. خانىم باشلىقنىڭ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

ئىككىسىلەن ئۆيدە يالغۇز قالدى، ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشمىدى. باشلىق خانىمغا قارىدى. ئۇ تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئۆزىدە پەيدا بولغان تەۋەككۈلچىلىك قىلىش ئىستىكىدىن ھەيران بولدى. ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەرگەن

سۆھبىتىدىن، خانىمنىڭ ئېسىل بېزەلگەن ئۆيىدىن ۋە ئۇنىڭ لاتاپەتلىك يۇرۇش - تۇرۇشلىرىدىن ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى تەۋەككۈلچىلىك قىلىش خىيالى ئۆزگىرىش ياسىغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن پەقەت بەش ياشلا كىچىك، جەمئىيەتتە ئورنى يۇقىرى، ئالىي مەلۇماتلىق، غۇنچە بوي، ساھىبجامال، چېچەن بىر ئايالنىڭ كۆڭلى شىكەستىلەنگەنىدى. باشلىق خۇددى ئۆمرىدە ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن، ئەمما ئۇچرىتالمىغان بىر ئايالنى ئۇچراتقاندەك بولدى. ئۇ بىردىنلا چوڭ بولۇپ كەتكەندەك، كىشىلىك ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن جىسمانىيەت ئىستەكلىرىنىڭ ھەممە نەرسە ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەندەك، ئۇ خانىم بىلەن ئەقىل - ئىدراك ئارقىلىق سۆھبەتلىشىشنى كۈتۈۋاتقاندەك، ئەمما بۇنى بۇ خانىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەقىللىق ئەرلەر يېشى ئەللىككە ئۇلاشقاندا ھەرگىزمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە يېتىپ - قوپىدىغان جۆرىنى ئەمەس، بەلكى ئورتاق پىكىر ۋە ئورتاق تىلغا ئىگە جۆرىنى ئىزدەيدۇ.

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى جىمجىتلىققا بەرھەم بەردى، خانىم بېرىپ تېلېفوننى ئالدى، ئەمما قارشى تەرەپتىن جاۋاب بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن خانىم تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ باشلىققا:

— مېنىڭچە جەزمەن شۇ بەرگەن، ئۇ جەزمەن چىقىدۇ، ھازىرلا چىقىدۇ! — دېدى.

— بىز شۇ تاپتا ئۇنى كۈتۈۋاتىمىز، — دېدى باشلىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز ئادەمنىڭ قايتا تىرىلىشىگە ئىشىنەمسىز؟ مېنىڭچە ئىككىمىزنىڭ روھى بىز تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا بىر جۈپ ئامراق ئەر - خوتۇن بولۇش ئۈچۈن يارالغان. شۇ تاپتا ئىككىمىزنىڭ تېنىمىز بىر بولۇپ كەتتى، — دېدى باشلىق خانىمغا.

— مەن ئادەمنىڭ قايتا تىرىلىشىگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى خانىم ئۇنىڭغا ھەيران بولغىنىچە قاراپ.

— بەزى ئىشلارغا راستىنلا ئىنىق بىر نىمە دىگىلى بولمايدۇ، مەن سىز بىلەن تونۇگۇن يۈز كۆرۈشتۇم، بۇگۈن يەنە سىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتىمەن، مەن ئىككىمىزنىڭ كۆپ جەھەتلەردىن ئورتاقلىقىمىز بارلىقىنى بايقىدىم. ئېھتىمال، مەن بۇ يەرگە مۇشۇ ۋەجىدىن كەلگەندىمەن.

خانىم ئەرنىڭ سول قولىغا قاراپ قويدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تونۇگۇن قولىڭىزغا توي ئۈزۈكى سېلىۋالغان ئىكەنسىزغۇ، — دىدى.

باشلىق كۈلۈپ كەتتى ۋە خانىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ئاپىرىن ئوقۇدى، ئۆزىنىڭ توي ئىشى ۋە تارتقان جاپالىرى توغرۇلۇق ئازراق توختىلىپ ئۆتتى. ئۇ تونجى قېتىم خوتۇنىنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى تەن ئالغانلىقى ئۈچۈن شەرمەندە بولغانلىقىنى ۋە بىرىنچى قېتىم زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلمىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئورتاق تىل يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى سەۋەبسىزلا خالىغانچە ئازابلايدىغانلىقىنى، ياش جەھەتتىكى پەرقىنى كەچۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئاخىردا:

— ماڭا ئىشىنىڭ، مەن تونۇگۇن سىزنى كۆرگەندىن كېيىن تويلۇق ئۈزۈكنىڭ قولۇمنى ئاغرىتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. كونىچە قاراش توپەيلىدىن ئۇنى قولۇمدىن ئېلىۋەتمىگەن، بۇ پەقەت مېنىڭ مەغلۇبىيەتچى ئەمەسلىكىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا ئىدى، — دىدى.

خانىم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى. بۇ چاغدا خانىمنىڭ چىرايىدا بىر خىل تەشۋىش ئالامىتى پەيدا بولۇپ سائىتىگە قارىدى، ۋاقىت يېرىم كېچە بولاي دىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېرىمۇ كەلمىدى، خانىم شۇ تاپتا ئۇنىڭ كېلىپ ئۆزىگە تەھدىت

سىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى ۋە ئۇنداق بولمايمۇ قالارمۇ، دەپمۇ ئەنسىرەيتتى. ئۇ يەنە باشلىقنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەپ ناچار تەسىر پەيدا قىلغان تۇرسام يەنە نېمىدىن ئەندىشە قىلىمەن؟ دەپمۇ ئويلىدى.

باشلىقمۇ خانىمنىڭ تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى بولغاي، سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

ــ سىزنىڭ كاللىڭىز بەك ئۆتكۈر ئىكەن. . . مەن دۇنياغا يارالغاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم چېچەن بىر ئايالنىڭ مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالدىم، ــ دېدى.

خانىم كۈلۈپ قويدى، جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەستىن ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. خانىم بىر ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم خۇشال هالدا ئىشىك يېنىغا قورقماي بېرىپ ئىشىكنىڭ كۆزىنىش تۆشۈكىدىن سىرتقا قارىدى ۋە شۇئان پەس ئاۋازدا:

ــ دەل شۇ، ــ دېدى.

باشلىق ئىشىكنى ئاچتى، ئۇنىڭ ياردەمچىسى هېلىقى ئادەمدىن بىر قانچە قەدەم نېرىدا تۇراتتى. ئۇ ئادەم قارشىلىق قىلماي جىم تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇچ ئەر كېتىپ خانىم ئۆيىدە يالغۇز قالدى، تېلېفون يېنىدا تۇرۇپ باشلىقنىڭ خەۋىرىنى كۈتتى. باشلىقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باشلىققا بەرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشلىقنىڭ جاۋابىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىدىن هەيران بولاتتى.

خانىم باشلىقنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىدى.

باشلىق خانىمغا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېرىنىڭ ياخشى، ئەمما بىچارە ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ خانىمنى قورقۇتۇش ئۈچۈن قولىغا يالغان تاپانچا ئېلىۋالغانىكەن، ئۇ خانىمنى قايتا مالال قىلمايمەن، دەپ ۋەدىنامىمۇ يازدى. باشلىق كېچىدە قانداق ۋاقىتتا بىرەرى مالاللىق يەتكۈزسە ماڭا تېلېفو قىلسىڭىز بولىدۇ، دەپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى

خانىمغا قالدۇرۇپ قويدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ خانىمنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئەتىسى كەچتە خانىمنى يەنە يوقلاپ كەلمەكچى بولدى.

بۇرۇنقى ئېرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان ئۇ ئەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقىدىنمۇ، بىر ئايدىن بۇيان خانىم تۇنجى قېتىم ئارامخۇدا ئۇخلىدى.

خىزمىتى ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە باشلىق ئەتىسى كەچتە ۋاقتىدا كېلەلمەي خانىمدىن ئەپۇ سورىدى. يېرىم كېچىدىن كېيىن ئىككىيلەن تېلېفوندا سۆزلەشتى، ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن بىر قانچە سائەتلا كۆز يۇمۇشتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئىككىيلەن ئىككىنچى كۈنى بېرىلىپ ئىشلىدى، خىزمەت ئىشپادىسى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. يېرىم كېچىدىكى قىزىق لىنىيىلىك سۆھبەت ئۈزۈلمەي داۋام قىلغاچقا خانىم باشقىچە جانلىنىپ كەتتى، بۇرۇنقى غەم - ئەندىشىلىرىمۇ تۈگىدى، بۇرۇنقى ئېرىمۇ ئۇنىڭغا قايتا تەھدىت سالمايدىغان، تېلېفون بېرىپ ئۇنى پاراكەندە قىلمايدىغان بولدى. باشلىقمۇ خانىمنىڭ ئاجرىشىمەن دەپ غەۋغا قىلىشىدىن قۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوست - بۇرادەرلىرىگە، خىزمەتداشلىرىغا بۇ ئىشنى ئاشكارىلىدى.

ئەمما خانىم باشلىقنىڭ شۇ كۈنى ئاخشىمىدىن باشلاپ ئۆزىنى ئىزچىل يوقلاپ كەلمىگەنلىكىدىن خاتىرجەم بولالمىدى، كۆڭلىدە نېمە بارلىقى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ خانىمنىڭ خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ خانىمغا خىزمەت ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكتىن بىر قانچە كېچىدىن بېرى كېچىنى شۆبە ساقچى ئىدارىسىدە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، ۋاقتى بولسا ئىدارىگە ئىزدەپ كېلىشنى ئېيتتى. خانىم ئۇنىڭ بۇ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى، ئۇنىڭغا ھەم ئاپىرىن ئوقۇدى. كىشىلەردە خانىمغا نىسبەتەن

گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇ نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇۋاتقاندا خانىمنىڭ ئۆيىگە بارمىدى. بىر كۈنى ئۇ ئالدىراش خىزمىتىنى تۈگىتىپ خانىمنى ئىشرەتخانىغا تەكلىپ قىلدى. خانىم شۇ كۈنى ئۇنىڭ پۇقراچە كىيىم كىيگەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم كۆردى.

ئۇ خانىمنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ:

— ئاھ، ماڭا مۇشۇنداق قارىسىڭىز بەك گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتىدىكەنسىز! گويا سىز مېنى كۆزلىرىڭىز بىلەن قۇچاقلاۋاتقاندەك بولىدىكەنسىز — دېدى.

— مەن ھەر قېتىم سىزنى كۆرگىنىمدە ياكى سىز بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمدە مۇشۇنداق بىر خىل تاغلىق تۇيغۇدا بولىمەن، خۇددى مىڭبىر جەبرى - جاپادىن كېيىن ئىلمىي تەتقىقاتىمدا ئادەمنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك بىر بايقاش ھاسىل قىلغاندەك، — دېدى خانىم.

— مەن مەڭگۈ سىزدىن ئايرىلمايمەن.

باشلىق بىلەن ئاتوم ئېنېرگىيە تەتقىقات ئالىمىنىڭ توي خەۋىرى ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەر بىلەن ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

# چارەك ئەر

## ئىھسان كامال (مىسىر)

*ئىھسان كامال (1935 —— ) مىسىرلىق ئايال يازغۇچى، يۇقىرى مىسىردا دۇنياغا كەلگەن، ئاتىسى فرانسىيىدە ئوقۇغان. ئاتىسىنىڭ ئىدىيىسى قاتمال ئادەم ئىدى. ئىھسان كامال ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئىككىسىدىن مەكتەپنى تاللىغان. كىتاب ئۇنىڭغا ناھايىتى زور لەززەت بېغىشلاپ، ئۇنىڭدا يېزىقچىلىق ئىستىكى پەيدا قىلغان. 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، 1958 ـ ۋە 1960 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر پىروزا ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن كىشىلىك ھايات ھالەتلىرىنى ۋە ئاياللار مەسىلىسىنى يازغان. ئۇنىڭ ھېكايىلەر توپلاملىرىدىن: «مېنىڭ قەپىسىم» «خاتا سەپەر» «ئۆمۈرلۈك ئىستەك» «سۆيگۈ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ» «قۇدرەتلىك مۇھەببەت» «تاڭ مەھەلدىكى مېھمان» «ئەرشتىكى كۈي» قاتارلىقلار بار.*

ئايال جاۋابكار ئورنىدا تۇرۇپ:

— ياق، ياق، ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

سوت زالىنى پىچىرلىشىشلار ۋە مۇنازىرە بىر ئالدى. سودىيە سوت ئەھلىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈستەلگە ئۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

— سەن دېگەن بۇ ئادەم، بۇ جاناب سېنىڭ ئادۋۇكاتىڭ بولىدۇ!

— بۇنى بىلىمەن، ئەمما مېنىڭ ئادۋۇكاتىم يوق، ئۇ دېگەن

سوتنىڭ ماڭا بەلگىلەپ بەرگەن ئادۋوكاتى.
— ئۇ سىنىڭ مەنپەئىتىڭ ئۈچۈن سۆزلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ شۇ تاپتا دەۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى سەن ئۇنىڭغا ئۆز ئىغىزىڭ بىلەن دەپ بەرگەن گەپلەر.
— مەن ئوغلۇمنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلدىم. ئۇ بۇ گەپلەرنى جىنايىتىمنى يېنىكلەتكىلى بولارمىكىن دەپ مەن ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقاردى.
سوت تەكشۈرۈۋاتقان چاغلاردا مەن شۇنداق دېيىشكە ماقۇل بولغانىدىم، ئەمدى ھازىر ئۇ نىيىتىمدىن يېنىپ، ئەھۋالنىڭ ھەقىقىي جەريانىنى تولۇق سۆزلەش قارارىغا كەلدىم. مەن ئېرىمگە ئۇنىڭ باش جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر قانچە ئاياللىرى يەنى ھەمشىرىلىرىمگە ئۇنىڭ قانداق يولدا مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن، كىشىلەرگە بۇ ساختىپەزنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويماقچىمەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ كاساپىتىدىن تۈرمىگە كىرىپ قالدىم. ھازىرغا قەدەر ئۇ مېنى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىدى ياكى تەسەللىممۇ بېرىپ قويمىدى، خوتۇن ساڭا نېمە كېرەك دەپ سوراپمۇ قويمىدى ھەتتا ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىلارنىمۇ يوقلاپ باقمىدى. مەن بۇ ئىشنى تونۇگۇن بالىلىرىمدىن ئۇقتۇم. ئۇ ئۇ يەرگە نېمىشقا بارسۇن؟ ئۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا ئاش - تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ئادەم يوقتە. ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىشتىن قورققان، چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ نام - ئاتىقى بۇلغىنامدۇ؟ خوش، مەن بۇ يەردە شۇنى جاكارلايمەنكى، مەن ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپلا قالماي، ئۇنى بېقىش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلغان ئوغرى ئايالمەن. ئۇ بىر كۈنمۇ ئۆز مېھنىتىگە تايىنىپ ياشاپ باققان ئەمەس، بىر نەچچە خوتۇنغا تايىنىپ ياشاپ كەلگەن.
— ھەي، بىچارە مەزلۇم. سەن ئىقرارىڭنى ئۆزگەرتمەكچى

بولۇۋاتامسەن!

ــ شۇنداق، ھەممىسىنى ئۆزگەرتمەكچىمەن!!

ــ خوش، سەن ئوبدان ئويلىنىپ سۆزلە، ھەر بىر سۆزۈڭ خاتىرىلىنىدۇ.

ــ مەن كۆپ ئويلاندىم. تۇتۇپ تۇرۇلغان بىر قانچە ھەپتىدە ئويلىنىشتىن باشقا يەنە نېمە ئىش قىلالاتتىم؟

ــ ئەمىسە سەن نېمىلەرنى دېمەكچى؟

ــ ھۆرمەتلىك ئۇ ئېرىمنىڭ مەندىن باشقا يەنە ئۈچ خوتۇنى بار. توغرا، بىز تۆتىمىز ئۇنىڭغا خوتۇن بولساق نېمە بوپتۇ؟ مۇبادا ئاللانىڭ شەرىئىتى بويىچە ئۇ بىزنى باقىدىغان بولسا، ئۇ پەقەت بىر خوتۇنىنىلا بېقىپ كېتەلەيتتى. بىرلا خوتۇن ئالسا، خوتۇن ئۇنى ئەمەس، ئۇ خوتۇنىنى باقاتتى. ئەمما شۇ تاپتا ئۇ بىزنى رىقابەت، جەڭگى - جېدەل قوينىغا تاشلىۋەتتى. ئۇ بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ئەر بولسىمۇ بىز تۆت خوتۇن ئۇنىڭ ئۈچۈن توختىماي چاپتۇق. بولمىسا بىز ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا يەنجىلىپ پايخان بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئىدى. سودىيە جانابلىرى، بۇ گەپلىرىمگە ئىشىنىڭ - ئىشەنمەڭ، ئىختىيارىڭىز. ئېرىم دەۋاتقىنىم بىزنىڭ ئېرىمىز، ئۇ بىز تۆت خوتۇنىنىڭ ئۆيى ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرۈپ قايسىمىزنىڭ ئۆيىدە ياخشى تائام بولسا شۇ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتى...

سوت كوللېگىيىسىدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. سودىيە سوت ئەھلىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈستەلنى ئۇردى. ئايال جاۋابكار سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم ئوبدان غىزا يېيىش ئۈچۈن پۇل تاپىمىز دەپ ھەممىمىز بىمەنە ئىشلارنى قىلدۇق.

جىمجىت سوت زالىدا بىردىنلا قاتتىق مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى، كىشىلەر قاتتىق غەزەپلەندى.

ــ ياق، ئۇنى كۆتۈش بىز ئۈچۈن بىر خىل لەززەت ئەمەس.

مەن ئەسلەپتىلا دېدىم، بىزنىڭ جاڭجاللىرىمىز ئۈنىڭغا، بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ئۇ نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما مەسىلە قارشىلىشىش، ياكى ئۇ ياتلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئەر ئۆزىنىڭ قايسى بىر خوتۇنىنىڭ يېنىغا پات - پات بېرىپ تۇرمىسا، شۇ خوتۇندا بىر گەپ بار. بۇ ئۇ خوتۇنىنىڭ قارشى ئېلىنمايدىغان خوتۇن ئىكەنلىكىدىن ياكى ئۇنىڭدا خوتۇن خەققە خاس سۈپەتلەرنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. قىسقىسى، ئۇ كېرەكسىز بېزەك مالغا، ئېرى تاشلىۋەتكەن كېرەكسىز نەرسىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى ئاخىر رەھىمسىز جەمئىيەتمۇ تاشلىۋېتىدۇ. تاشلاندۇق ئايالنىڭ جەمئىيەتتە ھېچقانداق ئورنى بولمايدۇ، ئېرىنىڭ باشقا خوتۇنلىرى ئارىسىدىمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قالىدۇ، مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ، بەختسىزلىككە مۇپتىلا بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنى شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىم ياكى خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىتقىچە شۇنداق ھالەتتە ياشىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئەمما مەندىن باشقا خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى پۇل تاپالايتتى. ئۇلار خىزمەت قىلمايتتى، ئارىمىزدا بىرەرىمىزمۇ خىزمەت قىلمايتتۇق. ھەممىمىز ئۆز بالىلىرىمىزغا چىڭ باغلىنىپ قالغاندۇق، بىزنىڭ جەڭگى - جېدەل قىلىشىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبى مۇشۇ ئىدى. ئېرىم بىز تۆت خوتۇننى ئەمرىگە ئېلىپ بولۇپ يەنە بىر خوتۇنغا كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ ئۇنىمۇ ئەمرىگە ئالماقچى بولدى. يەنە بىر خوتۇن ئالسا بىز تۆت خوتۇن ئارىسىدىن بىرسىنى تالاق قىلىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. ئەڭ ياخشى چارە بالىسى ئاز خوتۇننى تالاق قىلىۋېتىش ئىدى. بىز ھېچقايسىمىز پەرزەنتلىرىمىزنى ماكانسىز قىلىپ قويۇشنى خالىماي ئۇنىڭغا كانىدەك چاپلىشىۋالدۇق. شۇڭا بىز بەس - بەس بىلەن تۇغۇشقا باشلىدۇق. مەن بايا بىزنىڭ ھېچقايسىمىزنىڭ خىزمىتىمىز يوق، دېدىم. مەن قالغان ئۈچ

خوتۇننىڭ قانداق پۇل تاپىدىغانلىقىنى بىلمەن، بۇ مەن ئۇچۇن سىر ئەمەس، مەن ئۇلارنىڭ پۇل تېپىش چارىسىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەلۇم بىرسىدەك قىلسام بولاتتى، ئەمما مېنىڭ ئەھۋالىم ئۇنداق قىلىشقا يار بەرمەيتتى. چوڭ خوتۇننىڭ ئاپىسى توخۇ ساتاتتى، شۇڭا ئۇ ھەپتە - ئون كۈندە ئاپىسىنىڭكىدىن توخۇ ئېلىپ كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە ئاپىسى ئۇنىڭغا توخۇ بېرىشنى خالىمايتتى، ئەمما ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئاپىسىنى ئۆزىگە توخۇ بېرىشكە مەجبۇر قىلاتتى. بەزىدە ئۇ: ئاپا، ئېرىم مېنى تاشلىۋېتىمەن دەيدۇ، شۇنداق بولسا بالىلىرىم بىلەن قېشىڭىزغا كېلىپ تۇرماقتىن باشقا ئامالىم يوق، ئۇ چاغدا خىراجىتىڭ ئېشىپ كېتىدۇ، دەيتتى. بىر قېتىم ئاپىسى ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاپىسىنى ئىتتىرىۋېتىپتىكەن، ئاپىسى تامغا ئۇسۇپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ھەمىشە بىر توخۇ ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم شۇ قېتىم قان ئىچىدە ياتقان ئاپىسىنى تاشلاپ ئىككى توخۇ ئېلىپ كەلدى. ئېرىمنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى ئاللا بەخت ئاتا قىلغان خوتۇن. ئۇ يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان بىر بىناغا يېقىن يەردە ئولتۇراتتى. قۇرۇلۇش خوجايىنى ئۇنىڭغا: پولات چىۋىق بىلەن سېمونتلارغا قاراپ بېرىڭ، كۈنلۈكىڭىزگە ئۈچ فونت ستېرلىڭ بېرىمەن دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچقانچە ھەرەج تارتماي بالىلىرىنى باققاچ شۇ ئىشنى قىلدى. ئۈچىنچى خوتۇنچۇ؟ ئۇ ئىككى قىزىنى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئىشلەشكە ئەۋەتتى، ئىككى قىزىنىڭ ئىش ھەققى ۋە ئۆزى نەرسە - كېرەكلەرگە قاراپ تاپقان پۇل بىلەن ھال - كۈنى خېلى ياخشى ئۆتەتتى. شۇڭا ئۇ ئىككىسىلەن ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم گۆش يېيەلەيتتى. ئەمما مەنچۇ؟ مېنىڭ ئاپامنىڭ توخۇ ساتىدىغان دۇكىنى يوق، قوشنىمىزمۇ بىنا سالمىغان، ئىشلەشكە ئەۋەتىدىغان قىزىممۇ يوق. مەن تەلەيسىز ئايال بولغاچقا، ساپلا ئوغۇل تۇغدۇم. ئوغۇل بالا تاپقان پۇلىنى

ئاپىسىغا بەرمەيدىكەن. مەن ئۇلارنى ئىش ئىزدەپ قىلساڭلار بولاتتى دېسەم، ئۇلار ماڭا ئاچچىقلاپ كېتەتتى. تەربىيە كۆرمىگەن بولغاچقا شۇنداق بولىدۇ ـ دە، توغرىمۇ؟ ئاتا تەربىيىسى كۆرمىگەن بالا تاماكا چېكىش، قىمار ئويناشتىن باشقا يەنە نېمە ئىش قىلىدۇ دەيسىلەر؟ ئۇنداق بالىدىن قانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ؟ ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئەلەملىك ئىش بولماس دەيمەن. ئۇنداق بالىلار ئاپىسى قاتتىقراق باشقۇرسا ئاپىسىغا ئەدەپسىزلىك قىلىدۇ. مەن كەچلىك غىزاغا تۇشلۇق پۇل تاپالمايتتىم، ئۇ مېنىڭكىگە ھەپتىدە بىر قېتىملا كىرەتتى. ئاخىرى بېرىپ ئۇ مېنى يوقلىماس بولدى، مەن تاشلاندۇق ئايالغا ئايلىنىپ قالدىم، ئېرىم ھايات تۇرۇپ تۇل خوتۇن بولۇپ قالدىم، ئوغۇللىرىم ئاتىسى ھايات تۇرۇپ تىرىك يېتىم بولۇپ قالدى. بۇ ھال ئوغۇللىرىمغا ئېغىر كەلدى، ماڭىمۇ شۇنداق بولدى. مەن ئامال قىلىپ ئېرىمنى قايتۇرۇپ كېلىشىم كېرەك ئىدى، بۇنداقچە ئېيتقاندا، ئېرىمنىڭ ماڭا تېگىشلىك قىسمىنى يەنى ئۇنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ كېلىشىم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

مەن راستتىنلا ئوغرىلىق قىلدىم! شۇنداق قىلىپ، نۆۋەت ماڭا كەلگەندە مەن ئۇنىڭ قورسىقىنى گۆش بىلەن راسا تويغۇزدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەمىشە مېنىڭكىدە قونۇپ قالىدىغان بولدى. ئەمما، بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى پاك، گۇناھسىز قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ نومۇسسىز ئىشلىرى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېگەندەك گەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇ گۆش يېگەن چاغدا نېمىشقا مەندىن گۆشنى قايسى پۇلغا ئالدىڭ دەپ سورىمايدۇ؟ ئۇ بەرگەن ئىككى-تۆت تال پۇلدىن ئۆي ئىجارىسىگە بەرسەم، قالغان پۇل بولكا ئېلىشقىمۇ يەتمەيتتى. شۇ تاپتا مەن ئۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىگە قول ئۇزارتىش نىيىتىدە بولغانلىقىمنىمۇ يوشۇرمايمەن، شۈبھىسىزكى، سىلەرمۇ مۇشۇنداق پەرەز قىلماي قالمايسىلەر.

ئاخىرقى پەيتتە مەن يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغانىدىم. مېنى بۇ يولدىن مەن كۆرگەن ياخشى ئائىلە تەربىيىسى توستى دېسەممۇ بولاتتى (ئاتام تولىمۇ ئىخلاسمەن مۇتىۋەللى ئىدى). شۇڭا ئوغرىلىق قىلىش يولىغا مېڭىش مەن ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئامالسىزلىقتىن ئاخىرى بۇ يولغا مېڭىپ قالدىم. خورلۇققا كىم چىدايدۇ دەيسىلەر. مەن تاشلاندۇق ئايال بولساممۇ، گال مېنى ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى ماڭا، ئوغۇللىرىمغا ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ئادەم يوق - دە! توغرا، مەن ھەقىقەتەن شور پېشانە ئايال ئىكەنمەن.

— شۇنداق، — دېدى سودىيە ھېسداشلىق قىلغان ھالدا، — تەقدىر سىزنى مۇشۇنداق گۇناھكار ئەرنىڭ قولىغا تاشلاپ قويۇپتۇ.

— شۇنداق، — دېدى ئايال چوڭقۇر خۇرسىنىپ، — ھەقىقەتەن گۇناھكار ئەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. سودىيە جانابلىرى، سىلى بۇنىڭ شەرىئەتكە ۋە دىنىي ئەمىر - مەرۇپلارغا مۇخالىپ بولمىغان قانۇنلۇق جىنايەت ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىلە. مەن مۇشۇنداق بىر ئەرگە ياتلىق بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ شور پېشانە بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن پەرياد چېكىمەن. مەن ھەققانىي قانۇن تورىغا چۈشسەم بولاتتى. بىز تۆت خوتۇننىڭ ھەممىمىز گۇناھكار ئىدۇق، ئەمما مەندىن باشقا خوتۇنلار قانۇن تورىدىن چۈشۈپ قالدى.

زالنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلىدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىققاندىن كېيىن، ئايال ھەممە ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چەككۈدەك قىلىپ يەنە شۇنداق دېدى:

— شۇنداق، سىلەر قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار، سىلەر ئاپىسىنىڭ بېشىنى ئۇرۇپ يېرىۋەتكەن ئايالغا قانداق قارايسىلەر؟ ئەمما ئۇنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، ھېلىمۇ ياخشى ئاپىسىنى ئۇرۇپتۇ. ئاپا دېگەن ئۆز بالىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ

يۇرمەيدۇ ـ دە. ھېلىقى بىناغا قارىغان ئىككىنچى خوتۇننىڭ ئوغلى ئۆتكەن يىلى پارالىچ بولۇپ قالغان، ئۇ ئوغلىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ھەقسىز داۋالاتتى. ئەلۋەتتە، دوختۇرخانىدا بىمارلار كۆپ، خىزمەت بىسىق بولغاچقا، دوختۇرلار بالىغا ئىنچىكە تەكشۈرمەي، قولىنىڭ ئۇچىدىلا دىئاگنوز قويغان، كېسەلگە قاراپ دورا بەرمەي كىملا يېسە بولىدىغان دورىنى بەرگەن. ئۇ تاپقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېرىنىڭ كەچلىك تامىقى ئۈچۈن خەجلەپ بېرىشكە رازى بولدى، ئەمما ئوغلىنى مەخسۇس دوختۇرغا كۆرسەتمىدى، چۈنكى ئۇمۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى كۇرەشكە قاتناشمىسا بولمايتتى. ئۇ بىچارە بالا ھازىر مەجرۇھ بولۇپ قالدى. ئەجەبا بۇ گۇناھ ئەمەسمىكەن؟ مۇبادا ئۇ مۇشۇ ۋەجىدىن قانۇنىي جازاغا تارتىلمىدى دېيىلسە، ئۇنىڭغا، قىزىڭىزنىڭ كۆز پەردە ياللۇغى كېسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈك، ئۇنىڭ كېسىلىنى تېز دوختۇرغا كۆرسىتىڭ، قىزىڭىزنىڭ كېسىلى ئېرىڭىزگە گۆش ئېلىپ بېرىشتىنمۇ مۇھىم دېيىش كېرەك. قاراپ بېقىڭلارچۇ، بۇ ئەر ماڭا قانداق مۇئامىلە قىپتۇ. مۇبادا مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئىپلاس نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام ئۇنىڭغا گۆش ئەمەس، ئوغا بەرگەن بولاتتىم. ئىككىنچى خوتۇنغا ئوخشاش، ئۈچىنچى خوتۇن جازا ھۆكۈم قىلىنىشقا بولمايدىغان گۇناھ ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭمۇ جىنايىتى بار.

ئۇ ئىككى قىزىنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالاتتى، چوڭ قىزى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قالاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئاپىسىغا توغرىدىن توغرىلا: «مەن شۇنچە يىل ئىشلەپ بىرەر جۈپ ئالتۇن زىرىمۇ ئاسالمىدىم، مەندىن ھەر ئايدا ئازراق پۇل سورىغىن، مەنمۇ قىزلارغا ئوخشاش ئالتۇن زىرە ئېسىپ ئەل قاتارى يۇرسەم بولمامدۇ؟» دەپتىكەن، ئاپىسى: كۆپ ئالسام ئالىمەنكى، ھەرگىز ئاز ئالمايمەن، دەپ قىزىنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ. قىز ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ ئۆزىگە

خىزمەت تېپىپ بەرگەن ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتىمەن، ئۇ ئايال ئۇ قىزنى يەنە ئۇ ئائىلىگە مەجبۇرىي ئاپىرىپ قويۇپتۇ. كىم بىلسۇن، ئۇ قىز يەنە قېچىپ كېتەمدۇ. يەنە قېچىپ كەتسە قارا نىيەتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. قىزلارنىڭ ئون ئۈچ ياش چاغلىرى تازا ئازىدىغان چاغ ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بۇمۇ بىر خىل گۇناھقۇ؟

مەن گۇناھىمنى ئۇلارنىڭكىدىن يېنىك دەيمەن. ھېچبولمىغاندا ئاپامغا، باللىرىمغا قارا نىيەتلىك قىلمىدىم، ماڭا مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرنى زىيانغا ئۇچراتتىم. ئەمما بۇ يەنىلا قانۇنسىزلىق بولىدۇ. راستىنى دېسەم، مەن ئۇلارغا بەك ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلغان بولسا بولاتتى. مېنىڭ جىنايىتىم بىلەن ئۇلار زىياندىن قۇتۇلۇپ قالدى، مېنىڭ گۇناھىم ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ بولغاچقا شۇنداق بولدى.

بىز پەقەت ئاشۇ مۆھتەرەم ئېرىمىزنىڭ كاساپىتىدىنلا گۇناھ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۇنىمۇ تۇتۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار. مۇبادا بۇ دۇنيادا ئادىللىق بولسا، شۇ تاپتا ئۇمۇ يېنىمدا تۇرسۇن...

ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھېرىپ ھالىدىن كەتتى بولغاي، يىقىلىپ چۈشمەي دەپ تۆمۈر سالاسۇنىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە بېشىنى رەشەتكىگە قويدى. ئۇ ئۈن - تۈن چىقارمىدى، ئۇخلاپ قالغانلىقى ياكى ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتى. سوت كوللېگىيىسى مۇھاكىمە قىلىشقاندىن كېيىن، سوتچىنىڭ «سوت باشلانسۇن» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى.

# قارغاش

## ئىمىل نەسرۇللا (لىۋان)

*ئىمىل نەسرۇللا (1938 —— ) لىۋانلىق ئايال يازغۇچى، لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى كەيفىر بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن، قىز چاغلىرىدا بېيرۇتتا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. دەسلەپتە مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. 1962 - يىلى تۇنجى رومانى «سېنتەبىردىكى قۇشلار» نى ئېلان قىلغان. بۇ رومان ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ يېزىقچىلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىپ تاللىۋالغان.*

*ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى لىۋان ئاياللىرىنىڭ دەرد - ئەلەملىرى بىلەن ئىنتىلىشلىرى تەسۋىرلەنگەن، ئاياللارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئاياللار ئازادلىقىغا توسقۇن بولۇۋاتقان ئەنئەنىۋى كۈچ بىلەن ئاياللارنىڭ ناتىۋانلىقى ئانالىز قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇسلۇبى گۈزەل، شېئىرى تۈيغۇغا باي. «شاپتۇل» «گۆرۆۋ» «ئاشۇ ئەسلىمىلەر» «ۋاقىت زىق» «قاچقان چاغ» قاتارلىق رومانلىرى بار.*

مېنىڭ ئىسمىممۇ؟

ئىسمىمنى سوراۋاتامسىز؟

مېنىڭ ئىسمىم لەيزەر.

ئادەتتىكى، ئەمما كىشىلەرنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان بىر ئىسىم.

سىز مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم بىلەن بالىلىق چاغلىرىم،

ياشلىق دەۋرىم، كېلىپ چىقىشىم ۋە تۇرمۇش مۇھىتىم بىلەن تونۇشماقچىمۇ؟

كەچۈرۈڭ دوختۇر، ھازىر بولمايدۇ.

. مەن سىزنى مېنى پاراكەندە قىلغان ئىشلارغا ياردەم قىلارمىكىن دەپ چاقىرغان. ئىش ناھايىتى ئاددى: مەن ئەقلىمدىن ئادىششىتىن ئىلگىرى ئۆزۈمنى تونۇشۇمغا، غەم-قايغۇدىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم بېرەلەيدىغان بىرسىنى تېپىشىم كېرەك.

شۇنداق، يېقىندىن بۇيان مەن ھەمىشە ساراڭ بولۇپ قالارمەنمۇ؟ دەپ ئەنسىرەپ يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدىم. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سىز مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمنى بىلىش ئۈچۈن چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىسىز. مېنىڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ياكى ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا چوڭ بولغانلىقىم شۇنچە مۇھىممۇ؟ دوختۇر، مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. خوش، سىز شۇنداق دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاۋۋال سىزگە مۇھىم بىر ئىشنى دەپ بېرەي.

شۇنداق، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم.

مېنىڭ مەنپەئىتىمنىڭ قەيەردىلىكىنى سىز مەندىنمۇ بەكرەك بىلىسىزغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ توغرا، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ياردەم تەلەپ قىلىپ سىزنى تەكلىپ قىلدىم.

بولدىلا دوختۇر، مېنى ئازابلاۋەرمەڭ. ئەجەبا، گەپلىرىمنى ئاڭلىغۇڭىز يوقمۇ؟

نېمە؟

خاتىرە قالدۇرامسىز؟ كېيىن خاتىرە قالدۇرۇڭچۇ، ۋاقىت دېگەن تېخى بارغۇ.

مېنىڭ تۇيغۇم قانداق ئىكەن؟ ھەي، مەن ئادەتتىكى بىر ئايالمەن، ناھايىتى ئادەتتىكى. مېنىڭ تۇيغۇم نورمال ئادەملەرنىڭ تۇيغۇسى بىلەن ئوخشاش. يۈرەك رىتمىم

تەرتىپلىك، باشقا ئەزالىرىممۇ نورمال. خۇداغا شۈكۈر، ياق، سىز مېنىڭ تېنىمنىڭ ئەھۋالىنى سورىماڭ، مەن پەقەت سىزنى بەدىنىمنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئۈچۈنلا ئىزدىدىم: كاللامدىن چاتاق چىقتى، دوختۇر.

نېمە؟

يېرىم سائەت ئۆتتىما؟

خوش، گەپنى قىسقا قىلاي.

ئەمەلىيەتتە، مەن گەپنى قانداق باشلاشنى بىلمەيمەن. مەن بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنىمىغان، مەن شەخسىي ئىشلىرىم بىلەن باشقىلارنى ئاۋارە قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن. ئەلۋەتتە، سىز بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنى ئىزدەك دېيىشتى، سىز پوپ ھەم دوختۇر. پسىخولوگىيە بۇ دەۋردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت. ئەجەبا، سىز ماقۇل بولمامسىز؟ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىر ئەسىر ياشىغان بولسىمۇ كۆڭلىدىكى غەم تۈگۈنلىرىنى يېشەلمىگەنىدى. ئەمما بىز بەك بەختلىك ئىكەنمىز. خۇغادا شۈكۈر، بىز غەم تۈگۈنلىرى پەيدا بولۇۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز، دەۋر سىزگە ئوخشاش غەم تۈگۈنلىرىنى يېشىدىغان بىر تۈركۈم يارامىلىق ئادەملەرنى ياراتتى.

گالىستۇكىڭىز چىرايلىق ھەم نەپىس ئىكەن. لىۋاندىن ئالغانمۇ؟ ئەلۋەتتە لىۋاندىن ئالىسىز - دە! مەن كىشىلەرنى ئۆزۈمگە جەلب قىلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ شەھەرگە قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ بېرىشنى شۇقەدەر ئارزۇ قىلىمەن!

خوش، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلىمۇ؟

ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلغۇم يوق.

سىز توغرا قىلدىڭىز دوختۇر. سۆزلەپ نەگە كەلگەنىدىم؟

ھە، توغرا، مەخپىي ئىشلىرىم توغرىسىدا سۆزلەۋاتاتتىم، شۇنداق، بۇ تېما بەك خاسلىشىپ كەتتى، بەلكىم مۇشۇ نۇقتا

مېنى بارغانسېرى تەشۋىشكە سېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

قاراڭ، توۋا قىلىش ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋېتىدىكەن. توۋا قىلغان كىشى خۇددى ئادەمنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان يۈكنى ئېلىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەندەك يەڭگىل بولۇپ قالىدىكەن. كىشى سىر ئاشكارا بولمايمۇ ۋەيران بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. غەم - قايغۇ خۇددى بازغاندەك يۈرەككە ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ.

ياق، مېنىڭ سۆزلەش ئۇسۇلۇم سىز ئويلىغاندەك بولماي قالدى.

مەن بەزى گەپلەرنى ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا يادلىۋالغانىدىم. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇم ئۆزىنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودىنى بەك سۆيۈنەتتى، بىز ھەمىشە ئوقۇتقۇچىمىزنى دورايتتۇق. ئەمما مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتىم ئانچە گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى. دەرس ۋاقتىدا ھەمىشە ئۇخلاپ قالاتتىم ياكى دەرسكە دىققەت قىلمايتتىم. توغرا، دوختۇر، سىزدە بىپەرۋالىققا داۋا بولىدىغان دورا بارمۇ؟

مەن ھەمىشە ئۆزۈمنى تۆت كوچىدا تۇرۇۋاتقاندەك، تورغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئۆزۈمگە بىر يول تاللىسام بولمايدىغان بولدى، ئەمما يول تاللاپ بولغۇچە سەۋر قاچام چېقىلىدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئۇياق - بۇياقلارغا قاترىغاندىن كېيىن يەنە ئەسلىدىكى جايىمغا كېلىپ مۇگدەشكە باشلىدىم.

ئۇيقۇ دېگەن شېرىن نەرسىكەن. دوختۇر، مەن بەزىدە ئۆمۈر بويى ئۇخلىسامىكەن دەپ كېتىمەن.

بۇ دۇنيادا مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان يەنە نېمە بار؟ بۇ دۇنيا ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. مەن بىزنى نېمىنىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى، قانداق كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

دوختۇر سىز ئۆلۈمنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈپ باققانمۇ؟

شۇنداق، ئۆلۈم بەك رەھىمسىز نەرسە. مەن ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتسەمكەن دەپ كېتىمەن. ئەجەل كەلگەندە ئازراقمۇ ئازاب ھېس قىلمايمەن. دوختۇر، ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆلىدۇ؟ بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەرسىزمۇ؟

ئەستا.. گېپىمدىن چەتنەپ كەتتىم.. ئەمدى ئۆز گېپىمگە كېلەي. ئەمەلىيەتتىمۇ دېمەكچى بولغان تېمامدىن: ئۆلۈم، قاتىللىق قىلىش دېگەن گەپلەردىن چەتنەپ كەتمىدىم. مەن مۇشۇ ۋەجىدىن كەلدىم. مەن بىر شۇمپەنمەن.

ياق، ياق! مەن بۇنداق گەپلەرنى ياقتۇرمايمەن. بۇ گەپلەرنىڭ ئورنىغا باشقا گەپلەرنى دەي. مېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشكە قۇربىم يېتىدۇ.

سىز بۇنى كۆرۈپ يېتەلمىدىڭىزمۇ؟

مەن سىزنى شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەندۈرەلمەيمەن.

مۇبادا سىز ئاشۇ تەپسىلاتلارنى مۇھىم دەپ بىلسىڭىز، ئۇدۇللا دەۋەرسەممۇ ھېچ گەپ يوق.

«مەن قاتىل» دېگەن بۇ خىيال ماڭا كېچە يۇ ـ كۈندۈز ئارام بەرمەي مېنى ئازابلاۋاتىدۇ.

ياق، مەن قورال بىلەن ئادەم ئۆلتۈرمەيمەن، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا پۇرسەت كۈتۈپ قاتىللىق قىلمايمەن. مەن ئۆلتۈرگەن، يارىدار قىلغان، مېنىڭ قارغىشىمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم، دوست ـ بۇرادەرلىرىم، ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىم.

توغرا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. ئۇ قارا تۇپراق قوينىغا كىرگەندىلا ـ ئاندىن ئۇنىڭ ئۆزۈمنىڭ يېقىن ئادىمىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

مېنىڭ ئۆلۈم، قارا تۇپراققا كىرىپ كېتىش دېگەندەك رەزىل گەپلەرنى دېگەنلىكىمنى كەچۈرگەيسىز، سىز

كۆردىڭىزمۇ-يوق، مەن ئۆلۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق بىر گەپ - سۆزنى ئاڭلىسام چىداپ تۇرالمايمەن. پسىخولوگىيە يېتەكچى كىتابلىرىدا «ئۆلۈمگە ئادەتلىنىش كېرەك، ئۆلۈم ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرىدىغان بىر تەبىئىي ئىش» دېگەندەك نۇرغۇن ۋەز - نەسىھەتلەر بار. دىن، پەلسەپە تامامەن ئۆلۈمنىڭ ۋەزنىنى يېنىكلىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، ئەمما ئۇلار يەنە مەغلۇپ بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا مەن ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ، چۈنكى ئېرىم تۈنجى قۇربانىمدۇر.

شۇنداق، بىز ئىككى يىل بىرگە ياشىدۇق. مەن بۇ ئىككى يىل جەريانىدا مۇھەببەتنىڭ ھاياتتىكى جىمى نەرسە ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن بىزار بولدۇم. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان چاغلىرىمدا گويا ئۆزۈمنى دوزاخقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم، چىداپ تۇرالمىدىم، ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن قاتتىق بىئارام بولدۇم.

ياق، مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىمەيتتىم ھەم ئۇنى مالىمان قىلىشنىمۇ خالىمايتتىم، ئەمما ئۇ ھەمىشە ماڭا مالاللىق يەتكۈزەتتى. ئۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا تۇرۇپ مېنى دەپسەندە قىلمىدى، ئۇنداق ئىش بولمىدى.

مەن ئۇنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزەلمىدىم. ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر سۆيگۈنۈم ئىدى. ئەمما بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە گۇمان ئارىلاشتى، مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ دېلىغۇللۇقتىن قۇتۇلالمىدىم، دېلىغۇللۇقتىن قۇتۇلۇش قولۇمدىن كەلمەيتتى. مەن بىلەن مۇھەببەتلەشمەكچى بولۇۋاتقان، ماڭا چوقۇنىدىغان ئادەم بىلەن ئايرىلىپ كېتىش خىيالىمنى قانداق قىلسام ئاندىن ئېنىق دەپ بېرەلەيمەن؟

بىزنىڭ پەرزەنتىمىز يوق ئىدى. ئۇ كىچىك باللارنىڭ يىغىسىدىن قاتتىق بىزار ئىدى، خوتۇنۇم مۇھەببەتنى بالىغا ئاتا قىلىۋېتىپ مەندىن يىراقلاپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ

ئەنسىرەيتتى.

شۇنداق، ئۇنىڭ تارلىقى بالىنى پاتقۇزمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ھەسەتخورلۇق بىر خىل كېسەللىك، شۇنداقمۇ دوختۇر؟

ئۇ ماشىنا ۋەقەسى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. مەن قاتتىق ھەسرەتلەندىم. يۈرىكىمدىن قان ئاقتى، ئەمما ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىمدىن خوش بولدۇم. مەن بۇ تۈيغۇدىن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئىزىمدا تۇرالماي قالدىم.

«مەن قاتىل» دېگەن بۇ خىيال پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى. مەن ھەر قېتىم قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندا: «ياق، مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىدىم، مەن ئۆلتۈرمىدىم» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ كېتىمەن.

كۆپ يىللار بولدى، دەردىمنى ھېچكىمگە تىنمىدىم. مەن دەرد تارتمىغاندەك، دەردمەن ئەمەستەك بولۇۋالدىم. جىمجىت كېچىلەردە شىكايەت ياغدۇرۇپ تۇرغان قول ھامان مېنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئالۋاستىنىڭ ئېغىزىغا ئوخشايدىغان قورقۇنچلۇق يوغان بىر ئېغىزدىن زەھەرلىك تۇمان چىقىپ تۇراتتى: «سەن قاتىل!»

مەن ھەريان قاچاتتىم، ھەسرەت، قورقۇنچ ۋۇجۇدۇمنى قىسماقتەك ئېگىۋەتتى. دوختۇر مېنى چەت ئەلگە چىقىپ دەم ئېلىپ كېلىڭ دېدى. دوستۇم لۇرىمۇ دوختۇرنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى.

لۇرى مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى، مەن ئۇچۇن ھەممە نەرسىسىنى قۇربان قىلىۋېتىشكە رازى ئىدى. ئەمما، كونىلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ مېنى خاپا قىلىپ قويىدى، مەن نېمە ۋەجىدىن شۇنداقلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇ شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل ھەم مېھرىبان ئىدى. مەن ئايىنىپ كەتكەنىدىم.

يىللار ۋۇجۇدىمىزدا ئىز قالدۇردى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى

بىلەن ۋاقىت بىناسى كۈنسايىن مۇستەھكەملەندى، ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە يوقتە.

گېپىمگە قوشۇلامسىز، دوختۇر.

مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم لۇرى ئارامىمنى بۇزۇۋەتتى، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچالمايتتىم، يىراقلىشىپمۇ كېتەلمەيتتىم. ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ ئېرى يىراق بىر دۆلەتكە خىزمەتكە بارىدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئانچە خوش بولۇپمۇ ھەم ئەپسۇسلىنىپمۇ كەتمىدىم. قۇتۇلۇش تۇيغۇسى پات-پات ئىزدىشىپ تۇرالمايدىغان بىزنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. بىز بىرگە بولغان چاغلىرىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتۇق. مەن ئۇنى خىيال ئالىمىمدىن قوغلىۋېتىشكە، ئۇنىڭ سەمىمىي پىداكارانە دوستلۇقىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئامالسىز ئىدىم. ئەمما ئۇ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇنى كۆرىمەن دەپمۇ كۆرەلمەيتتىم، ئەتىگەندە ئۇ ئىشىكىمنى چېكىپ قەھۋە ئىچەيلى دەپ مېنى چاقىرالمايتتى، كېسەل بولۇپ قالسام كارىۋىتىم يېنىغا ئەمدى كېلەلمەيتتى، مەن ئۈچۈن ئۇ ئېرىدىن، بالىلىرىدىن كېچىشكە رازى ئىدى.

ئۇ ماڭىدىغان چاغدا جىددىي كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇ ياتاقتا يېتىپ ئەتىسى بىر دەستە گۈل ياكى بىرەر قاپ قەنت-گېزەك ئېلىپ يوقلاپ بارماقچى بولدۇم. شۇ كۈنى قاق سەھەردە ئىشىك چېكىلگەن ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئېرى ئىشىك ئالدىدا كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە ماڭا قاراپ:

— ئۆلگەنلەر كەتسۇن، ھاياتلار ئامان بولغاي، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپى خۇددى قەھرلىك بارماقلىرى بىلەن بېشىمنى قاماللاپ تۇتۇپ: «ئەمدى مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ، كۆڭلۈڭ خۇش بولدىمۇ؟ ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، چەت ئەلگىمۇ بارالمايدىغان بولدى، ئۇ دۇنياغا كەتتى!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن قورقۇپ ئارقامغا داجىپ تامغا يۆلىنىپ قالدىم،

قولىلىرىم غال ـ غال تىترەپ كەتتى:
ـــ مەن ئىشەنمەيمەن!
بىچارە ئەر مېنى ياخشى دوستىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى دەپ قارايتتى، ئەمما ۋىجدان ئازابى چېكىۋاتقانلىقىمنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمەيتتى.
ئىككى يىل بولدى، مەن لۇرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سورۇشتۇرمىدىم. مەن ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ چىرايىغا قانداق قارايمەن؟ مەن ئۇلارغا: «ئاپاڭلارنى مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم؟» دەيمەنمۇ؟
بۇ خىيالمۇ، ساراڭلىقمۇ؟
دوختۇر سىز بېشىڭىزنى سىلىكىۋېتىڭ، ئېھتىمال، سىز مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچراتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىز شۇ تاپتا تۇرمۇش دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتىسىز، مەن بولسام ئىچىدە تۇرۇۋاتىمەن. مەن نۇرغۇن كېچىلەرنى بىكار ئۆتكۈزدۇم، ئاچچىق كۆز ياشلىرىم قۇرۇمىدى، دەرد ـ ھەسرەتتىن قۇتۇلالمىدىم. ئۆزۈم تەنها يۈردۇم، زېرىكىشلىككە ناھايىتى تەستە چىداپ كەلدىم. ماڭا بەختسىزلىك ئېلىپ كېلەرمىكىن، دەپ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشتىنمۇ ھەزەر ئەيلىدىم.
يەنە بەزى ئادەملەر مېنىڭ قۇربانىم بولۇپ كەتكەنىدى.
توغرا، باشقا ئادەملەر.
بىر قانچە يىل ئىلگىرى مېنىڭ بىر ياش تۇغقىنىم ئۆلۈپ قالدى. بىر خىل يوشۇرۇن قۇدرەت ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. گېپىمنى بۆلۈۋەتمەڭ، دوختۇر، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشمىغانىدىم. ئۇ مېنى ئاۋارىمۇ قىلمىغانىدى. ئەمما ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ ئۆزۈن ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم.
ئىش مانا مۇشۇنداق، دوختۇر، بۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

مەن ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىمدىن كېيىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلمىدىم، ھەيرانمۇ بولمىدىم، گويا ئۇنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك تۇيغۇغا كەلدىم. مەن پەردىلەرنى يىرتىۋېتىشنى، پەردە ئارقىسىدىكى رەزىل كۆچلەرنى يوقىتىشنى ئۈمىد قىلدىم.

ئۆلۈم سەۋەبىنى دەمسىز؟

يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغان!

شەمشاددەك بەستلىك بىر يىگىت يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى دېسە ئادەمنىڭ بۇنىڭغا ئەقلى يەتمەيدۇ.

كىشىلەر ھەسرەت بىلەن يىغلاشتى. ئەمما مەن ئىچىمدە ئازابلاندىم، ئىچىمدە يىغلىدىم. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېيىت ئۇزاتقۇچىلارغا: «ئۇنى ئۆلتۈرگەن مەن بولىمەن، ئۇنى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلدى دېگەن گەپكە ئىشەنمەڭلار» دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم.

مەن قورقۇپ كەتتىم، روھىم بەربات بولدى. ئۇنىڭ ئاتىسى مېيىت ئۇزاتقۇچىلارنى سۆيگەندە ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈم دەپ تەن ئالمىدىم ۋە ئاتىسىغىمۇ ھېچنېمە دېمىدىم. ئەمما بوۋاي ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىئارام بولۇپ، كېچەيۇ ـ كۈندۈز خاتىرجەم بولالمىدىم.

— قاتىل، شۇمپەن، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىڭلار.

ئۇنىڭ گەپلىرى كىشىلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە خۇددى مۇزىكىدەك توختىماي ياڭرايتتى، «جاللات، قاتىل، ئۇنى قوغلىۋېتىڭلار، تىرىك كۆمۈۋېتىڭلار.»

مەن قاچتىم، ئۇلار قوغلىدى. ئۇچىسىغا مۇسىبەت لىباسى كېيىۋالغان، بۇرۇت ـ ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەن، قولىغا ئۇزۇن نەيزە، قىلىچ، كالتەك تۇتۇۋالغان ئەرلەر مېنى قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى.

مەن چوڭقۇر جىرالاردا يۈگۈردۈم، تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ

چۈشسەم ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە يۈگۈردۈم. ئۇلار خۇددى چېكەتكىدەك يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

قاباھەتلىك چۈش ھەر كېچىسى تەكرارلاندى. ئويغانسام كۆڭلەكلىرىم سوغۇق تەردىن ھۆل بولۇپ كېتەتتى. مەن تېزراق ئۇخلاشنى، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئەزرائىل كەلسىمۇ قىلچە ئازابلانمايتتىم.

# پېكىرودە بىرلىككە كېلەلمەسلىك

## ھەنەس بەنۇنە (ماراكەش)

*ھەنەس بەنۇنە (1940 — ) ماراكەشلىك ئايال يازغۇچى. 60 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەسەر يېزىشقا باشلىغان. 1965 ـ يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن تۇنجى ئاياللار ژۇرنىلى «شەرق» ژۇرنىلىنى چىقارغان. 1967 ـ يىلى ھېكايىلەر توپلىمى «جىمجىتلىقنى بۇزۇش» نى نەشر قىلدۇرغان، بۇ، ماراكەشتە ئاياللار تېمىسىدا يېزىلغان تۇنجى ئەسەر. «ئوت ۋە تاللاش» دېگەن رومانى غەربىي ئەل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ بۇ رومانىنىڭ نەشر ھوقۇقىنى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىشلىرىنى قوللاش ئۈچۈن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭ يەنە: «سايە ۋە ئاۋاز» «بوران ـ چاپقۇن» «سۆزلىيەلەيدىغان جىمجىتلىق» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «ئەتە ۋە غەزەپ» ناملىق رومانى بار.*

— لۇبېر ئەپەندى، ئەڭ ياخشىسى بىز ئاۋۋال ۋاقىتنى كېلىشىۋالساق قانداق؟

لۇبېر ئەپەندى نەزىرىنى يىغدى، چىرايىدىن خاپىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئەخمەد لۇبېر ئەپەندىنىڭ نېمە ئۈچۈن غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلەلمىدى، ئەمما ئاۋۋالقىدەك ئېھتىيات بىلەن ئۇندىمەي جىم تۇردى.

پىكاپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئۇلار پىكاپتىن چۈشتى.

— بىز مەكتەپنىڭ مۇدىر خانىمى بىلەن كۆرۈشەيلى.

مۇدىر ھەرقانداق كىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىمىغان ئايال

ئىدى. مەيلى يولۇچى ياكى ئالاھىدە زىيارەت قىلىپ كەلگەن ئادەم بولسۇن ياكى بىرەر ئىشنى ئۇقۇشۇپ كەلگەن ئادەم بولسۇن، مۇدىر خانىم ئۇنى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالاتتى.

— مەرھابا! — دېدى مۇدىر خانىم جاۋابەن.

لۇبېر ئەپەندى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدا ھېچقانداق ئادەم يوقتەك ھېس قىلاتتى، چىرايىدىن ياۋرۇپالىقا خاس ھاكاۋۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاۋۋال مۇدىر خانىمغا قول ئۇزاتتى.

— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ!

مۇدىر خانىم ئۇ ئىككىيلەننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇدىر خانىم ئۇلارغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقتى. لۇبېر ئەپەندى ئورۇنداققا كەپلىشىپ، ئەخمەد ئورۇندۇقنىڭ بىر بۇرجىكىدە قىستىلىپ ئولتۇردى.

— خانىم، لۇبېر ئەپەندى سىز بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچى.

— خوش...

لۇبېر ئەپەندى تەقەززالىق بىلەن خانىمنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى:

— سىلەر نېمە ئۈچۈن قىز ئوقۇغۇچى زەينەب ھازالغا ئوقۇش ياردەم پۇلى ئىلتىماس جەدۋىلىنى بەرمىدىڭلار؟

ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. بوۋىسى دېگەن گەپلەر ھېلىھەم خانىمنىڭ يادىدا ئىدى:

«قىزىم، ياۋروپالىقلار بىزنىڭ سادىدا، نادانلىقىمىزدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى رەزىللىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەمما ئۇلار ھەدىسىلا بىز سىلەرنى ھېماتىمىزغا ئالىمىز دەيدۇ. پۇلى بار ئادەملەر بايلىقنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چەت ئەللىكلەرگە بىزنى ھىماتچىلارغا

ئالساڭلار، دەپ يالۋۇرۇپ - يېلىنىشتىن ئايانمايدۇ. ئەينى چاغدا بىز ھەقىقىي مۇستەملىكىچىلىكتىن باشقا بۇنىڭمۇ بىر خىل مۇستەملىكىچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتۇقمىز.»

خانىم ئورنىدا دۇرۇس ئولتۇردى:

— لۇبېر ئەپەندى، مەن سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، ماراكەشلىك بىر قىز ئوقۇغۇچىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە، جاپادىن قاچماي بۇ يەرگە كېلىپ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

لۇبېر ئەپەندى تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە تاماكىنىڭ ئىسلىرىنى چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ:

— ئۇ بىزنىڭ ئۆيدىكى خىزمەتكار ئايال پاتمەنىڭ قىزى بولىدۇ.

كەيپىيات بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى، خانىم ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنغىنىچە مەسخىرە ئارىلاش جاۋاب بەردى:

— نېمىدېگەن شەرەپلىك ئىش بۇ!

شۇ ئەسنادا ئەخمەد كەيپىياتنى پەسەيتىش ئۈچۈن سۆز قىستۇردى:

— كەچۈرىسىز خانىم، ئۇ بىر يېتىم قىز، لۇبېر ئەپەندى ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولغان.

خانىمنىڭ بوۋىسى يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «دەسلەپتە ئۇلار ھېسداشلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن بىزگە ياردەم بەرمەكچى بولغان، كېيىن بىزگە پەقەت بىرلا يول قويۇپ قالغان يوللارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۆمۈر تىرنىقىنى كېرىگىنىچە بىزگە ئېتىلىپ كېلىشكە باشلىدى.»

— مەن سىزنى چۈشىنىمەن، ئەخمەد ئەپەندى. ئەمما مەن لۇبېر ئەپەندىدىن سوراپ باقاي، لۇبېر ئەپەندى سىزنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن مېنى سوراق قىلىدىغانغا نېمە ھەققىڭىز بار؟

ئەخمەد سەل ئولتۇرالماي قالدى. لۇبېر ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— ئەجەبا، ئۇنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش هوقۇقى يوقمۇ؟ ئەجەبا، مېنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى تەلەپ قىلىش هوقۇقۇم يوقمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

خانىمنىڭ تاغىسى مۇنداق دېگەنىدى: «بىز ئۆز ئىشلىرىمىزنى چۈشىنىمىز. مۇستەملىكچىلەرگە قارشى تۇرۇپ، هوقۇق - مەنپەئىتىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مەن تۈنجى تۈركۈمدىكى قارشى تۇرغۇچى جەڭچىلەردىن بولىمەن، مەن ناهايىتى يۇقىرى بەدەل تۆلىدىم. ماڭا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ئۆمۈرلۈك تۈرمىدە يېتىشقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز قىسمەن مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىقىمەن.»

خانىمنىڭ چىرايىدا مەسخىرە ئالامەتلىرى پەيدا بولدى:

— لۇبېر ئەپەندى، سىزنىڭ بۇنداق ئويۇننى ئويناشقا نېمە هەددىڭىز بار؟ مەن بۇ مەسىلىنى سىزنىڭ ئەمەس بەلكى مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇش هوقۇقۇم بار، دەپ قارايمەن. ئەجەبا، پاتىمە مېنىڭ قېرىندىشىم ئەمەس، ئەكسىچە سىزنىڭ قېرىندىشىڭىز ئىكەندە؟ ئېيتىڭا، پاتىمە سىزنىڭ هوزۇرىڭىزدا تولۇق هوقۇق - مەنپەئەتكە ئىگە بولالامدۇ؟

لۇبېر ئەپەندى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى كۆلدانغا ئۇزاتتى.

— خانىم، مېنىڭچە سىزنىڭ بۇنى سوراش هوقۇقىڭىز يوققۇ دەيمەن!

ئەمما خانىم تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ سورىدى:

— لۇبېر ئەپەندى، ماراكەشلىك قىز پاتىمەنىڭ سىزدەك بىر چەت ئەللىكنىڭ ئۆيىدە خىزمەتكار بولۇپ ئىشلەشكە نېمە هوقۇقى

بار؟

خانىمنىڭ ئاكىسى دېگەن گەپلەر ھېلىھەم خانىمنىڭ ئېسىدە ئىدى: بىزنىڭ كۆرۈشمىز تېخى داۋام قىلىۋاتىدۇ، پەقەت شارائىتلا، كۆرۈشنىڭ نامىلا ئۆزگىرىدۇ. ئەمما دۆلەتنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئەزگۈچىلەر بىزگە يەنىلا دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار كونا ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ. چۈنكى بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىش ئۇلارغا ئەمەس، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق.

شۇ ئەسنادا ئەخمەد ئەپەندى:

— خانىم، سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق. بىز پەقەت ئەھۋالنى قىسقىلا چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولساق - بىز كەن دېمەكچى، — دېدى.

ئەخمەد ئەپەندى بىلەن خانىم ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە مەقسەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز بولغان بىر خىل كەيپىيات پەيدا بولدى. خانىم ئەخمەد ئەپەندىنىڭ خىزمىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىشى كېرەكمۇ-يوق؟ جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك چىرىكلىشىش بۇ قېتىمقى ئويۇندا ئېنىق ئەكس ئەتكەن نورمالسىز مۇناسىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا خانىم ئەخمەد ئەپەندىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خانىم ئەخمەد ئەپەندىگە مېھرىبانلىق بىلەن شۇنداق دېدى:

— مەسىلە ناھايىتى ئاددىي، ئەخمەد ئەپەندى. مىنىستىرلىق ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى سەھرالىق ئوقۇغۇچىلارغا بېرىشنى قارار قىلدى، ئۇلارنىڭ ئاۋۋال ئېلىش ھوقۇقى بار. مەن بۇ تەدبىرگە قوشۇلمىساممۇ، ئەمما سىزگە ئىككىنچى خىل جاۋاب بېرىشكە ئامالسىزمەن.

خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرى ھېلىمۇ ئېسىدە ئىدى: ئۇ فرانسۇز تىلى دەرسلىكىنى يىرتىپ تاشلىۋەتكەندە، قارا

بايراقتىن كەلگەن كەيىف خانىم قاتتىق غەزەپلەنگەندى. ئۇ كەيىف خانىمغا: «مېنىڭ بۇ بىر قانچە ئېغىز فرانسۇزچىنى ئۆگىنىشىم سىزگە ئابدۇللا ناسىر توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى. مېنىڭ سىزگە ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ. ئۇ مىسىرنىڭ تەشۋىقات قوراللار ئۆچمەنلىك بىلەن تەسۋىرلىگەندەك ئادەم ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە» دېگەنىدى.

كەيىف خانىم فرانسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە كىرگەن يەھۇدى ئىدى. ئۇ سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە مۇدىر فىران خانىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

— هەي، بۇ ئوقۇغۇچىزە، ئۇ بولسا مەن دەرس ئۆتەلمىگۈدەكمەن! مەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىكەنمەن!

قىز ئوقۇغۇچىلار ئاچلىق ئېلان قىلىپ، مەكتەپنىڭ قاچا-قۇچا، پارتا - ئورۇندۇقلىرىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتتى، كەيىف خانىم يىل ئاخىرىدا مەكتەپتىن يۆتكىلىپ ئالجىرىيىگە كەتتى. ئۇنى مەكتەپ مۇدىرى جازالىغانىدى.

خانىم قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى ئىدى ۋە باش بولۇپ قالايمىقانچىلىق چىقىراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تۈرلۈك مۇكاپاتلىرى بىكار قىلىۋېتىلدى. جۇملىدىن فرانسىيە ئەلچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن فرانسىيىگە ساياھەتكە بېرىشتىنمۇ مەھرۇم قالدى.

خانىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— لۇبىر ئەپەندى، مەسىلە دەل سىزنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ تارىخىنى چارەك ئەسىر ئارقىسىغا چېكىندۈرمەكچى بولۇۋاتقىنىڭىزدا. سىز خۇددى هازىرلا باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەندەك قىلىسىز.

خانىم سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە كۈلۈپ كەتتى.

لۇبىر مۇدىر خانىمنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى ئاڭلىمىغان بولۇۋالدى، خانىمنىڭ ياپتا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ

چۈشەنمىدى.
— مىنىستىرلىقنىڭ بۇنداق قىلىشقا نېمە ھوقۇقــى بار ئىكەن؟
— بۇ دۆلەتنىڭ سىزگە پىسەنت قىلماسلىق ھوقۇقى بولۇشى كېرەك، بىز تېخى بۇ ھوقۇقتا ئېرىشمىدۇق. پاتىمەگە ئوخشاش قىزلارنىڭ خىزمەت قىلىشلىرى ئۈچۈن بۇ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ بايلىقلىرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بار.
خانىمنىڭ قۇلاق تۈۋىدە لايىقنىڭ گەپلىرى جاراڭلىدى: مۇبادا تۇرمە دۆلەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتــــدىغان ئاچقۇچ، دۆلەتنى ھەقىقىي مۇستەقىل قىلىشنىڭ مۇقەررەر يولى بولسا، ھەممىمىز تۇرمىگە كىرىشكە تەييار تۇرىمىز، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ بۇ دۆلەتنى قايتــــدىن مونوپول قىلىۋېلىشىغا، دۆلەتنى بۆلۈشىۋېلىشىغا يەنە يول قويماسلىقىمىز كېرەك.
لۇبېر ئەپەندى ئاغزىنــى ئېچــپ تۇرۇپلا قالدى ۋە غۇدۇرىغىنىچە:
— ھەتتا ئۇنىڭ قورساق بېقىش ھوقۇقىمۇ يوقمۇ؟ — دېدى.
بۇ لۇبېر ئەپەندىنىڭ بىردىنبىر مەسىلە سۈپىتىدە دېگەن گېپى ئىدى. مەنتىقە جەھەتتىن بۇ مەسىلىنى لۇبېر ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويماسلىقى، ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، كىمگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدى، شۇنىڭ بىلەن خانىم يەنە سۆزلىدى:
— شۇنداق لۇبېر ئەپەندى، ئۇنىڭ قورساق بېقىش ھوقۇقى بار. بىزنىڭمۇ قورساق بېقىش ھوقۇقىمىز بار. بۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى قورسىقىڭىزنى تويغۇزدى، سىزگە، سىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە ئېسىل ئاش - تائاملارنى بەردى، ئېشىپ قالغان تائاملار بىلەن بىزنىڭ قورسىقىمىز تويمىدى. ئەجەبا، سىلەر بىلەن سىلەرنىڭ ۋاكالەتچىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئويىنىلــــغان

ئويۇنلار يەنە كۆڭۈلۈڭلاردىكىدەك بولمايۋاتامدۇ؟

ئەخمەد ئەھۋالنى چۈشەندى بولغاي، بېشىنى تۆۋەن سالدى، چىرايىدا ھەسرەت ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. شۇنداق بولسىمۇ مۇدىر خانىم ئەخمەدنىڭ ئېنىق پوزىتسىيىدە بولۇشىنى كۈتۈپ تۇردى. چەت ئەللىكلەرنىڭ قاتتىق تىزگىنلەشلىرى ئاستىدا ئۇ، مەن ۋە بىزگە ئوخشاش ئادەملەر تاماقنىڭ، خىزمەتنىڭ، تۆت تال پۇلنىڭ ۋە ساختا كۈلگۈن چىرايلارنىڭ قۇلى بولۇپ قالمىدۇقمۇ؟

ئۇنىڭ لايىقى يەنە مۇنداق گەپلەرنىمۇ دېگەنىدى:

ھېسسىياتنى قوزغاش كۈرەش قىلىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى. سىلەر بىز بىلەن چوڭ - كىچىك تۇرمىلەرگە كىرىشتىن ئاۋۋال بۇ مەجبۇرىيەتنى ئۈستۈڭلەرگە ئېلىشىڭلار كېرەك.

لۇبىر ئەپەندى ئەخمەدنىڭ ئۇندىمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكۈۋاتسا، سىز ئۇندىمەي جىم تۇرىسىزغۇ؟ — دېدى.

ئەخمەد بېشىنى كۆتۈردى، كۆڭلىدە غەزەپ - نەپرەت غەلىيان كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مۇدىر خانىم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ:

— لۇبىر ئەپەندى، بۇمۇ بىر خىل ئاچلىق، بۇ پەقەت نان بىلەن غۇرۇرنىڭ كەملىكىدىن پەيدا بولغان ئاچلىق. سىلەر بولكا بىلەن غۇرۇرنى تارتىۋالدىڭلار، بۇ دۆلەتنىڭ قانلىرىنى سۈمۈرۈپ بولدۇڭلار. شۇنىڭ بىلەن «زەينەپ» «پاتىمە» ۋە جىمى پۇقرالار ئاچ قالدى. لۇبىر ئەپەندى، ئېيتىڭا، سىلەرنىڭ ياۋروپا چوڭ قۇرۇلۇقىنىڭ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە سانائەت ئىنقىلابى قەيەردىن كەلگەن، بۇلارنى سىلەرگە سىلەر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان دۆلەتلەر بەرمىگەنمۇ؟

— مۇدىر خانىم، مەن سىزنىڭ بۇنداق دېيىشىڭىزگە يول

قويالمايمەن. . .

مۇدىر خانىم ئۇنىڭغا سۆزلەش پۇرسىتى بەرمىدى:

— سىلەر بىزنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىمىزنى تارتىۋېلىۋاتىسىلەر. سىلەر بىزنى ۋەتەن ساتقۇچلار بىلەن بىرلىكتە تالان - تاراج قىلىۋاتىسىلەر. سىلەر بايلىقلارنى تالان - تاراج قىلىپلا قالماي يەنە تېخى بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىسىلەر، ھەرىكىتىمىزنى بوشۇكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتىڭلار، پارلاق ئەتىمىزنى گۇمران قىلدىڭلار.

— ئەخمەد!

لۇبېر ئەپەندى غەزەپتىن قاتتىق ۋارقىرىدى، ئەمما ئەخمەد ئاڭلىمىغان بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن لۇبېر ئەپەندى ئەخمەدكە بۇيرۇق قىلدى:

— بىز كېتەيلى!

— سىز كېتىۋېرىڭ! مەن سىز بىلەن ئەمدى ھەرگىز بىر يولدا ماڭمايمەن. مەن ئەمدى چۈشەندىم، مەن باشقا بىر يولغا ماڭىمەن.

ئەخمەدنىڭ جاۋابى كەسكىن ھەم ۋەزنى بار ئىدى.

لۇبېر ئەپەندى غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يەرنى قاتتىق دەسسەپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئەخمەد بولسا ئۆيىنىڭ تۆرۈسىغا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولدى.

ئەخمەدنىڭ بوۋىسى مۇنداق دېگەنىدى: «بالىلىرىم، يەر - تۇپراقنىڭ قىممىتى خەلقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىدىن كېلىدۇ. بەدەل تۆلىمىگىچە ئىززەت - ھۆرمەت بولمايدۇ.»

# كۇلدان ئىچىدىكى ئايال

لەيل ئوسمان (كۇۋەيت)

*لەيل ئوسمان (1941 — ) كۇۋەيتلىك ئايال يازغۇچى، فېئودال ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى كۆپ خوتۇن ئالغاچقا مېھرى - مۇھەببەت كەم بولغان رەھىمسىز مۇھىتتا چوڭ بولغان. ئۇ قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ، ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1965 - يىلى شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن، كېيىن دوستلىرىنىڭ دالالەت قىلىشى بىلەن ھېكايە يېزىشقا ئىشتىياق باغلىغان. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە ئاياللارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ۋە ئۇلار ئىنتىزار بولغان چىن مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن، ئاياللارنىڭ زورلاۋانلىقنى رەت قىلىپ، ئۆز تۇرمۇش يولىنى ئۆزى تاللاش ھوقۇقى تەكىتلەنگەن. ئۇنىڭ «كۇلداندىكى ئايال» «ئاشكارا تەكشۇرۇش ئېلىپ بارغان كېچە» «كۆپ خىل مۇھەببەت» «ئۇ سۆيۈشكە لايىق ئەمەس» «پاتىمە ئۆلۈمنى تاللىدى» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى، «ئايال ۋە مۈشۈك» ناملىق رومانلىرى نەشر قىلىنغان.*

مەن ئۇ ئىشىكنى ئۆز ۋۇندىن بۇيان چېكىپ ئاچماقچى بولۇپ كېلىۋاتاتتىم، ئەمما قانداق چېكىشنى بىلمەيتتىم. ئۇ ئىشىك ھەمىشە ماڭا ئۇرۇش ئېلان قىلىۋاتقاندەك ھىم ئېتىكلىك تۇراتتى. مەن رەشىدەنى ئاڭلىسۇن دەپ ھەمىشە ۋارقىرىماقچى بولاتتىم - يۇ، دېمەكچى بولغان گەپلىرىم گېلىمدا تۇرۇپ قېلىپ گەپ قىلالمايتتىم.

مەن نەچچە رەت مۈشۈنداق نىيەتكە كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ئەمما ئاقىۋەتتە. . . مەن سەمىمىي، ساپ دىل

ئىدىم. مەن رەشىدەنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ھەسسىلەپ ئېزىتىراپ چېكىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇشقا قانداق چىدىيالايمەن؟! مەن رەشىدەگە: مەن كۆڭلۈڭدىكى ئادىمىڭنى تارتىۋالدىم، ئۇ تۈن بويى ماڭا ھەمراھ بولۇپ يېنىمدا ياتىدۇ. قوينۇمغا كىرىدۇ دەيمەنمۇ؟!

مەن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

مەن ئالقانلىرىم بىلەن يۈزلىرىمنى توسۇپ يىغلىدىم، كۆز ياشلىرىم تاراملاپ ئاقتى. بەلكىم كۆز ياشلىرىم بىلەن كۆڭلۈم تەسكىن تېپىپ قالار. مەن ھەر قېتىم مۇشكۈلچىلىككە يولۇققىنىمدا ھەر قايسىلىرىغا دەرد تۆكۈپ يىغلايمەن. كۆز ياشلىرىم ئارقىلىقلا ئۈمىدسىزلىك ئاسارىتىدىن قۇتۇلىمەن، سېغىنىش ئازابلىرىنى باسىمەن، دىلىغۇللۇقنى تۈگىتىپ، توخۇ يۈرەكلىكتىن غالىب كېلىمەن...

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى خىيال - يىپلىرىمنى ئۈزۈپ تاشلىدى. تېلېفوننىڭ ئاۋازى خۇددى يەڭگىش ئالدىدا ئاچچىق تولغاقتىن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ، دوختۇر بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن بېسىقىپ قالغان ئايالنىڭ ئاۋازىدەك توختاپ قالدى.

«جىرىڭ - جىرىڭ - جىرىڭ» قىلغان يېقىمسىز تېلېفون ئاۋازى توختىماي قاتتىق جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالمىسام خودۇمنى يوقىتىپ قويغان بولاتتىم.

— ۋەي؟

......

— ھېلىھەم تىرىشىۋاتىمەن...

......

— مۇشۇنداق قىلىشىم شەرت... گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مۇبادا ئامالسىز قالسام ھەممىنى دەۋېتىمەن.

......

— بۇ قېتىم مەن ساراڭ بولغان ئوخشايمەن، ساراڭ بولسام نېمە بوپتۇ؟ ئەجەبا، مەن ئەقىل - ھۇشۇم بىلەن نەق توققۇز ئاي يۇرسەم يەنە كۇپا قىلمامدىكەن؟

. . . . . .

— رەشىدە ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋىرى بولمىغاچقا مېنى كۆزگە ئىلماسلىقى مۇمكىن.

. . . . .

— شۇنداق، مەن ساراڭ بوپتىمەن!

مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى «تورۇك» كىدە تاشلاپ قويدۇم. بۇ مېنى دوزاخقا تاشلىۋەتكىلى تاس قالغان ئالۋاستى، مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان شەيتان ئىدى. دەسلەپتە بۇ دوزاخقا كىرىشنى قانداق نىيەت قىلغان بولغىيتتىم؟! نېمە ئۇچۇن ئىش يۇز بېرىشتىن ئاۋۋال ئەتراپلىق ئويلانماي، ھەممىشە مۇھىت، شارائىتتىن ئاغرىنىپ، مەسئۇلىيەتنى «تۇرمۇش» قا دۆڭگەپ قويىمەن؟ بۇنداق مەسئۇلىيەتنى «تۇرمۇش» قانداق ئۇستىگە ئالىدۇ؟

شۇ چاغدا مەن راستىنلا ساراڭ بولغانىدىم! ئەخمەد قانداقسىگە بۇنى ئۇنتۇپ مېنى ئەقىل - ھۇشى جايىدا دەپ كەلگەندۇ؟ ئۇ بۇگۇن مېنىڭ ئەقىلدىن ئاداشقانلىقىمنى تەن ئالغانمىدۇ؟ شۇنداق، مەن ساراڭ بولغانىدىم!

مەن بۇگۇن ساراڭ بولغان ئىكەنمەن، ئۇ ھالدا سۆيۇملۇك ھەدەم رەشىدە قايتا ئازابلانماسلىقى، مەن «ساراڭ» پېتىم ياشاۋېرىشىم كېرەك ئىدى.

مەن يەنە رەشىدەنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى چەكتىم، ئەمما ئىشىك گىگانت ئادەمدەك قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى. مەن ئۇمىدسىزلىك، ئامالسىزلىق ئىلكىدە قالدىم. . مەن رەشىدەنىڭ رەھىم قىلىپ ئىشىكنى ئېچىشىنى ئۇمىد قىلدىم!

مەن يۈرىكىمنى توختاتقاندىن كېيىن غەيرەتكە كېلىپ ۋارقىرىدىم:

— رەشىدە، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، پاكىت سەن ئويلىغاندەك ئەمەس!

.........

ئىشىكنى توختىماي چەكتىم... بۇ ياغاچ ئىشىك نېمىشقا بىردىنلا تۆمۈر ئىشىككە ئايلىنىپ قالغاندۇ؟ ئىشىكنى چېكىۋېرىپ، مۇزدەك قوللىرىمنىڭ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كۆكۈم تالقان بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى، ئەمما رەشىدە يەنىلا جاۋاب بەرمىدى.

تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى! مەن تېلېفوننىڭ قاتتىق جىرىڭلىغان ئاۋازىغا چىداپ تۇردۇم، ئەمما تېلېفوننى ئالمىدىم. بۇنداق نەس باسقۇر تېلېفون جىرىڭشىسا جىرىڭشىۋەرمەمدۇ. كىشىنى ئازابلايدىغان ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كۆرە تاڭ ئاتقۇچە جىرىڭشىسىمۇ پەرۋا قىلمىغىنىم تۈزۈك.

مەن تېلېفون جىرىڭشىۋاتقان چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم - دە، گويا قەلب دەرۋازامنى ئاچماقچى بولغاندەك، ئاللىكىملەرنىڭ مېنى ئىزتىراپ ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى ئۆتۈنگەندەك، دەرھال دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردۈم.

— تالىپ!

مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتتىم.

تالىپنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، كالپۇكلىرى غازاڭ بولغان خورما ياپرىقىدەك يېرىلىپ كەتكەنىدى، خۇنسىز كۆزلىرى گويا ئۆلۈك توخۇنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايتتى...

— تالىپ سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي...

ئۇ يىرگىنچ بىلەن مېنى ئىتتىرىۋەتتى، يالۋۇرۇپ ئۆتۈنۈشلىرىمنى چۈشىنىشمۇ ئېلىپ قويماي ئۇدۇل رەشىدەنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى چەكتى. ئىشىك يەنىلا

ئېچىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن تالىپ دەرغەزەپتە ياغاچتەك قېتىپ قالغان ئېغىر پۇتلىرىنى سۆرەپ مەندىن يىراقراق يەردە تۇرغان ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى ۋە بىر تال تاماكا ئېلىپ پەرۋاسىز ھالدا تۇتاشتۇردى. ئۇ خۇددى مېنى ئاشۇ تاماكىدەك كۆيدۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى... مەن نىداسىز ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلدىم، ئۇنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشىگە تەلمۈردۈم. ئەمما ئۇ مېنىڭ جاسارىتىمنى يوقىتىپ ئۇچۇن مېنىڭ مەۋجۇتلۇقىمنى ئازراقمۇ نەزەرگە ئېلىپ قويمىدى.

نىھايەت، مەن چىداپ تۇرالماي ئۈمىدسىزلىك بىلەن:

— تالىپ، مەن ئۆزۈمگە بەك ئۆچ بولۇپ كەتتىم، — دېدىم.

تالىپ چىشلىرىنى قاتتىق چىشلىدى. تاماكىنىڭ كۆتىكىنى يۇزىنى چىشلىگەندەك غەزەپ بىلەن چىشلىدى. كېيىن «تۇفى» دەپ تاماكىنىڭ كۆتىكىنى تۈكۈرۈۋەتتى!

— سىز داپشاق ئىكەنسىز! ئۆزىڭىزگە ئۆچ بولۇشقا ھەقلىقسىز...

— ماڭا شۇ دەرىجىدە ئۆچ بولۇپ كەتكۈدەك بىرەر يىرگىنىچلىك ئىش قىلىپ قويمىغاندىمەن؟!

تالىپ چاچلىرىنى غەزەپ بىلەن قاماللىدى... ھېلىقى سىگارتنىڭ كۆتىكى خۇددى بىر ئايال نام - ئاتىقى بولغانغان بىر ئەرنىڭ قوينىدا ئۇخلاۋاتقاندەك كۇلدانىدا يانتۇ تۇراتتى!

— تالىپ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ...

— سىز... نېمە دېمەكچى؟

— مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىم ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئىشقىلىپ، سىزنىڭ ھەممىدىن خەۋىرىڭىز بار، ھازىرقى گەپ، گەرچە رەشىدە بىزار بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۈرۈشتە.

ئۇ ئۈندىمىدى.

— تالىپ، ئەمسە ئورۇنۇپ بېقىڭ!

— زۇۋانىڭىزنى يىغىڭ! بۇ يەردىن تېز كېتىڭ! شۇ تاپتا ھۆرمەتلىك ئېرىڭىز سىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ! . . . سارالڭ!

— ئۇنداق دېمەڭ، ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ، ئۇ مېنىڭ ئېرىملا بولۇپ قالماي، يەنە . . .

— بولدى، بەس! مەن ئۇنىڭدىن بىزار! مەن ئۇچۇن ئەمدى ئۆتكەن ئىشلار كەلمەسكە كەتتى، پەقەت ئۇ بۇ دۇنيادىن غايىب بولغاندىلا ئاندىن ئىشلار ئىزىغا چۈشىدۇ!

مەن يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا دېگەندەك، ئازابنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم. ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىمچە چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولدۇم. . . نېمىلەرنى خىيال قىلغانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ ئايدىڭ ئەمەس ئىدى. ئەخمەد ئۆيدە مېنى ساقلاپ تۇرغانىدى، مەن ئۆيگە بارسام ئۇ خۇش بولاتتى، مەن بىلەن ئاچكۆزلەرچە ئىشرەت قىلىپ نەپسىنى قاندۇرسىلا بولاتتى، ئۇنىڭغا كېرىكى شۇ ئىدى. مەن بولسام ئۇنىڭغا رائىشلىق بىلەن بويسۇناتتىم.

رەشىدە ھۇجرىسىدا قاتتىق ئازاب چېكىپ تۇراتتى. . . تالىپ ـ ئۇنىڭ ئېرى ھېلىھەم تاماكا كۆتىكىنى چايناپ تۈكۈرمەكتە ئىدى، ئۇ تاماكا كۆتىكىنى ھەر قېتىم تۈكۈرگەندە يۈزۈمگە تۈكۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

بىر قانچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ۋاقىت ئۆرتىنىش، ئازاب ئىچىدە مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى.

مەن سائىتىمگە قارىدىم.

— يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ — دەپ زەردە بىلەن سورىدى تالىپ.

— مەن رەشىدەنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مېنى بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قويماڭ.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالىدىغانلىقىڭىزنى

بۇرۇنلا بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى!

مېنىڭ ئازابلىق زۇلمەت كېچە پەردىسى تارتىلىش بىلەن تەڭ ئارزۇ - ئارمان نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۇندۇز دەرھال يوقالغاندەك، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلىۋالغۇم، يەر شارىدىن غايىب بولۇپ كەتكۈم كېلىپ كەتتى.

مەن خۇرسىنغىنىمچە ئۇنىڭغا:

— تالىپ، سىز مېنى راستىنىلا كەتكۈزۋېتەمسىز؟ — دەپ سورىدىم.

تالىپ كەمسىتىش نەزىرى بىلەن ماڭا قاراپ قويدى - دە، ئەتەي بىلمىگەن قىياپەتتە:

— سىرتتا ئەخلەت ماشىنىسى كۆپ، سىز ئۆزىڭىزنى بىر دۆۋە ئەخلەت دەپ بىلىڭ، — دېدى.

— بۇ گەپچە مەن سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئەخلەت ئىكەنمەندە. . سىز ئاخىرى بۇ گېپىڭىزگە پۇشايمان يەپ قالىسىز، — دېدىم مەن قەددىمنى رۇسلاپ.

ئەمدى مەن بۇ يەردىن راستىنىلا قايتىپ كېتىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئۇگە - ئۇگىلىرى بوشاپ كېتىۋاتقان تىنىمنى سۆرەپ، مېنى ساراڭ قىلىۋەتكەن، ئۆزۈم ئىختىيارسىز ياخشى كۆرۈپ قالغان ئەخمەدنىڭ قوينىغا ئۆزۈمنى ئېتىش ئۈچۈن ماڭدىم. مەن ئوتتۇرىمىزدىكى ھاڭنى ئۇنتۇپ كېتەيلا دېگەنىدىم. . .

# مۇھەببەتنىڭ كەينىدە

## ھادە زامان (سۇرىيە)

ئۇ قىزىق ئادەم ئىدى، مېنى مەن ئەزەلدىن كۆرمىگەن دېڭىز قىرغىقىغا، مېڭىپ باقمىغان تاغ يولىغا باشلاپ كەلگەن غەلىتە ئادەم ئىدى. مەن ئۇنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەلمىدىگەنىدىم. بۇگۈن ئاخشام ئۇ مەن بىلەن ھەمىشە پاراڭلىشىدىغان سىرلىق، قاراڭغۇ دېڭىز بويىدا ماڭا مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلالارمۇ؟

ماشىنا قاراڭغۇلۇقتا شەھەردىكى چىراغلارنى ئارقىسىغا تاشلاپ بىزنى ئېلىپ تىك، ئەگرى ـ توقاي يولدا تېز كېتىپ باراتتى. سەنئەتكارنىڭ ئۇڭ قولى رولدا ئىدى، كۆزلىرىم ئۇنىڭ سۆيۈملۈك چىرايىدا ئىدى، لەۋلىرى بوشقىنا تىترەيتتى.

ھەسەن ماڭا رەسىم تاختىسىدا لىمون گۈلىنىڭ ھىدىنى پۇرىتارمۇ، مەڭگۈلۈك دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلىتارمۇ؟ مەن نېمە ئۇچۇن بۇنداق سوئال سورايمەن؟ سوئال سوراش گۇمانىنىڭ باشلىنىشى. بىز چوڭ كۆرگەزمىدە تۇنجى ئۇچراشقان چاغدىن باشلاپلا ئۇنىڭغا ئىشەنگەنىدىم.

ئۆتكەن يىلى يازنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ھېلىقى ئاخشام مەن ئۇچۇن تولىمۇ گۈزەل ئاخشام ئىدى، مەن ئەسلىدە رەسىم سىزىشقا ئىشتىياق باغلىغان بولغاچقا، كىچىكىمدىن تارتىپلا مەشىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدىم. مەن شەھىرىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى رەسسام ھەسەننىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش يىغىنىغا ئىككىلەنمەيلا باردىم.

ئۇ يەردە كۆزلىرىم ئۆنىڭ زەڭگەر كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئون نەچچە قىز ئۆنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي كۈلۈشۈپ تۇراتتى، ئۇلار ئانچە - مۇنچە گېزىت ئوقۇپ قويىدىغان، ئۇخلىسىمۇ قوللىرىغا پەلەي كىيىپ ئۇخلايدىغان شاللاق قىزلار ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر چەتتە تۇرۇپ مەڭدىگەن ۋە خەيرىخاھلىق قىلغان ھالەتتە ئۆنىڭغا قاراپ تۇرغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. مەن ئۆنىڭ قۇرۇپ كەتكەن زەڭگەر كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنىڭ بىر پارچە يامغۇرسىز بۇلۇت ئىكەنلىكىمنى بىلەلمىدىم. ئۇ بىزار بولغان بولسىمۇ، مەجبۇرەن كۈلدى. قىزلار چىرقىرىشىپ، كۈلۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا ئۇ تەنتەنە بىلەن مېنى چاقىرىپ توختاتتى.

— ھەي، سىگان قىز، ماڭا سۈرىتىڭىزنى سىزدۇرغىڭىز بارمۇ؟

مەن قېچىردەك تەرسالىق قىلىپ:

— ياق، سىزگە سۈرىتىمنى سىزدۇرغۇم يوق. ماڭا رەسىم سىزىشنى ئۆگىتىپ قويغان بولسىڭىز، — دەپ جاۋاب بەردىم. مېنىڭ تۇيۇقسىز دېگەن بۇ گېپىمدىن ئۇ ھەيران قالدى:

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئۆلمەسلىكىم ئۈچۈن ماڭا رەسىم سىزىشنى ئۆگىتىپ قويۇڭ. مەن رەسىم تاختىسىدا مەڭگۈلۈك ھاياتنى يارىتىمەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ بىز دوست بولۇپ قالدۇق. ئۇ ماڭا رەسىم سىزىشنى قانداق ئۆگەتكەن بولسا، مەنمۇ ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆردۈم!

ئەمما، زەڭگەر كۆزلەرنىڭ سۈيى قېچىپ قۇرۇپ كەتكەنىدى. مەن توختىماي كۆزەتتىم، رەسىم تاختىسىدا زەڭگەر ئاسمان جىلۋىلىنەتتى، ئەمما سەنئەتكارنىڭ كۆزلىرى خۇنسىز ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى راۋا كۆرمەيتتىم،

ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچساممۇ، ئۇنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىمغىمۇ ئىشىنەتتىم. بۇنداق يىگىتلەر ئۆزى بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلغان قىزلارنى ئۇنۇتمايتتى. ئۇ قايتا - قايتا تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالدى، چۈنكى ئۇ قىزلارنىڭ ئۆزىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

مەن ئارقامغا قاراپ قويدۇم، ئەگرى - بۈگرى يول شەھەرنىڭ نۇرلىرىنى يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما مەن ئۆلۈشنى ھەرگىز خالىمايمەن. بىز دېڭىز قىرغىقىغا يېتىپ بارايلا دەپ قالدۇق. مەن ھازىرلا ھەسەن مېنى ئايدىڭدا ئېنىق سىزسۇن دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بېرىمەن. مەن ئۇنىڭ نەزىرىدە خۇددى ئۇپۇق سىزىقىدىن پەلەككە ئۆرلەۋاتقان يۇلتۇزغا ئوخشايتتىم، قارا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەن، شۇڭقارلار جەۋلان قىلىۋاتقان تاغ چوققىسىدىكى بىر تال ئەتىرگۈل، بوران - چاپقۇندا ئۆزگىرىپ ئادەمنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان شېئىر ئىدىم. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن مېنى نىجاد تاپقۇزغىلى بولامدۇ؟ ئاتام ماڭا ئەبەدىيلىكنى ئۆزۈڭ تاپ، دېگەنىدى. باشقىلار ساڭا مەڭگۈلۈك ھايات يارىتىپ بېرەلمەيدۇ، ھەسەن مېنىڭ سۈرىتىمنى سىزىپ بېرەلىسىمۇ مېنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرەلمەيدۇ.

ئاتام ئاشۇنداق قاراشتا بولسىمۇ، مەن سىگانلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيگەن چاغلىرىمدا مېنى توسمايتتى، كېچە سائەت ئىككىلەردە سىرتقا چىقساممۇ گەپ قىلمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشىنىڭ ئۆزى مېنىڭ سىرتقا چىقىشىمغا قوشۇلمىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مەن بالىلىق چاغلىرىمدىلا ئۇنىڭ بىلەن سۈكۈت ئىچىدە تالاش قىلىپ كەلگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ بۈگۈنكى جىمغۇر، نىداسىز ھالىنى كۆرۈپ: «مەن ئەتىگەندە ئايۋىنىڭ ئالدىدا توك سوقۇپ ئۆلۈپ قالغان مانتىيوردەك ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايمەن. قورقۇنچاقلىق

يارىمايدۇ. سەن ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا توي قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلىپ تۇرۇپ يەنە سۇرىتىڭنى سىزدۇرۇشقا ئىختىيار قىپسەن، نېمە ۋەجىدىن بۈگۈن ئۇنىڭغا سۇرىتىڭنى سىزدۇرماقچى بولۇپ قالدىڭ؟ قورقۇنچ بىلەن مەڭگۈلۈك ھاياتنى مۇرەسسە قىلىشقا بولمايدۇ.» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم.

سەن ئۆلۈمدىن قورقساڭ ئۆلۈمدىن مەڭگۈ غالىب كېلەلمەيسەن!

ئاتام ئۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئەسلىدىنلا خاتا ئىش قىلمايتتى. مەن سائىتىمگە قارىدىم، ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا ئۇنىڭ ھەسرەتلىك، ئەمما ھېسداشلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆردۈم.

مەن ئاتامنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇپ كەتتىم، قەلبىمنى غېرىبانە تۇيغۇ قاپلىۋالدى، ئۇ كۆزلەر بۇ دۇنياغا ھەر بىر ئىنسان يېگانە كېلىپ، يېگانە ئىجاد ئېتىپ، يەنە ئۆلۈمدىن يېگانە ھالدا غالىب كېلىدىغانلىقىنى سەمىمگە سالدى.

مەن ھەسەنگە تىكىلىپ قارىدىم، ئۇ ماشىنىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ھەيدىمەكتە ئىدى. مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، مەن قولۇمنى سۇنساملا ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلىيالايتتىم، ئوتتۇرىمىزدىكى ياتسىراشمۇ تۈگەيتتى، ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىمۇ بەربات بولاتتى. ئۇ گويا مېنى تاشلاپ تۇمان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولۇپ كېتەتتى. مەن ھېلىھەم تەقدىر ئالدىدا يېگانە تۇراتتىم.

مەن خىيال قۇشلىرىمنى داۋاملىق جەۋلان قىلدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، دېرىزىدىن سىرتقى مەنزىرىلەرگە قارىدىم، يىراقلاردىكى تاغلار ئۈستىدە ئاي ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى، ئاي ماڭا ئەگىشىپ ماڭاتتى، ئوتلۇق ھېسسىياتىمنى قوزغايتتى. تاغ بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىۋاتاتتى، ئاي نۇرى قويۇق، قاراڭغۇ ئورمانلىقنى قاپلىغانىدى، ماشىنىنىڭ چاقى مۇڭلۇق ئىڭرايتتى.

قويۇق ئورمانلار ئاينى توسىۋالدى ۋە دەرەخ شاخلىرى ئاي يۈزىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. ماشىنا يۈرمەكتە، ئاي، يۇلتۇزلار ئورمانلىقتا نۇر سەپمەكتە. تاغ ئاستا ـ ئاستا تەكشى ھالەتكە كىردى. ئاي غالىبانە ھالدا كۆتۈرۈلدى. ئاينىڭ تارقاق نۇرلىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە يىغىلىپ، ئاسمان قەھرىدە يەنە جەم بولدى. ماشىنا ئۈچقاندەك كېتىۋاتاتتى، مەن ھەرگىز ئۆلمەيتتىم. مەن بېشىمنى ئورۇندۇققا تاشلىدىم. ھەسەن بارماقلىرى بىلەن يۆلەنچۈكنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىمنى بوشقىنە سىلىدى.

مېنىڭ يىغلىغۇم كېپكەتتى. مەن ئۆزۈمنى تەنھا ۋە قورققاندەك ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھاياجانلاندىم.

— نېمىدىن قورقۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھېچنېمىدىن.

مەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىمدا ئۆلۈپ كېتىشىدىن بەك بىزار ئىدىم، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى مېنىڭمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرەتتى. ھەسەن شىرغا ئوخشايتتى، مەن ئۇنى قانداق كۆندۈرۈشنى بىلمەيتتىم. ئۇ گاڭگىرىغان ھالدا ئۆتۈنۈپ تۇرۇپ:

— مەن سىزگە يەتتىنچى قېتىم مېنىڭ خانىمىم بولۇڭ دەپ تەكلىپ قويدۇم. مەن سىزنى بەختلىك قىلىمەن، غەم ـ قايغۇ، دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن، — دېدى.

غەم ـ قايغۇ؟ كىم مېنىڭدە غەم ـ قايغۇ بار دەيدۇ؟ ئۇنىڭ گەپلىرى زىتىمغا تەگدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز توي قىلمايمەن. مەن ئۇنىڭ لايىقى ئەمەس، ئۇنىڭغا پاكىتىنى ئاشكارىلىمايتتىم. ئۇنىڭ قۇرۇپ كەتكەن زەڭگەر كۆزلىرىدىن نامايەن بولۇپ تۇرغان يېلىنىش ئالامەتلىرى ئالدىدا ئۆزۈمنى تىرىشىپ تۇتىۋالدىم ۋە ئۇنىڭغا:

— ھەي! ھەسەن، بىز تېخى مەنزىلگە يېتىـ ـ ـ ـپ

كەلمىدۇقمۇ؟ — دېدىم.

ھەسەن سۈكۈتكە پاتتى. ماشىنىنىڭ بېشى جاۋاب بېرىۋاتاتتى، ماشىنا تارىيول بىلەن دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. تۇزلۇق سۇ ھايات ئىستەكلىرىمنى ئويغاتتى، مەن دېڭىزنى ياخشى كۆرىمەن، دېڭىز تەكتىدىكى دۇنيانىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، چۈنكى بېلىقلار مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە ئىدى. بېلىق بىزدەك ئاغرىپ قالمايتتى، بىزدەك سەۋەپسىزلا ئۆلۈپ كەتمەيتتى. ئۇ يەردە ستولبا يوق ئىدى. ئەمما بىز ئاغرىپ قالىمىز، ئازابلىنىمىز، يەنە تېخى ستولبىدا توك سوقۇۋېتىپ سەۋەبسىز ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

ماشىنا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. بىز تۆپىلىككە قاراپ ئۆرلىدۇق، تۇيۇقسىز تۇۋەنلىدۇق، قاپقارا دېڭىز قولتۇقى ئاخىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. دېڭىز قولتۇقى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ غۇۋا ئەسلىمىسىدەك، خىجىل بولغىنىچە يېنىمىزدا قارىيىپ ياتاتتى. ئاي تولغانىدى، خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك مەنزىرىلەرگە ئوخشايتتى، ئاي دېڭىز ساھىلىغا سېخىلارچە نۇر چاچاتتى. بۇ مەنزىرە گويا ياز كۈنلىرىدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئاستىدىكى خامانلىقنىڭ مەنزىرىسىگە ئوخشايتتى. بىز دېڭىز بويىغا يېقىنلاشتۇق. ئاي نۇرى بوز سايازلىقتا جىمىرلايتتى، دېڭىز قىرغىقىدىكى قۇلۇلىلەر لىمون گۈللىرىنىڭ خۇشپۇراقلىرىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن قاسراقلىرىنى تاشلىغانىدى. دېڭىز گويا تويى بولغان قىز - يىگىتنى سۆيگەندەك بۇژغۇنلىرى بىلەن قىرغاقلارنى سۆيەتتى. شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىغا تولغان كېچىلىك تۇرمۇشىغا مەپتۇن بولۇپ كېتىپ كىشىلەر كەمدىن كەم كېلىدىغان بۇ دېڭىز ساھىلىدا جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان خۇشپۇراقلار تارقىلىپ، ياز كېچىسىدىكى ئاي نۇرلىرىغا ھەمدەم بولاتتى. مەن بۇ ئاجايىپ - غارايىپ ھېسسى

دۇنيانى ئىلكىمگە ئېلىشقا ئىنتىلدىم، ئىنتىزار بولدۇم. قەلب دۇنيايىمدا چىققان مەستخۇش بوران كېچە شادلىقىدىن غالىب كېلىپ ماڭا مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلدى، مەن چاقناپ تۇرغان چوڭ قۇلۇلىلەرنىڭ قاتتىق قاسراقلىرى ئىچىدە كىرىپ بۆژغۇنلارنىڭ تېرەن يەرلىرىدىن ئامانلىق تاپقاندەك بولدۇم.

— توختاڭ، ھەسەن، ماشىنىدىن چۈشۈپ بىردەم ماڭايلى.

ئۇنىڭ ئاۋازى كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق چىقتى:

— بۇ يەردە تۇختىسام بولمايدۇ. ماشىنىنى دېڭىزغا يېقىن ئاپىرىمەن. سىز مېنى قاراڭغۇدا ئويناتماقچىمۇ؟

ماشىنا مېڭىۋەردى، دېڭىزغا بىر قانچە مېتىر قالغاندىلا ئاندىن توختىدى. مەن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتۈم، چىرايلىق ئايىغىمنى سېلىپ سايازلىقتا يالاڭاياغ تاقلاپ - سەكرەپ يۈرگۈردۈم، چۆرگۈلىدىم، خۇشاللىقتىن بېشىم كۆككە يەتكۈدەك بولدى. مەن جىمى شەيئىلەرنىڭ ئىلاھىنى كۈتۈۋالدىم. مەن ھاسىراپ تۇرۇپ سايازلىقتا يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم. ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ھالىمدىن كەتكۈچە تىلاۋەت قىلدىم. بەدىنىمگە قۇم چاپتىم. بۇ يەردە مېنى پەقەت ئۆلۈملا ئازدۇرۇۋېتەلەيتتى، مەن ھەرگىزمۇ توك سىمى ستولبىسىغا ئېسىلىپ ئۆلمەيمەن، جەسەت ماشىنىسىمۇ ھەرگىز كەلمەيدۇ. مەن ھېلىھەم بەرنا، شوخ، روھلۇق پېتىم تۇرۇۋېرىمەن. قاپقارا دېڭىز بويىدا مۈگدىگەچ دېڭىزنى قوغدايمەن. ئاپرېلنىڭ مەيىن شاماللىرى، لىمون گۈلىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن بىرگە تۇرىمەن.

ھەسەن نەرسە - كېرەكلىرىنى، رەسىم قەلىمى بىلەن بوياقلىرىنى رەتلىدى. ماشىنىنىڭ ئاككۇمۇلياتورىنى توك سىمىغا ئۇلىغاندىن كېيىن قۇڭغۇررەڭ چىراغ رەسىم تاختىسىنى يورۇتتى. ئۇ پاتېفونغا بىر پلاستىنكا سالدى، ئارسلاندەك چاققانلىق بىلەن مەڭگۈلۈك ھايات زىياپىتى ئويۇشتۇردى. سىگنالارنىڭ شېرىن چۈشكە ئوخشايدىغان لەرزان كۈيلىرى

ياڭرىدى، بۇ كۇيلەر رەڭدار بۇلۇتلارغىلا ئوخشايتتى. ھەسەن ماڭا يېقىن كەلدى ۋە چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ ماڭا:

— سىز سايازلىقتا يېتىڭ، مەن تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن سۇرىتىڭىزنى سىزىپ بولىمەن، بۇگۇن كېچە سىزگە مەڭگۇلۇك ھايات ئاتا قىلىشقا قەسەم قىلىمەن، — دېدى.

مەن ئۇندىمىدىم. ئۇ يېنىمدا ئولتۇردى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن سىردىشىشنى ئىستەيتتىم. بىز مەڭگۇلۇك ھايات ياراتقىچە ئۆز ھاياتىمىزنى ياراتساق، دەپ تىلەيتتىم. مەن مەڭگۇلۇك ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىزغىنلىقى ھەش - پەش دېگۇچە پەيدا بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئەمما مەن ئۆزۇمنىڭ چىنلىقىغا يۇزلەنگەندە ناھايىتى قورقۇپ كېتىمەن.

ھەسەن ئىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ ماڭا ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— كېيىمىڭىزنى سېلىپ سول مۇرىڭىز بىلەن كۆكرىكىڭىزنى چىقىرىڭ، — دېدى.

مەن گويا قامچا يەيدىغان ئادەمدەك قاتتىق قورقۇپ كەتتىم. چىنلىق ئاشكارىلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم، شۇڭا قىمىر قىلماي جىم تۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى ئەيىبلەپ:

— ماڭا ئىشەنمەمسىز، يەنە شۇنداق تەرسالىق قىلامسىز؟ — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن سول مۇرەم بىلەن كۆكرىكىمنى ئاچتىم.

— ئوڭ مۇرىڭىزنى چىقىرىڭ دەيمەن! — دېدى ئۇ خاپا بولۇپ.

مەن يەنىلا قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردىم، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدىم، مېنىڭ تۇغما تەرسالىقىم ئۇنىڭغا بويسۇنۇشۇمغا يول قويمىدى. ئۇ رەسىم سىزىشقا باشلىدى، دېڭىز قىرغىقىدىكى سىرلىق بىر يەردىكى مەلۇم بىر

نەرسە ماڭا بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ نەرسە بىزنى مەڭگۈلۈك ھايات ئۇستىدە ئويلىنىشىمىزدىن ئىلگىرى ھاياتلىق ئاپىرىدە قىلىشقا ئۈندەيتتى. مۇبادا بىز ھەقىقىي دەقىقىلەردە بىرگە ياشايدىغان بولساق ئۇ بىزگە ئۆلۈمدىن قورقماڭلار دېيىشى مۇمكىن ئىدى، ساختىلىق بىلەن ياشايدىغان ئادەملەرلا ئۆلۈمدىن قورقاتتى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ھايات يارىتالمايدىغان ئادەملەر ئىدى. مەن ئۆزۈمنى ياشىيالمايدىغان ئادەم، باھار گۈللىرىم ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ئىزغىرىن كۆز شامالىرى مېنى ئۇچۇرتۇپ كېتىشى مۇمكىن. مەن ھەتتا رەسىم سىزىشقىمۇ ئۇلگۈرەلمەسلىكىم ئېنىق. مەن ئاتام بىلەن رەسىم سىزىش خىيالىم بارلىقى توغرىسىدا كۆپ قېتىم پاراڭلاشقاندىم.

ھەسەننىڭ بېشى ھېلىھەم رەسىم تاختىسى، كىچىك چىراغ ۋە بوياقلار ئارىسىدا ئەلەڭلەيتتى. لىمون گۈلىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى بىلەن سىڭان كۆيى قەلبىمدە ھاياتىي كۈچ، ئىللىقلىق ۋە ئۈمىد پەيدا قىلدى. مەن ھامىنى بىر كۈنى رەسىم سىزىشقا مۇۋەپپەق بولاتتىم. مەن ئۆزۈمنى ئانا زېمىننىڭ قوينىغا باش قويغاندەك، ئاپتاپتا، قىياتاش يېنىدا، بوران - چاپقۇنلار قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلگەندەك، ھايات كۆزۈمگە سىڭىشىپ كەتكەندەك، نېرۋىلىرىم ئارىسىدا ئېرىپ كەتكەندەك سەزدىم. رەسىم سىزىش بىر تىرىك دۇنيا بولۇپ، ئۇ مېنىڭ كىچىك چاغلىرىمنى، چوڭ بولغان چاغلىرىمنى ۋە ئالەمنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن ھامىنى بىر كۈنى بىر پارچە رەسىم سىزىمەن، مەن كېسەل بولمايدىغان، ئۆلمەيدىغان ئاشۇ بېلىققا ئوخشاش ئەركىن ياشاپ يۈرۈيدىغان كىچىك پېتىم تۇرۇۋېرىمەن. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئۆزۈمگە كەلدىم:

— كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ.

— نېمىشقا؟

— ھەي، سىز ئەجەب نەرسا ئىكەنسىز، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ

دېگەندىكىن يۈمۈك. مەن ئىللىقلىق، خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرغان چىرايىڭىزنى سىزماقچىمەن.

— كۆزۈمنى يۇمۇشتىن قورقۇۋاتىمەن.

— كۆزىڭىزنى يۈمۈك دەۋاتىمەن، بەك تەرسالىق قىلىپ كەتتىڭىز، — ئۇ غەزەپتىن ۋارقىراپ كەتتى.

مەن ئامالسىزلىقتىن كۆزىمنى يۇمدۇم، ئالدىمدىكى دېڭىز قىرغىقى غايىب بولدى، يۇلتۇزلار ئۆچتى، سىگان كۆيى تەگسىز جىرالارغا سىڭىپ كەتتى، لىمون گۈلىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ھالاكەت ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان دولقۇنلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى، شاۋقۇنلاۋاتقان دېڭىز بۇژغۇنلىرى ئېتىلىپ كېلىپ مېنى ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغان شەھەرنىڭ تۈن قوينىغا بەنت قىلىۋېتىش ئۈچۈن تەھدىت سالدى. ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى رەستە تەۋرىنەتتى، ئەگرى ـ توقاي رەستە ۋايرانلىق ئىلكىدە يىغلىماقتا ئىدى. پەقەت ستولىبىلا جازا مەيدانىدىكى دارغا ئوخشاش ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. رەستىدىكى بىر تۆۋرۈك مەن ئۈچۈن ئورنىتىلغانىدى، مەن ئايۋاندا مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرۇۋەردىم. قارا بۇژغۇنلار ماڭا ئۆرۈلماقتا ئىدى، بىر ناتونۇش ئەر پىيادىلەر يولىدا كېلىۋاتقاچ مېنى چاقىردى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن شەيتاننىڭ كۈلكىسىدەك كۈلكە ئاۋازى چىقتى. ئۇ، مەن ئۆيىڭىزدىكى توك سىمىنى ئوخشاپ بېرەي، دېدى. ئۇ ئىككى پۇتىغا تۆمۈر قىسقۇچنى كېيىپ ستولبىغا يامىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ كاللىسى بىردىنلا چاشقاننىڭ بېشىغا ئايلىنىپ قالدى.

— بىزگە توك كېرەك ئەمەس، سىز ئادەم سىياقىڭىزنى ساقلاپ قېلىڭ!

ئەمما ئۇ ئاڭلىماي ئەڭ ئۈستىگە چىقتى.

ئۇ بىر قانچە تال توك سىمىنى تۈزەشتۈردى، قورقۇنچلۇق ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ گويا يېلى چىقىپ كەتكەن قارا توپقا ئوخشاش پىيادىلەر يولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى يەنە ئادەم

بېشى سىياقىغا كىردى، كۆزلىرىدىن قاپقارا قان ئاقتى. ئۇ بىر نېمىلەرنى دېگىنىچە ئۆزىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

ناله ياغدۇرۇپ يېتىپ كەلگەن ماشىنا خالتا كوچىدىكى جەسەتنى ئېلىپ كەتتى. رەستىدە يەنە بىر يېڭى مانتيور پەيدا بولدى، مەن ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزگە ھېزى بولۇڭ دېمەكچى بولدۇم-يۇ، ئەمما ئۇنداق دېيەلمىدىم. ئۇ ئۇدۇل كەلگەن پېتى ستولبىغا چىقتى. ئۇنىمۇ توك سوقۇۋەتكەچكە يىقىلىپ چۈشتى. مۇشۇنداق خىيالىي كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمدىن ئۇن نەچچە رەت ئۆتتى، مەن ۋارقىرىيالمايتتىم، ئەمما ئۆزۈمنىمۇ تۇتۇۋالالمايتتىم. دېڭىز دولقۇنلىرى مېنى ئاستاغىنە ئايۋانغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ، ئوڭ مۈرەم بىلەن كۆكرىكىمنى ئايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىۋەتتى. مەن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك قېقىلىپ يىغلاپ كەتتىم:

— مېنىڭ ئۆلگۈم يوق، ئۆلگۈم يوق!

ئىككى قول مېنى قۇچاقلاپ ئىرغىتتى. ھەسەن ئالدىمدا! كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ماڭا تەسەللى بېرىۋاتاتتى، مەن يەنىلا قاراڭغۇ دېڭىز قىرغىقىدا، تولۇن ئاي، ياز كېچىسى ۋە لىمون گۈلىنىڭ خۇشپۇراقلىرى ئارىسىدا ئىدىم. كىم مېنى ۋارقىراپ كەتسۇن دەپتۇ؟ ھېچ ئىش بولمىدى. ئاتامنىڭ توك سوقۇپ ئۆلۈپ قالغان ھېلىقى مانتيور توغرۇلۇق دېگەن گەپلىرى توغرا ئىدى. ھەسەن مېنى يېنىغا تارتتى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى چولپان كەبى چاقناپ تۇراتتى:

— سىز ھەرگىز ئۆلمەيسىز، مەن سىزنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈردۇم، مەن سىزنى يۇلتۇز سۈپىتىدە بۇ قىرغاققا تېرىۋەتتىم، قاراڭ، بۇ رەسىمگە!

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم، ئالدىمدىكى سۈرەت تاڭ نۇرىدەك چاقنايتتى. مەن قىزىل چاچلىرى قويۇق، كۆزلىرى ئىنتائەتمەنلىك بىلەن تولغان ھالدا يۇمۇلغان، ئوڭ

مۇرىسى بىلەن كۆكرىكى ئوچۇق، گۈزەل بەدىنىدىن ساغلاملىق چىقىپ تۇرىدىغان بىر سىگان قىزىنى كۆردۇم. نەزىرىم رەسىمگە چۈشكەن ئاشۇ دەملەردە ئىسسىق قانلىرىم كۆيۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— سىز نېمىشقا سۇرەتتىكى قىزنىڭ مۇرىسى بىلەن كۆكرىكىنى ئوچۇق سىزىپ قويدىڭىز؟ مەن بۇنداق سىياقنى زادى ياقتۇرمايمەن.

ئۇ پەخىرلەنگىنىچە جاۋابەن:

— مەن ئۆز تەسەۋۋۇرۇم بويىچە سىزىپ چىقتىم، ئەمەلىيەتتە سۇرەتتىكىدىنمۇ چىرايلىق بولسا كېرەك، كەچۈرۈڭ، — دېدى.

مەن رەسىمگە يەنە قاراپ، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر چىراينى كۆردۈم، بۇ ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قىز ئىدى. ئۇ رەسىم سىزىۋاتقاندا ماڭا قارىمىدى، مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىم خۇددى سەھەردە توك سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى بىچارە ئىشچىنىڭ ھالىتىگە ئوخشايتتى. بۇ مېنىڭ گۇناھىم ئىدى. مەن ئۇنىڭ يالىڭاچ مۇرىسى بىلەن تولغان كۆكسىلىرىگە نەشتەردەك سانجىلىپ كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم، مۇبادا ئۇ بىلىدىغان بولسا. .

مەن ئۇنىڭدىن پاكىتنى تەن ئېلىپ، بۇ رەسىمنى كۆيدۇرۇۋېتىش دەپ ئۆتۈنمەكچى بولدۇم. ئۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى، مۇبادا مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى دەيدىغان بولسام، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالاتتىم. شۇڭا جىم تۇرۇۋېلىپ، ھەممە ئىشنى تېزلا ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى بولدۇم. تاڭ ئاتاي دەپ قالغاچقا، بۇ يەردىن تېز كەتمىسەك بولمايتتى. ئۇ رەسىمدىكى قىزغا مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلغىنى بىلەن ماڭا ئاتا قىلمىغانىدى. بىز دەرھال بۇ يەردىن كېتىشىمىز كېرەك ئىدى. مەن تاڭ مەھەلدە ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇشتىن قورقاتتىم. بۇ يەردە

پەقەت مەندىن باشقا جىمى نەرسە ئېنىق ھەم چىن ئىدى. مەن ئۇنى گۈللۈك رەڭدار كىيىملەر، خائىن چاچلار ۋە سىگانلارنىڭ مارجانلىرى بىلەن ئالدىدىم. ھەي، ھەسەن، بىز قايتىپ كېتەيلى! مەن ئۇ سىزغان رەسىمنىڭ ئالدىدا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم، ئەمما ئۇنى دېلىغۇل قىلىپ قويمىدىم. ئۇنىڭ بۇ رەسىمگە ئىشەنچىسى كامىل ئىدى، بۇ رەسىمدىن پەخىرلىنەتتى. مەن بۇ رەسىمنى ۋەيران بولۇپ كەتسىكەن دەپ تىلىدىم. ئۇ چاققانلىق بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. بىز ماشىنىغا چىقتۇق، ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، تېزراق ھەيدەڭ! كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئۆيگە بېرىۋالايلى، — دەپ ۋارقىرىدىم.

ئۇ بۇ ۋارقىرىشىمدىن ھەيران بولۇپ تىترەپ كەتتى، ئەمما گېپىمنى رەت قىلماي كۆندى. ماشىنا ئىزىدا گۈركىرەپ قوزغالماي تۇردى، مەن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قارىۋىدىم، چاقنىڭ يېرىمى قۇمغا پېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا قايتا ئوت ئالدۇرۇڭ دېدىم، ماشىنىنى ئارقىسىدىن بار كۈچۈم بىلەن ئىتتەردىم، چاق ئۆز ئورنىدا پىرقىراپ قۇملارنى توزىتىۋەتتى ۋە بارغانسېرى چۆكۈپ كەتتى. تاڭمۇ ئاتتى، ھەسەن ماشىنىنى ئەمدى ھەيدەش مۇمكىن ئەمەس، دېدى. يورۇقلۇق تۇشمۇ - تۇشتىن قىستاپ كەلدى، بۇ يورۇقلۇق قۇم دانىلىرىدىن، ئۈپۈق سىزىقىدىن، تەۋرىنىۋاتقان دولقۇنلاردىن، زىلال بۇژغۇنلاردىن، مەندىن باشقا جىمى نەرسىدىن كېلەتتى. تاڭ سۈزۈك، ساپ نەمخۇش ھاۋانى ئېلىپ كەلگەنىدى. ھەسەن يېقىنلا يەردە ئىدى، ئۇ مېنى بۇنداق يورۇق يەردە كۆرسە بولمايتتى، تاڭ نۇرى ئەتراپىدىكى جىمى نەرسىنى يورۇتتى، مەندىن باشقا جىمى نەرسە تاڭ قۇياشىغا قاراپ قەلىب دەرۋازىسىنى داغدام ئاچتى.

مەن بۇ يەردىن تىكىۋېتىشىم كېرەك ئىدى. يورۇقلۇق مېنى

ئۇراپ كەلمەكتە، نۇر ھالقىلىرىنى ھاسىل قىلىپ ماڭا يېقىنلاشماقتا، مېنى يۇتۇپ كەتمەكتە ئىدى. قېچىپ كېتىشىم كېرەك ئىدى، ھەسەن مېنىڭ قورقۇنچ چىقىپ تۇرغان روھىي ھالىتىمگە ئىككىلەنگىنىچە قاراپ تۇردى. ھەسەن ئاق كۆڭۈل، ساداقەتمەن، ئىشەنچلىك ئادەم ئىدى. ئىجادىيەتنى ياخشى كۆرەتتى، مېنى ئاشۇ نادىر رەسىمدىكى قىز دەپ قارايتتى. ئەمما مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۇرۇپ قويسام ھەرگىز بولمايتتى. مەن بىردىنلا قۇياشنى يۇدۇپ قاچتىم، تەرسالىق بىلەن قورقۇمسىراپ يۈگۈردۈم، تاپانلىرىمنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگىمۇ پەرۋا قىلمىدىم. يۇمشاق سايازلىقتا ناھايىتى تەستە يۈگۈردۈم، توختىماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. ھەسەن ئارقامدىن تاپ باستۇرۇپ كەلدى. مەن ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەن بولساممۇ، ئەمما ھەرگىز تەسلىم بولمايتتىم. كۈچلۈك بىر قول مۈرەمدىن قامالاپ تۇتتى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ داۋاملىق يۈگۈرمەكچى بولدۇم، كىيىمىم يىرتىلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئوڭ مۈرەم بىلەن كۆكسىلىرىم ئاخىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ قالدى.

ئۇ زەڭگەر كۆزلەردىن قورقۇنۇچ، يىرگىنىشلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. مەن ھېچ ئىش بولمىغان ئادەمدەك ئۇنىڭ ئالدىدا تۇردۇم. ئۇ مېنىڭ مۈرەم بىلەن كۆكسۈمدىكى ئىزلارغا قارىدى، مەن قاتتىق زەربىدىن قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدىم.

مەن يىرگىنىشلىك تارتۇقتىن نومۇس قىلمايتتىم، ئۇنىڭغا ۋارقىرىدىم:

— نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ! سىز مېنى ئالدىدىڭىز. كۆكسىڭىزدىكى راكنىڭ ئىزىدىن قورقۇپ كەتتىم دەڭ! كۆكسىڭىزدىكى ئوپېراتسىيىدىن قالغان تارتۇق كۆزلىرىمدىكى بىنەپشە گۈلنى خازان قىلىۋەتتى دەڭ، مەن سىزنى ئەمەس،

رەسىمدىكى قىزنى ياخشى كۆرۈمەن دەڭ، قايسىسىنى دېسىڭىز ئىختىيارىڭىز! مەن تولىمۇ بەختلىك، چۈنكى سىز مېنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىمنى بىلىپ يەتتىڭىز!

ئۇ سۆزۈمگە جاۋاب بەرمەي مەڭدىگىنىچە قاراپ تۇردى، مەۋجۇدىيەت ئۇنىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ ھالدا نامايان بولغانىدى.

مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھەسرەت-نادامەتلىرىم بىلەن ئۇنى كۆيدۈرۈۋاتاتتىم، ئۇ ماڭا پولاتتەك سۇنماس ئىرادە ئاتا قىلاتتى، بىز بىر تەن - بىر جان بولۇپ دۇنيادىكى ئەڭ قاتتىق پولاتقا ئايلىناتتۇق.

مەن شۇ تاپتا ئاتامنىڭ ئادەم ھايات - مامات ئالدىدا ئۆزىنى قەيسەر، ساداقەتمەن تۇتۇشى كېرەك، دېگەن گېپىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندىم.

مەن رەسىم سىزىش بىلەن شۇغۇللانسام، ئارىمىزنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردىمۇ بولمايتتى.

ھەسەن جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن مېھرىبانلىق بىلەن كۆڭلىكىم بىلەن مۇرەمنى يېپىپ قويدى. مەنغۇ ھەسەننىڭ ئېچىنى ئاغرىتىشىغا موھتاج ئەمەس ئىدىم. مەندە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان شىجائەت، ئىشەنچ پەيدا بولغاندەك قىلاتتى. ھايات بۇرۇنلا مېنى رەت قىلىۋەتكەنىدى، مانا ئەمدى ئۇ مېنى ئۆز قوينىغا ئالدى. تاڭ سەھەر مېنى روھلاندۇردى، كۆكرىكىمدىكى تارتۇق ئىزلىرىغا بەخت تىلىدى، نۇر - زىيا چاچتى. مەن ئەمدى تاشلاندۇق بولۇپ قالمايتتىم. ھەسەن مېنىڭ سوغۇق تەرگە چۈمۈلۈپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، رەسىمدىكى قىز قورقۇپ كېتەرمىكىن دېگەن ئەندىشىدە چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ئىككىلىرىمنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى، ئەمما مەن ئەمدى ھېلىقى ھارغىن، ئازغۇن قىز ئەمەس ئىدىم، ئۇنىڭ تەسىر كۈچىمۇ تۈگىگەنىدى، مەن ئۆزۈمنى ھەممە نەرسىدىن ھالقىپ كەتكەندەك، ياشلىق مەزگىلىمدىنمۇ ھالقىپ

كەتكەندەك ھېس قىلدىم، ئۇلارنى ئارقامغا تاشلىۋەتتىم. ئەمدى مەن تېيىز مۇھەببەت كۆلىدە لەيلەپ يۈرمەيمەن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇژغۇنلار نەزەر دائىرەمنى توسىۋالغاچقا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چىنلىقنى كۆرەلمەي يۈرگەنىدىم. ماڭا ھەش - پەش دېگۈچە جىمى ساختا، ئەنئەنىۋى ئاسارەت ئاياغلاشقاندەك تۇيۇلدى. مەن ئۆزۈمنى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدۇم، دېڭىزدىكى جىمى نەرسە شۇنچىلىك بۈيۈك، چىن ۋە خاتىرجەم. مەن سۆيگۈ چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قورقۇنچ ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە يېڭى بىر دۇنياغا يېتىپ باردىم.

ھەسەن ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قەدىرلىدى. ئۇ رەسىم تاختىسىدىكى قىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

— سىز مۇشۇ ۋەجىدىن مەن بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلامسىز؟ — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا.

— ئەجەبا، بۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلمامدۇ؟ دوختۇر ئۆسمە خالىغان چاغدا ئۆسىدۇ دېدى.

— مۇشۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئىزدىگەنمىدىڭىز؟

— بىلمەيمەن. مەن ئەمدى ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، ئەمما مەن يەنىلا مەڭگۈلۈك ھاياتقا مۇنتەزىر بولۇۋاتىمەن. سىز ماڭا مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلمىدىڭىز، سىز پەقەت رەسىمدىكى قىزنى ياخشى كۆرىسىز... بۇنى تەن ئالىمەن...

— مەن ئۆز - ئۆزۈمگە سادىق بولىمەن، بىز توي قىلايلى.

ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا كاچىتىمغا بىر شاپىلاق ئۇرغاندەك تۇيۇلدى.

— ئەپەندى، سىز يەنىلا ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىگە ئېسىلىۋاپسىز، مەن بۇنداق خەيرى - ئېھسانلىرىڭىزغا بۇرۇنلا ئۆچ بولۇپ كەتكەن!

ئۇ جاۋاب قايتۇرماي بۇرۇلۇپ ماشىنا يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى-دە، ماشىنىدىن رەسىم تاختىسىنى ئېلىپ غەزەپ بىلەن

تاشقا ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتتى، تاختايدىن چىققان ئاۋاز گويا ئىسەدەپ يىغلىغان يىغا ئاۋازىغا ئوخشاپ كەتتى. يۇپۇرۇلۇپ كەلگەن دىڭىز دولقۇنلىرى پارە - پارە بولۇپ كەتكەن رەسىم تاختىسىنى ئىۋىتىپ كەتتى. مەن يۇگۇرۇپ بارغۇچە بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى.

— ئۇنى نېمىشقا چىقىۋېتىسىز؟

— بىز مەۋجۇت بولمىغان شەيئىگە مەڭگۈلۈك هايات ئاتا قىلساق بولمايدۇ.

— پۈتۈن شەهەر خەلقى رەسىمگە باركاللا ئېيتاتتى ئەمەسمۇ.

— مەن بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ساختىلىق قىلمايمەن.

مەن نەزىرىمنى ئۇنىڭغا ئاغدۇردۇم. ئۇنىڭ چىرايىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر نەرسە نامايان بولدى، كۆزلىرىدە چۈشىنىش ۋە ۋەدە ئەكس ئېتەتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان ئۈتۈنۈش ۋە ئۈمىدتىن گاڭگىراپ قالدىم.

ئۇ بۇرۇلۇپ يۈرۈپ كەتتى.

— نەگە بارىسىز، هەسەن؟

— تاشيولغا چىقىپ ماشىنا توسۇپ شەهەرگە قايتىپ كېتەيلى.

مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم.

ئۇ بىر تۇرۇپ ماڭا گەپ قىلغاندەك، بىر تۇرۇپ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— سىز ئىللىق سۆيگۈ دۇنياسىنىڭ مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتىڭىز ۋە قارا تۇپراقتا پۈتىڭىزنى سۆرەپ ئارۋاڭ - سارۋاڭ ماڭدىڭىز، سىز هاياتنىڭ چاقماق تېشىنى ئىلكىڭىزگە ئالدىڭىز، ئۇ هەقىقىي بىباها گۆهەر. سىز رەسىم سىزالايسىز، مەن سىزگە

تارلىق قىلىمەن.

مەن ئۇنىڭ يېنىدا ماڭدىم. تارتۇق ئىزى قالغان كۆكسۇم تاڭ نۇرىغا چۆمۈلدى. قۇياش كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى، مەن ئەمدى قۇياشتىن قورقمايتتىم. لىمون گۈلىنىڭ خۇش ھىدى ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپقا تارقالدى، بىز مۇھەببەتنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلىدۇق. بىز بۇگۈن تەقدىر ئالدىدا قىپيالىڭاچ تۇردۇق، بىزدە پەقەت ھەقىقەتلا بار ئىدى.

— مەن سىزنىڭ تىركىشىشىڭىزنى ۋە قارشىلىشىشىڭىزنى ھۆرمەتلەيمەن. ھەي، قىزچاق، سىز مېنىڭ دوستلۇقىمنى قوبۇل قىلامسىز؟ — ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئامالسىزلىق ۋە ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى.

مۇھەببەت ئەپسانىلىرى كۆمۈشتەك خىياللارنى بەربات قىلىۋەتتى، بىلەرمەنلىك ۋە ئىنتائەتمەنلىكتەك ئىجتمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تەرك ئەيلىدى. يۈرەكئالدىلىق بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلەشتىنمۇ ھالقىپ چۈشكەندە ئادەم دوستلۇققا موھتاج بولىدۇ. تەقدىر بىلەن بولغان ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشتا بىز سەگەك دوستلۇققا موھتاج بولىمىز.

كۆپ مۈشكۈلچىلىك تارتقان بولساقمۇ، بار كۈچىمىز بىلەن نىدا ئەيلىدۇق، بوشاشماي كۈرەش قىلدۇق. بىز ھەرگىزمۇ ئۆلۈمنىڭ قۇلى بولمايمىز.

بىز قول تۇتۇشقىنىمىزچە لەرزان قەدەم تاشلاپ ماڭدۇق، قۇملۇقتا ئاياغ ئىزلىرىمىز قالدى. مەن پۇتلىرىم تېلىپ سەل ماڭالماي قالدىم. قانداقتۇر بىر خىل ئاغرىق ئازابى بەدەنلىرىمگە نەشتەر كەبى سانجىلغاندەك بولدى.

مەن ھەرگىز ئۆلمەيمەن، رەسىم سىزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن.

مۇھەببەت، ھەسەتخورلۇق ۋە گۈزەل خىياللار ئەمدى ھاياتىمدا ھېچقانداق سالماقنى ئىگىلىيەلمەيدۇ، مەن سەت

بولغىنىم بىلەن ھەقىقىي قىزمەن. مەن ساداقەتمەنلىكىم ۋە دوستلۇقۇم بىلەن تۇرمۇشۇمنى قامداپ كېتەلەيمەن.

ئاتام ـ باشقىلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھايات يارىتىپ بېرىدىغان ئادەم يوق ـ دېگەنىدى. ئەمما مەڭگۈلۈك ھاياتنى مەن ئۆزۈم يارىتىمەن.

مەن رەسىمىمنى ئۆزۈم سىزىمەن، ھەقىقىي سىمايىمنى سىزىپ چىقىمەن، ئۆزۈمنى — بەتبەشىرە سىياقىمنى ساقلاپ قالىمەن.

ئۆلۈم؟

مەن پۈتۈن قۇدرىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزۈمنىڭ رەسىمىمنى سىزىپ چىقىشتىن ئىلگىرى كىم مېنى ئۆلۈپ قالىدۇ، دەيدۇ؟

كىم مېنى ئۆلۈپ قالىدۇ دەيدۇ؟

# ئاياللار ئىچىدىن ئازاد بولۇش

ھادە زامان (سۇرىيە)

## 1

ئاياللارنىڭ ئەتراپىدىكى جىمى نەرسە شۇنچىلىك خىرە كۆرۈنىدۇ ۋە كىشىنى تولىمۇ تەشۋىشكە سالىدۇ، گويا ئاي قېچىپ كەتكەندەك ئەرلەر ئۆزلىرى ياسىۋالغان چىراغلىرىنى ئاينىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ! ئۇلار قۇياشنى ئاختا قىلىۋەتكەچكە قۇياش ئىللىق نۇر چاچمايدىغان بولۇپ قالغان. قۇياش نۇر ئورنىغا ئوغا ـ زەھەر تۆكۈردى.

ئاياللار ئىجتىمائىي خىزمەتكە قاتناشسا ئۇلارنى پىتنە ـ پاسات، قان شورۇغۇچى ھاشارات، پاتمىچۇق، چايان، كىچىك سىنئالغۇلار ۋە قاراڭغۇ ئورمانلىقتىكى غەلىتە مەخلۇقلار قوغلاپ يۈردى. ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدىن رىۋايەتلەردىكى خەنجەردەك ئۆتكۈر تۇمشۇقلۇق قېقىنوس ئۇچۇپ ئۆتتى، تەڭسىز ئۆڭكۈردىن چىققان قارا بوران قۇملارنى ئۇچۇرتۇپ كەلگىنىچە ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى تەۋرەتتى. . ئۇلار ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاس قالدى. قاتتىق سىلكىنىش ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى، پۈتكۈل ئەزايىنى، قىممەت قارىشىنى ۋە بارلىقىنى تامامەن ئويغاتتى.

## 2

ھازىرقى زامان خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ دىلىغۇل كۆڭۈل

دېڭىزىدا قارا بوران بىر پەسلەپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، يەر قاتتىق تەۋرەيدۇ، بىر خىل سادا خوتۇن ـ قىزلارغا ئەرلەرگە ئەل بولۇڭلار، دەپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ، ئەمما ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى داۋالغۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىپ يېتىڭلار دەپ نەسىھەت قىلمايدۇ. يەنە بىر خىل سادا خوتۇن ـ قىزلارنى ئازادلىققا چىقىرىش كېرەك، دەپ چاقىرىق قىلىپ، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولغانلار ئەرەب ئەرلىرىدۇر، دېگەن خاتا تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خوتۇن ـ قىزلار دىر ـ دىر تىترىگىنىچە ئۆزلىرىنى پەرەنجىلىرىگە مەھكەم ئورايدۇ، ئۆزىگە ياردەم قولىنى سوزغان بىردىنبىر ئەر دوستىدىن ئۆزلىرىنى ئېلىپ قاچىدۇ.

كىم خوتۇن ـ قىزلارنى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئۆز چاڭگىلىدىن ئازاد قىلالايدۇ؟ خوتۇن ـ قىزلار ئۇيغىنىشنىڭ باھانىسىدا يەنە شۇ خوتۇن ـ قىزلارنى ۋەيران قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ بەربات بولىدۇ. ئېھتىمال، بۇ ياخشى نىيەتتىن، ئەرلەرنىڭ ئاسارىتىدىن نىجادلىق تېپىشنى مەقسەت قىلىشتىن بولسا كېرەك، چۈنكى ئەرلەر ئۇلارغا نىسبەتەن ھۆكۈمران، شەخسىيەتچى، رەھىمسىز، مۇتتەھەم ۋە ئەشەددى دۈشمەندۇر.

## 3

جەزمەن بىر چاتاق چىققان بولسا كېرەك، نېمە ئۈچۈن ئەرلەر ئىرادىلىك ئەرەب خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەتلەرگە قاتنىشىش، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ؟

ئەمما، مەن ئۆزۈمنى ئەرلەرنىڭ قارشىسى تەرىپىگە قويمايمەن. شۇنداق قىلىشنى ئەڭ زور ئاپەت دەپ قارىساممۇ، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ يۈكسەكلىكىنى، يۈكسەك

دەرىجىدە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

مەن بىر ئايال يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىزنىڭ خوتۇن - قىزلارغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، ئەدەبىياتىمۇ زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئېنىق بىلىپ كېلىۋاتىمەن. بىز ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى يۈزەلا تەسۋىرلەپ قويدۇق، ھازىر خوتۇن - قىزلار ئارىسىدا مۇنداق بىر خىل خىيالىي تەسەۋۋۇر پەيدا بولدى: دۇنيانى قاراڭغۇ ۋە يورۇق دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەرلەر تىلى شېكەر، دىلى زەھەر كېلىدۇ، خوتۇن - قىزلار بولسا بىگۇناھ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردۇر. ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى ھەممە ئىشتا خوتۇن - قىزلارنى ئازاد قىلىشنى باھانە قىلىۋېلىش. بۇنداق سەبى كۆز قاراشلار نۇرغۇن شەيئىلەرگە، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەچكە، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئەرلەرگە ئۆچ بولۇپ كېتىش قارىشى كۈنسايىن كۈچەيمەكتە.

## 4

مەن خوتۇن - قىزلار مەسىلىسىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت ئادالەتسىزلىكىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە، ئەرلەر ئۇچۇنمۇ، ئاياللار ئۇچۇنمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن. مەن ئازادلىققا بولغان قاراشقا قارىتا شۈۋىنىزملىق كەيپىياتتا بولمايمەن. مەن ئەرەب ئاياللىرىنىڭ پاجىئەلىرىنىڭ ئەرەب مەملىكەتلىرىنىڭ قالاقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئەر - ئاياللار قارىمۇ - قارشىلىقىغا قاشاقلىق سەۋەبچى.

ئېھتىمال، مەن شۇ ۋەجىدىن ئەرەب ئەرلىرىنىڭ ئاياللار ئازادلىقىغا ئائىت ئۆتكۈر گەپ - سۆزلىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن. كۈۋەيتلىك قەلەمدىشىم مۇھەممەت سادىق

نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالالارنى ئاقلاپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ھوقۇق - مەنپەئەتى بىلەن جەمئىيەتتىكى ئىززەت - ھۆرمىتىنى ھىمايىگە ئالدى. ئۇ چىن قەلبىدىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئادىل، دانا ئىدىيىسىنى ياقلاپ، نىكاھتىن ئاجراشقان ئايالالارغا پۈتۈنلەي دۈشمەنلىك بىلەن قاراش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى مۇراجىئەت قىلدى. سادىقنىڭ ئاقلىشى ئايالالار مەسىلىسىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئۇقۇمىنى نامايان قىلىپ بەردى، ئۇ ئەنئەنىۋى جەۋھەرلەرنى قوبۇل قىلدى ھەم بەزى كونا، چىرىك كۆز قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلىدى.

## 5

«بويتاق بىر ئەر نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەن بىر ئايال بىلەن توي قىلسا پەتە خەت ئېلىشى ھەمدە توي زىياپىتى بېرىشى كېرەكمۇ - يوق؟» «توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالالارنى خەتەرلىك دەپ قارىماي ئادەتتىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشنى كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلالامۇ - يوق؟»

بۇ دانا ھەم ئېنىق گەپلەردۇر. مەن بۇ گەپلەر ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىمەن، چۈنكى بۇ گەپلەر بىر ئەرنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان. قاراڭ، كاللىسى ئانچە سەگەك بولمىغان بەزى ئايالالار بۇنداق ئەرلەرنى جاللات دەپ ئاتىشىدۇ، بىز ئەنئەنىۋى يۈكتىن ھەقىقى قۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈن ئادالەت بىلەن ھەققانىيەت مەيدانىدا تۇرۇشىمىز كېرەك.

## 6

ئايالالارنىڭ ھەقىقىي دوستى ئاڭ - تۇيغۇ، بۇنداق ئاڭ - تۇيغۇ مەيلى ئايالالاردا ياكى ئەرلەردە پەيدا بولسۇن، بۇ تامامەن

شۇنداق. بەزى ئاياللار، ئاياللار ئازادلىقى ئەرلەرنىڭ تەقدىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاياللار ئەرلەرنى يېڭىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى ناتايىن، چۈنكى ئۇلار رېئاللىقنى بۇرمىلايدۇ.

ئاچچىق رېئاللىق، ئەرەب ئاياللىرىمۇ كىچىك جاللاتلارنىڭ رولىنى ئالسا بولىدۇ، دەپ نىدا قىلىدۇ.

ئەجەبا، تۇنجى بولۇپ نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەن قىزغا قارشى تۇرغان ئايال (قېينانا) ئەمەسمۇ؟

ئەرەب ئاياللىرىمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ئاڭ - سەزگۈسىنى يۈكسەلدۈرۈشكە موھتاج، ئۇلار ئەرلەرگە ئوخشاش ھەمىشە كونا، چىرىك ئاڭ قويىنىغا غەرق بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كونا ئەنئەنىگە قارشى تۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدۇ، كونا ئەنئەنىلەرگە قارشى تۇرغۇچى ئاۋانگارتلاردىن بولۇشنى خالىمايدۇ، باشقا ئاياللارنىڭ ئوغۇللىرىنىمۇ جەمئىيەتكە قارشى تۇرغىلى قويمايدۇ ھەتتا ئۆز ئوغۇللىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشتىن توسىدۇ!

ئاياللار ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ قۇلۇم - قوشنىلىرىنىڭ قىزلىرى بىلەن ئىللىق مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا قارشى تۇرمايدۇ، ئەمما قىزلىرىنىڭ قۇلۇم - قوشنىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئىللىق مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا يول قويمايدۇ! بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەجەبا، قۇلۇم - قوشنىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ ئاپىسى يوقمۇ؟ ئەجەبا، ئاياللار بىرلا ۋاقىتتا جاللات بىلەن پاسىبانلىق رولىنى ئېلىپ چىقسا بولمامدۇ؟ ئەجەبا، ئۇلار ئەنئەنىنى ھىمايا قىلىدىغان، پەرزەنتلىرىنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئەنئەنىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئەمەسمۇ؟

## 7

ئاياللار بىلەن ئەرلەر قول تۇتۇشۇپ ئېزىلىشكە ئورتاق

قارشى تۇرۇپ، قالاقلىقنى تۈگەتكەندىلا ئاندىن جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىغا قارشى تۇرىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن قارىغۇلارچە غەۋغا تېرىيدۇ. پەقەت توغرا تەربىيىلا ئاياللار ئازادلىقىنى ھېسسىيات بويىچە ئىش قىلىشتىن ئازاد قىلالايدۇ.

تارىختىن بۇيان ئەرەب ئەرلىرى تەرسا چەۋەندار بولۇپ كەلدى. ئەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى سۆز بىلەن قارشى تۇرۇش ئارقىلىق ئەمەس، پەقەت سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلب قەسىرىگە ئۇسۇپ كىرگىلى بولمايدۇ. ئاياللار ئازادلىقىنىڭ جاكارچىلىرىدىن كىم بۇ ھەقىقەتنى تونۇسا شۇ ئەڭ قەدىرلىك دوست تاپالايدۇ. بۇنداق دوستلۇق چىن ۋە ئادىل دوستلۇق بولىدۇ، مۇشۇنداق دوستلۇق قىلچە رەھىم قىلماي دانالىق بىلەن ئۇلارنى تەنقىدلەيدۇ، ئەيىبلەيدۇ. دانا سادا بۈيۈك ئەرەب ئەربابلىرىدىن چىقىدۇ، شېرىن سۇخەن ئىبارىلەر ئەرەب شەپىغى فاھىد ئەخمەدنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدۇ: «مەن ئەرەب ئاياللىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ئاياللار دەپ قارايمەن، ئۇلار ئەرەب جەمئىيىتىنى ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان ۋە تۆھپە قوشىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادىل، دانا چەۋەنداز سۈپىتىدە ئەرەب ئەرلىرىنى ئەيىبلىدى.

ئەي ئەرەب ھەدە - سىڭىللىرىم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ سىلەر ئەرلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇڭلار ئىكەنلىكىگە، ئاياللارنىڭ مەلۇم ئاياللار ئازادلىقىنىڭ «چولپانلىرى» ئارىسىدا ئازادلىققا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى دېگەن خاتا تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ!

# ئىككى قۇش، ئىككى ئەخمەق

## زوھەيىل بەھرا (مىسىر)

*زوھەيىل بەھرا (1945 — ) مىسىرلىق ئايال يازغۇچى، ئەدەبىيات دوكتورى، ئۇممازىر ھەپتىلىك «رەسىملىك ژۇرنال» نىڭ مۇھەررىرى. «سۆيگۈ سۆھبەتلىرى» «شادىيە» ناملىق ئىككى ھېكايىلەر توپلىمى، «مەن كىم» ناملىق رومانى بار. ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەببەت، نىكاھ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئىزدەنگەن «قىزلارغا خەت» ناملىق مەخسۇس ئەسىرى ۋە كۆپلىگەن باللار ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى بار.*

يىگىت بىمەنە ئىش قىلىپ قويدى، قىزنىڭ بىر ئېغىز سالىمىغا مۇيەسسەر بولۇش ئۇچۇنلا شۇنداق ئىشنى قىلدى. شۇ چاغدا يىگىت تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ، بۆلۈمدىكىلەرگە سالام قىلغان، بۆلۈمدىكىلەرمۇ يىگىتكە جاۋابەن سالام بەرگەنىدى. پەقەت ئۇ قىزلا ئۇنىڭغا سالام قىلمىدى. قىز قەستەن سالام قىلمىدى ئەمەس، شۇ ئەسنادا چوڭقۇر خىيال قايىنىمىغا غەرق بولۇپ، بۇ يېڭى دۇنيادا مەن ئۇچۇن يات نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ئوخشايدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتاتتى. بۇ بىر ژۇرنال رىداكسىيىسى بولۇپ، ئۈزگىچە سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەر جەم بولىدىغان بىر مەركەز ئىدى. ئۇلار بىر-بىرىنى چەتكە قېقىشاتتى، ئەزەلدىن بىرەر پىكىردە بىردەكلىككە كېلىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم بولغىنى ھەممىنى ئىنكار قىلىش ئىدى.

قىز بۇ دۇنيادا جازا لاگىرى، مۇراسىم دېگەن گەپلەرنى

تۇنجى رەت ئاڭلىغانىدى. جىمى ئىش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ياتتەك تۇيۇلاتتى. ئەجەبا، مۇشۇنداق ئىنقىلابىي دەۋرلەردە راستتىنلا جازا لاگىرى مەۋجۇتمىدۇ؟ قىز مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئۆزگىچە بىر بېكىنمە دۇنياغا — تۈرلۈك غەلىتە ئىشلار مەۋجۇت بىر دۇنياغا يۈزلەندى. ئۇنىڭغا ھايات سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىۋاتقان بۇ دۇنيا ئەڭ چوڭ جازا لاگىرى ئىدى.

يىگىتنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن قىز خىيالدىن ئويغاندى:

— سالىمىمغا جاۋاب بېرىڭ، بىر قېتىم بولسىمۇ!

ھەيران بولغان قىز ئىختىيارسىز يىگىتكە تېز سالام قايتۇردى. قىز گويا بۇ دۇنيادىكى ئەرزىمەيدىغان، كىشىلەر خالىغانچە بوزەك قىلىدىغان بىر نەرسىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

يىگىت بىمەنە ئىش قىلىپ سالدى، پەقەت قىز بىلەن تەھرىر بۆلۈمىدىن بىرگە چىقىش ئۇچۇنلا شۇنداق قىلغانىدى. قىز دەرۋەقە يىگىت بىلەن تەھرىر بۆلۈمىدىن بىرگە چىقتى. ئۇ ئىككىيلەن يالغۇز ئەمەس، كۆپچىلىك بىلەن بىرگە چىقتى. ئاندىن ئۇلار ناھايىتى ئېسىل بىر دىنىي درامىنى كۆردى.

تاماشىبىنلار درامىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى. يىگىت قىزنىڭ كۆزلىرىدە پارقىراۋاتقان ياش تامچىلىرىنى كۆردى، قاراڭغۇدا قىزنىڭ ياش لىغىلداپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى. قىز قانداقتۇر ئورتاق بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى يىگىتكە باغلاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى ـ دە، يىگىتكە سەل يېقىنلاشتى.

يىگىت ئۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئەجەبا، يېنىغا سۈرۈلگەن قىز شۇمىدۇ؟ مېھرىبان، ناتىۋان، دىلكەش بىر قىزنىڭ چومبىلى بولارنىڭ ھەممىسىنى يېپىپ بولالايتتىمۇ!

ئۇ ئىككىيلەن گاھى چاغلاردا نىل دەريا بويلىرىدا ئولتۇرۇپ سۆھبەت قۇرسا، گاھى چاغلاردا ئۇرۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشنى، قۇياشنىڭ ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، كەڭ دەريا

قوينىغا ئاستا - ئاستا چۆكۈپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشنى تاماشا قىلاتتى.

يىگىت قىزنىڭ زىبا بويىنى سىلايتتى، قىزغا تىكىلىپ قارايتتى، خىيال قۇشلىرى جەۋلان قىلاتتى. يىگىت قىزغا شۇنداق دېدى:

— مەن بىر ۋۇتتا قۇمساڭغۇ دېگەن ساھىلىدىن ھەيران قالدىم؛ ئۇماندا مائەت قىيا تاش ئۆڭكۈرلىرىدىن تەئەججۇپلەندىم، بېرلىندا ئورمان - كۆللەردىن سۆيۈنۈپ كەتتىم، پورتۇگالىيىدە جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە، ئويۇنچۇقلارغا ئوخشايدىغان ئۆيلەرگە مەپتۇن بولدۇم، لوندوندا كىشىلەرنىڭ تەمكىنلىكى بىلەن ھايدى باغچىسىدىكى شىرىلداپ تۇرغان دەرەخ ياپراقلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدىم، رىمدا ۋاژىلداپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن مەپتۇنكار مەنزىرىلەرگە ئەسىر بولدۇم. ئەمما مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نىل دەريا بويلىرىدا سىز بىلەن بىرگە تۇرغان چاغلارغا، تىمتاس دەريا بويلىرىدا قىلىشقان مۇھەببەتلىك سۆھبەتلىرىمىزگە تەڭ قىلمايمەن، بىزنىڭ ۋەدىلىرىمىزگە، ئۈمىدلىرىمىزگە تېخىمۇ تەڭ قىلمايمەن، ئاسمان قەھرىدىكى يۇلتۇزلار نىل دەرياسىنىڭ بېتىدە جىمىرلاپ تۇرىدۇ، زېمىننىڭ خۇش - پۇراقلىرى نىل دەرياسىنى سۆيۈپ تۇرىدۇ، مەن سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن نىل دەرياسىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى كۆردۈم.

ئۇلار ئىككى قۇشنىڭ ۋىچىرلاپ سايراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قۇشلارغا قاراشتى. قۇشلار مۇھەببەتلىشىۋاتقاندەك خەندان ئۇرۇۋاتاتتى، تەبىئەت دۇنياسى ئاتا قىلغان ئىمتىيازنى ئەمەلدە كۆرسىتىۋاتاتتى، ھېچقانداق بىر كېلىشىم ياكى قائىدىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىمايتتى.

ئاشۇ ئاجايىپ دەقىقىلەردە ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ ھېسسىيات يىپلىرى چىگىلدى. يىگىت قىزغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— شۇنداق، ئىككى قۇش، ئىككى ئەخمەق. — دېدى.

# ئايدىڭدا

## رەدۇۋە ھاشىر (مىسىر)

*رەدۇۋە ھاشىر (1946 —— ) مىسىرلىق ئايال يازغۇچى، ئەدەبىيات پروفېسسورى. ھازىر ئەيىن شەمىس ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى. ئۇنىڭ «مىسىرلىق بىر قىز ئوقۇغۇچى ئامېرىكىدا» ناملىق ئوچېركى، «ئىسسىق تاش» «خەدىچە بىلەن سۇسان» ناملىق رومانلىرى، «مەن خورمىلىقنى كۆردۈم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئىنگلىزچە، ئەرەبچە يېزىلغان نۇرغۇن ئەدەبى نەزەرىيە ئەسەرلىرى بار.*

مەن ئۇچۇق تۇرغان دېرىزىدىن ئۇلارنى — ئايدىڭدىكى ئۈچ ئادەمنى كۆردۈم. بىر ئەر بىلەن بىر ئايال بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئۇلار ياشىنىپ قالغان ئادەملەردەك ئاستا كېلىۋاتاتتى، ئوڭ - سول تەرىپىدە ھېچنېمە يوق ئىدى. ئارقىسىدىن كىچىك بىر قىز بالا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ ئەر بىلەن ئايال مەن كۈتۈۋاتقان ئايال خوجايىننى يوقلاپ كەلگەنىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاي ۋە پىرەنىكلەرنى كەلتۈرگەندىن كېيىن بالكۇنغا چىقىپ كېيىم - كېچەكلەرنى يىغىشتۇردۇم. بالكۇندىن ئادەتتىكىدەك شامال غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا مەن پەلەمپەي تەرەپتە شىپىرلىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، مۈشۈك بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. كېيىن ئۇ ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ زادى نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئاۋاز چىققان

تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئاۋاز سىرتتىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئىشىكنى ئېچىپ پەلەمپەيدە ئولتۇرغان كىچىك بىر قىزنى كۆردۈم.

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— ئۇلارنى ساقلاۋاتىمەن.

— كىمنى؟

— «تۆرە» بىلەن «خانىم» نى.

— «تۆرە» بىلەن «خانىم» نى؟!

— شۇنداق، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— سىز نېمىشقا بۇ يەردە تۇرىسىز... بىرەر نەرسە كېرەكمۇ؟ كېرەك بولسا ئىشىكنى چېكىڭ، ماڭا دەڭ.

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ بالكۇنىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تۆرە تۇرغىنىچە:

— مېنىڭ ئۇلارغا ماڭا بىر نەرسە تېپىپ بېرىڭلار دېگۈم يوق. ئۇلار مېنى بۇ يەرگە ئۆزلىرى باشلاپ كەلدى، كېيىن ماڭا: «نادىيە، بىز پەتلەپ چىققۇچە بۇ يەردە تۇرۇپ تۇر» دېگەن. مەن بىر نەچچە تال ياسمەن گۈلى ئۈزسەم بولامدۇ؟ — دېدى.

— توڭلىدىڭىزمۇ؟

— بىر نەچچە تال يەسمەن گۈلى ئۈزۈپ ئوينىغۇم بار ئىدى، جىق ئۈزمەيمەن.

— بۇياققا كېلىڭ، مەن سىزگە ئىشكنى ئېچىپ بېرەي.

مەن ئۇ قىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئاشخانا ئارقىلىق گۈللۈككە چىقىدىغان كىچىك يولنى كۆرسىتىپ قويدۇم.

— «تۆرە» بىلەن «خانىم» چۇ؟

— مەن ئۇلارغا سىزنى مەن بىلەن ئاشخانىدا دەپ قويىمەن.

مەن ئۇ قىزچاققا ئىشكنى ئېچىپ بەردىم. ئايدىڭدا ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىدىغىنىمۇ بەك كىچىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئالتە-يەتتە ياشلاردا بارەك قىلاتتى. ئۇچىسىغا ئۇششاق سېرىق

گۈل كەشتىلەنگەن كۆك پاختا رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، قوشۇقتەك ئورۇق چىرايىنى كۆك چۇمبەل توسۇپ تۇراتتى، پۇتىدا سۇلياۋ ئاياغ بار ئىدى.

مەن مېھمانخانىغا كىرىپ ئايال خوجايىنغا قىزچاقنىڭ ئاشخانىدا مەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئايال خوجايىن چىرايلىرىغا ساپلا قورۇق چۈشۈپ كەتكەن ئەر مېھمانغا:

— تاغا، نېمىشقا كىچىك خىزمەتكارىڭىز بىلەن بىللە كەلگەنلىكىڭىزنى دېمەيسىز؟ — دېدى.

— بىز ئۇنى پەلەمپەيدە ئويناپ تۇر دېگەنىدۇق.

— سۇفىيە، ئۇنى ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىڭ، سېرىت سوغۇق، شامال كۈچلۈك.

مېھماننىڭ ئايالى شۇنداق دېدى. ئۇ ئۇچىسىغا چوڭ - چوڭ قىزىل گۈللۈك قارا يۇڭ پەلاش كىيىۋالغانىدى. پەلاش ئۇنى مۇرىسىدىن تىزىغىچە ھىم ئوراپ تۇراتتى.

— ھاۋا بەك سوۋۇپ كەتتى. دېرىزىنى يېپىۋېتىسىڭىز، سوفىيە.

ئۇ جۇغى كىچىك، ئەمما بېلى توم كەلگەن ئايال ئىدى، بەدىنىنىڭ ئۈستى تەرىپى ئورۇق، تۆۋەن تەرىپى سېمىز ئىدى. ئىشقىلىپ، ئۈستىخىنى قاملاشمىغانلا بىر ئايال ئىدى.

— خوپ.

مەن دېرىزىنى يېپىپ قويۇپ ئاشخانىغا قايتىپ چىقتىم. چۆگۈننى ئوچاققا قويۇپ قويدۇم، كىيىمگە دەزمال سالىدىغان ئۈستەلنى جايلاشتۇرغاندىن كېيىن دەزمالنى توكقا ئۇلىدىم.

— مەن دەزمال سېلىشىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى قىزچاق.

مەن كۆلگىنىمچە ئۇنىڭدىن، دەزمال سېلىشنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىۋىدىم، قىزچاق تەمكىنلىك بىلەن تاماق ئېتىشتىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالايمەن، دېدى. .

مەن ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي قويۇپ، ئاندىن مەخسۇس

ئۆنىڭغا ئاتاپ راسلىغان تورتىنىمۇ قۇيۇپ بەردىم.

ئايال خوجايىن مېنى چاقىرىپ ئۇ قىزنىڭ «تۆرىسى» بىلەن «خانىمى» نىڭ قايتىش ئۇچۇن تەرەددۇتلىنىۋاتقانلىقىنى دېدى. قىز دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى. مەن مېھمانخانىغا كىرىپ قاچا ـ قۇچىلارنى، كۇلدانلارنى يىغىشتۇردۇم. مېھمانخانىنى تاماكا ئىسى قاپلاپ كەتكەنىدى، مەن دېرىزىنى ئېچىۋەتتىم، كۈچلۈك سوغۇق شامال مېھمانخانىغا غۇيۇلداپ كىردى. مەن ئۇلارنىڭ ئايدىڭدا ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. .

# ئەتىرگۈل

رەدۋۋە ھاشىر (مىسىر)

ئېرى ئۆلىنگەندە ئەتىرگۈل سوۋغا قىلمىدى، ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئەتىرگۈل سوۋغا قىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، شۇ ئىش بىلەن ئۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغلىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى ۋە مېھنەتكەش باغۋەنگە ئوخشاش ئوغلىنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى.

ئوغلى چوڭ بولدى. بىر كۈنى ئوغلى بىر دەستە ئەتىرگۈل كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە خۇشال ھالدا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— قارا ئاپا، مەن بولغۇسى ئايالىمغا نېمە تەقدىم قىلىدىغانلىقىمنى، — دېدى.

# يەلكەنلىك كېمە

## بۇسەينە ناسىر (ئىراق)

*بۇسەينە ناسىر (1947 — ) ئىراقلىق ئايال يازغۇچى، باغداد شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1967 - يىلى باغداد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ئامېرىكا ئەدەبىياتى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئىراق، لىۋان، سۇرىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا ھېكايە ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ «ئات تاقىسى» «دېڭىز ئىلاھىنىڭ ئۆلۈمى» «س. مۇقارەبىنىڭ دىنىي شەرھچىسى» «تاشپاقا ئېلىپ كەلگەن تەلەي» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى بار.*

ئۇ ئەتراپقا دىققەت بىلەن قارىدى، ئەل - جاھان بېسىققان ئىدى، شىرىلدەپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭدە ئاي نۇرى جىمىرلايتتى. يىراقتىن لەپەڭلەپ كېلىۋاتقان كېمىدە بېلىقچى ئەلى ئىڭىشكىنىچە بېلىق تورلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى.

يىگىت ئارقىسىغا ئۆتتۈۋالغان قىزغا تېز يېتىشىڭ دەپ ئىشارەت قىلدى.

ئۇ تاش پەلەمپەينى بويلاپ تۇرغان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، تاش پەلەمپەينىڭ يېنىدىكى نەمخۇش يەرلەردە ياۋا ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن، ئوت - چۆپلەر ئۆستىدە تاشلار رەتلىك دۆۋىلەكلىك تۇراتتى.

ئۇ بۇركۈتتەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كېمىنىڭ ئورنىنى مۆلچەرلەپ، ھاراق بوتۇلكىسى قاچىلانغان قەغەز خالتىنى

كۆتۈرگىنىچە سوكۇلداپ ماڭدى، بەدىنىگە ھەم كەلگەن قوڭۇررەڭ ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ پىشى يىگىتنىڭ پاچاقلىرى ئەتراپىدا لەپىلدەيتتى ۋە يىگىتنى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قورايدەك ئورۇق بىر قىز ئىڭىشىپ كېلىۋاتاتتى، يىگىت كىچىككىنە كۆلەڭگىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

يىگىت دەريا ئەگىمىسىگە توختىتىپ قويۇلغان بىر يەلكەنلىك كېمىگە سەكرەپ چىقتى، كېمىدىن كۈچلۈك سىر پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

قىز بۇرنىنى ئۇۇلاپ قويغاندىن كېيىن، يىگىتكە قولىنى ئۇزارتتى. يىگىت قىزنى كېمىگە تارتىپ چىقاردى. قىز كۈلۈپ كەتتى، يىگىت ئاۋاز چىقارماڭ دەپ ئىشارەت قىلدى.

قىز بىر قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىپ، يەنە بىر قولىنىڭ بارمىقى بىلەن يىگىت قويۇپ قويغان كېمە بۆلمىسىدىكى كونا ساندۇقنى كۆرسەتتى، ساندۇق ئۇستىگە كونا بىر ئەديالنى سالدى.

يىگىت ئولتۇردى ۋە كېمىنىڭ تەكتىدىن توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن پانارنى ئېلىپ تۇزەشتۇردى، قىز پىلاشىنىڭ باشلىقىنى مۇرىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، يىگىتنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى، قوللىرى بىلەن كالتە چاچلىرىنى تۇزەشتۇرگىنىچە يىگىتنىڭ پانارنى ياندۇرۇشىغا قاراپ تۇردى.

قىز پانارنىڭ يورۇقىدا بىر جۈپ ئۆتكۈر قوي كۆزلەرنى، سۇرلۇك، ئەمما ئىللىق چىراينى، مىس رەڭگىدە پارقىراپ تۇرغان كۆكرەكنى كۆردى. . . ، يىگىت بولسا قىزنىڭ ھارغىن كۆزلىرىنى، غەمكىن، تاتارغان ئادەتتىكى بىر چىراينى، ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆكسىنى كۆردى. . .

ــ سېلىۋېتىڭ، ــ دېدى يىگىت قىزنىڭ پىلاشىنى قايرىپ تۇرۇپ.

ــ سالمىساممۇ بىر ئوبدان تۇرىدىغۇ.

يىگىت جايىدا مىدىرلىماي قىزغا تىكىلىپ قارىدى. قىز نەزىرىنى يىگىتنىڭ كۆكرىكىدىن كېمىنىڭ يەلكىنى بىلەن پانارنىڭ نۇرىغا يۆتكىدى. قىز پىلاشنى سىلىپ قاتلاپ بىر تەرەپكە قويۇپ قويدى.

قىز ئۇچىسىغا سىرىق ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. يىگىت قىزنىڭ قورايدەك ئورۇق بەدىنىنى كۆرۈپ:

— سىزنىڭ كېسىلىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خۇدا ھەققى، كېسىلىم يوق! — دېدى قىز ئېتىراز بىلدۈرگەندەك يېڭىنى تۈرۈپ بىلىكىنى چىقاردى.

— مېنى دەرد مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مۇبادا سىز مېنى بەش يىل بۇرۇن كۆرگەن بولسىڭىز باشقىچە بىر سىياقتا كۆرگەن بولاتتىڭىز.

يىگىت قەغەز خالتىنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ چىشى بىلەن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ۋە تۇتقۇچى سۇنۇپ كەتكەن بىر رومكىنى ئالدى. قىز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ بىر يۇتۇم ھاراق ئىچتى. يىگىت بولسا كېمىگە يۆلەنگىنىچە ھاراقنى بوتۇلكا بىلەنلا ئىچتى، بىردەمدىلا ئۇنىڭ كەيپى ئۆرلىدى.

— ياقتۇرامسىز؟ — دېدى يىگىت پالاقنى سىلاپ تۇرۇپ.

— نېمىنى؟

— مېنىڭ بۇ يېڭى كېمەمنى؟

ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— ھىم، — دەپ قويدى.

— مەن بۇ كېمىنى تونۇگۇن ئېلىپ كەلدىم، — دېدى يىگىت پەس ئاۋاز بىلەن ئورنىدىن تۇرغىنىچە قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — مەن بۇ كېمە ئۈچۈن قۇربانلىق قىلمىدىم.

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم.

يىگىت ئارقىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

— بىز ئادەتتە يېڭى كېمىلەرگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىمىز،

قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ قېنى بىلەن كېمىنىڭ بېقىنلىرىنى بۇيايمىز، — دېدى.

قىز گويا قىپقىزىل قانغا بويالغان جۈپ-جۈپ قوللارنىڭ ئاپئاق بەدەنلەرگە سوزۇلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك، قان ھىدىنى پۇراۋاتقاندەك بولدى. . قىزنىڭ ئالقىنىدا ھەدىسىنىڭ تويىدا قويۇۋالغان خېنە بار ئىدى.

— ھەدەم قىشتا توي قىلغان.

— تېخى سىزنىڭ ھەدىڭىزمۇ بارمۇ؟

— سىزچە يوقتەك قىلامدۇ؟ بىز تۆت قىز.

يىگىت بىر نېمىلەرنى دېگىنىچە مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ بوتۇلكىدىكى ھاراقنى رومكىغا قۇيدى. كېمىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن بېرزىنتنى ئېچىۋېدى، كېمىنىڭ ئەتراپىدا كۈمۈش دولقۇنلار جىمىرلاشقا باشلىدى. قىز يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن:

— ياز كېچىسى نېمىدېگەن گۈزەل-ھە. . . — دېدى.

— بۇياققا كېلىڭە، — دېدى يىگىت يېنىدىكى ئورۇننى كۆرسىتىپ.

قىزنىڭ چىرايىدا ئالاقىزادىلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— كېلىڭە.

— سىز مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ مەن دۇرۇس ئادەمنىڭ قىزى جۇمۇ.

— بىلىمەن، كېلىڭ دەيمەن.

— مەن ئۆيدىكىلەر بىلەن سوقۇشۇپ قېلىپ، بۇ يەرگە بىردەم ھاۋا يەي دەپ چىققان، — دېدى قىز يىگىت كۆرسەتكەن تەرەپكە سىلجىپ.

— ياخشى قىپسىز. ماڭا قاراڭچۇ، ئۇلار مېنى مال ئۆلتۈرۈپ يېڭى كېمەڭنى تەبرىكلىمىدىڭ، جەزمەن پالاكەتكە ئۇچرايسەن، دېيىشتى، ئەمما مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق تەبرىكلەش يوسۇنۇم باردە.

يىگىت قىزنىڭ ئۆزۈن كۆيىنىكىنى قايرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ يوتىلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

— ئاھ، سىز ئەجەب ئورۇق ئىكەنسىز!، دەڭا، كېسىلىڭىز بارمۇ - يوق؟

— بۇ تامامەن دەردتىن بولغان. مۇبادا سىز مېنى بەش يىل بۇرۇن كۆرگەن بولسىڭىز..

— دەڭا، نېمە دەردىڭىز بار؟...

— بولدىلا، سۆزلىمەيلا قويماي.. بۇ دەردلەرنى دەپ يۈرۈشكە ئامالسىزمەن.

يىگىت هاراق بوتۇلكىسىنى دەرياغا تاشلىۋەتتى ۋە:

— هاراق تۈگىدى، — دېدى.

قىز يىگىتنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىۋەتكەنلىكىنى كۆڭلىگە ئالماي:

— كېمىچىلىك قىلىۋاتقىنىڭىزغا خېلى بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق.. مەن كېمىچىلىكنى كىچىكىمدىن تارتىپلا ئاتامدىن ئۆگىنىۋالغان، ئۇ ئەڭ كونا كېمىچى ئىدى.

قىز مۇرىلىرىنى ئىرغىتىپ:

— مۇبادا سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر بەرگەن بولاتتىم. بۇنداق ئىشنى كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ.

يىگىت قىزنى بىردىنلا كېمە ئۇستىگە باستى.

— سىز بايا نېمە دېدىڭىز؟.. سىزچە بۇ يەر قانداق ئىكەن؟

قىز كۈلۈپ قويدىيۇ، جاۋاب بەرمىدى.

يىگىت قىزنىڭ كۆكسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سىز بەك ئورۇق ئىكەنسىز.. جەزمەن كېسىلىڭىز بار ئوخشايدۇ.

قىز يەنە يىگىتنى ئەيىبلىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن

تىرماشتى.

— ھە! توغرا، سىز دەرد تارتتىم دېدىڭىز؟ سىزنى كىم مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى؟

— لايىقىم بولمامدۇ؟

قىزنىڭ يۈتلىرىدا ئويناۋاتقان قوللار يېرىك ھەم قاتتىق ئىدى، قىز يىگىتكە قارشى تۇرالماي يۈتلىرىنى بوشقىنە كېرىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. . .

ئاھ، ياز كېچىلىرى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە. . . نەمخۇش سايازلىق بىلەن قىرغاقلاردىكى تىكەنلەردىن خۇشبۇي ھىد كېلىۋاتاتتى. . . ئەمما، ياز كېچىلىرى ئادەمنى يەنە شۇنچىلىك غەم-ئەندىشىگە سالاتتى! قىز ھېلىقى پويىزنى ئويلىدى، كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزغان پاقىلار بىلەن ھۆل تىكەنلەر يىراقلاردا قالدى. . . ئاھ، ئۇ نېمىدېگەن ئۇنتۇلغۇسىز كېچىلەر ـ ھە، ئۇ كېچىلەر ئالللىقاچان خىيال غارلىرىغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى.

قىزنىڭ ئۇستىدىكى بەدەندىن تەر پۇرىقى بىلەن ئەرزان باھالىق ھاراق ھىدى كېلىپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن قىز بىردىنلا بۇ يات ئەرگە مېھرىبانلىق بىلەن:

— سىز بەدىنىڭىزدىن كېلىۋاتقان پۇراقنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دېدى.

— ھە؟

— باھار يامغۇرىدىن كېيىن يەردىن كەلگەن ھىدقا ئوخشاش ھىد كېلىۋاتىدۇ.

— ئەمما بىز شۇ تاپتا ياز پەسلىدە تۇرۇۋاتىمىز ـ دە.

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

يىگىت كۈلۈپ قويۇپ:

— ۋاي، خۇدايىمەي! سىز مەست بولۇپ قاپسىز، — دېدى.

قىز يىگىتنى دەرمانسىز ھالدا ئىتتىرىپ تۇرۇپ:

— ئۇ سېزىپ قالسا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى.
— كىم؟
— لايىقىم! — دېدى قىز پەخىرلەنگەندەك قىلىپ، — ئۇ ھەربىي قىسىمدا ماشىنا ھەيدەيدۇ.
. . . ئاشۇ ياز كۈنى ئۇ كەنتكە كەلگەنىدى، ئۇچىسىدا كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان سېرىق يوللۇق كۆڭلەك بار ئىدى. ئۇ خۇددى قىسمىتىگە شۇنداق پۈتۈلگەندەك، قىزنىڭ ئاپىسى ئاچقان دۇكاندىن تاماكا ئالدى.
قىز ئۇچىسىغا چىپپىدە كەلگەن ئۇزۇن تار كۆڭلەك كىيىۋالغاچقا، كۆكسىلىرى بىلەن ساغرىسى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ھەربىي قىزغا ئوغرىلىقچە قاراپ - قاراپ قويدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇ دۇكانغا يەنە تاماكا ئالغىلى كەلدى، قىز دۇكاندا يالغۇز ئىدى، قىز ئۇنىڭغا تاماكا سۇنۇپ بېرىۋاتقاندا تىترەپ تۇرغان قولى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ كەتتى...
قىزنىڭ ئۇستىدىكى يىگىت ھاسىرايتتى، قىز بولسا ھېلىھەم خىيال دەرياسىغا غەرق بولغانىدى.
— ئۇ لۇكچەك مېنى نەق بەش يىل سۆرەپ يۈردى، — قىز ئۇيلاپ - ئۇيلاپ ئاخىرى شۇنداق دەپ سالدى، — مېنى مۇشۇنداق بىر تېرە، بىر سۆڭەك قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.
يىگىت كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ غۇدۇرىغىنىچە:
— ئۆپكە كېسەللى بولۇپ قالدىڭىزمۇ - يە؟ — دېدى.
— تۇفى!
قىز يىگىتنى ئىتتەردى، ئەمما يىگىت قىزنىڭ مۇرىلىرىنى ئامبۇردەك چىڭ قامالللىۋالغانىدى. كېيىنىڭ ئۇستى ناھايىتى قاتتىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېگىز - پەس بولغاچقا قىزنىڭ دۇمبىسى ئاغرىپ كەتتى، كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىدى. ئىش مۇشۇ دەرىجىگە كەلگەندە قىز ئۆزىنىڭ دەسلەپتە نېمە ئىش

قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. قىز ئۈنسىز نىدا قىلدى، كېيىن بىردىنلا پاڭڭىدە يىغلاپ تاشلىدى. يىگىت قىزنىڭ چېچىنى غەزەپ بىلەن قاماللاپ تۇرۇپ:

— سىز سۆيۈنۈۋاتامسىز ياكى يىغلاۋاتامسىز؟ — دېدى.

قىزنىڭ تاتارغان لەۋلىرىدە جانسىز تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، تەر بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن چىرايى باللارنىڭ چىرايىدەك غۇبارسىز ئىدى.

— ھەي، سىزنىڭ يىغلىغان چاغدىكى قىياپىتىڭىز بىلەن يىغلىمىغان چاغدىكى قىياپىتىڭىز ئوخشاشلا گۈزەل ئىكەن.

قىز سۇسقىنا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاران مۇشۇلىمۇ؟ — دېدى.

— بۇنىڭدىن باشقا تۇرمۇشتا يەنە نېمە بولاتتى؟

يىگىت ئۆرۈلۈپ دەريا سۈيىنى كۆرسەتتى.

— بۇ دەرياغا قاراڭ، بىردەم غەزەپلەنسە، بىردەم تىنچلىنىدۇ، بىردەم ھاياتقا زامىن بولسا، بىردەم خەيرى - ئېھسان قىلىدۇ. ئۆتكەن يىلى يازدا بۇ دەريا بېلىقچى ئەلىنىڭ ئوغلىنى يۇتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ جەسىتى سۇ ئۈستىگە لەيلەپمۇ چىقمىدى، بېلىقلارغا يەم بولۇپ كەتتى بولغاي. ئۇ سېرىق چاچلىق، قوي كۆزلۈك چىرايلىق بالا ئىدى، سۇدا بېلىقتەك ئەركىن ئۈزەتتى، سىز ئۇنىڭ ئاتىسىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئەنە ئاۋۇ كېمىدە ئېڭىشىپ تۇرغان بوۋاي شۇ. . بۇ دەريا ئۇنىڭ قورسىقىنى باقىدۇ. بىزنىڭ ئۇنى نېمە دەيدىغانلىقىمىزنى بىلەمسىز؟ ئۇ ھەر قېتىم بېلىق تۇتقىلى چىققاندا، ئەلى ئوغلىنىڭ گۆشىنى يىدى، دېيىشىمىز، — يىگىت مۈرىسىنى قىسىپ قويدى، — مانا بۇ تۇرمۇش، ھايات.

بىر خىل ئىزتىراپ قىزنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى، دېمى سىقىلدى، بېشىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ دەريا

سۈيىگە دىققەت بىلەن قارىدى. دولقۇن دەريا قىرغىقىغا ئۇرۇلاتتى، قۇم - شېغىللارنى ئېقىتىپ يەنە قايتاتتى. قىزنىڭ كۆز ئالدى بىردەم قاراڭغۇلاشتى. قىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىشنى تەكرار قىلمىدىمۇ؟ .. دولقۇن يەنە دەريا قىرغىقىغا ئۇرۇلدى، دەريا سۈيى شۇنچىلىك سەبىي ھەم بىگۇناھ ئىدى، ھېچنېمىنى بىلمەيتتى.

قىزنىڭ كاللىسى ئېغىرلاشتى، ئاشقازىنى ئېچىشتى، ئېغىزى بەتتەم بولۇپ كەتتى. قىز دەرياغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئاھ، ئەجەب ئاچچىق! — دېدى.

— نېمە؟

— تۇرمۇش...

قىز گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا بىرسىنىڭ بىرزېمىنى ئۇرۇپ بىزەپ گەپلەر بىلەن تىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. قىزنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ، دەرھال پىلاش بىلەن پۈتۈن بەدىنىنى ئورىۋالدى. قىزنىڭ جۈرئىتىمۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلدى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، ئۆزىنى كۆڭلىكىنى ھاپىلا - شاپىلا كىيدى. يىگىت بىرزېمىنى تۆشۈكىدىن ھىجىيىپ تۇرغان بىر چىرايىنى كۆرگەندى.

— ھۇ نىجىسلار، سەنلەر بۇ يەلكەنلىك كېمىنى ناپاك قىلىشىپسەن ئەمەسمۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ مۇشتۇملىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — ئاۋۇ قانجۇقنى تېز چىقىرىۋەت!

— بىزنىڭ ئىشىمىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! — دېدى يىگىت.

— بۇ يەلكەنلىك كېمىدىكى مەينەتچىلىكنى پۈتۈن دەريانىڭ سۈيى بىلەنمۇ يۇيۇپ بولغىلى بولمايدۇ ئەمدى!

— بۇرادەر، يولۇڭغا ماڭ، باشقا ئىش تېپىپ قىل.

ئەرنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى:

— ئاۋۋال ئاۋۇ قانجۇقنى چىقىرىۋەت!

— سەن كەتسەڭلا ئۇ چىقىپ كېتىدۇ، ئۇ گېپىڭنى ئاڭلىماي قالمايدۇ.

ئەرئۇلارنى تىللاپ، ئۇلارغا تەھدىت سالغىنىچە يىراقلاپ كەتتى. كېيىن توخۇنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— ئۇ ساراڭ ئەجەب كەيپىمىزنى ئۇچۇردى.

قىز پىلاشنى ئېچىۋىدى، يىگىت قىزنىڭ قورقۇنچلۇق ئالامەتلەر پەيدا بولغان چىرايىنى كۆردى.

— ئۇنىڭ ئىسمى خەلىق.

— ساقچىمۇ؟

يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— سىز تازا قىزىق ئىكەنسىز، ئۇنى كىشىلەر خەلىق دەپ ئاتىشىدۇ، ئايالى باشقا بىرى بىلەن قېچىپ كەتكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇشۇنداق ساراڭدەك بولۇپ قالدى. قولىغا پىچاق ئېلىپ ئەتراپنى ئايلىنىپلا يۈرۈيدۇ.

قىز گېلىدا بىلىق قىلتىرىقى تۇرۇپ قالغاندەك بولدى:

— مەن ئۇنىڭ مېنى قانجۇق دەپ تىللىشىدىن ئەجەب تويدۇم. مەن دېگەن ئادەم تۇرسام.

يىگىت قىزنىڭ پېشانىسىگە چىكىپ تۇرۇپ:

— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ئۇنىڭ كېسىلى بار، — دېدى.

— ئاھ، بىچارە. . . سىزچە ئۇ يەنە كېلەرمۇ؟

— هازىر دەمسىز؟ ھىم. باغلىشمەنكى، ئۇ بۇ ئىشنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتى، هازىر باشقا ئىش بىلەن بەنت بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇ بۇرۇن ئايالىنى ياخشى كۆرەمتى؟

— ھەئە.

— ئۇ ئايالىنى تاپالىدىمۇ؟

— ئۇنىڭ ئايالى ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتتى.

قىز بارماقلىرى بىلەن چاپىنىنىڭ پېشىنى تۈزەشتۈرگەچ

چوڭقۇر خىيالغا پاتتى ۋە ئەنسىرىگەندەك تەلەپپۇزدا:

— مۇبادا ئۇ بىلىدىغان بولسا قالسا مېنى — ئۇ — ئى جەزمەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى.

— كىم؟

— لايىقىم، مېنى جەزمەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

يىگىت ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنى سىلىۋېتىپ مەيدىلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە:

— ئۇ بۇ ئىشنى بىلىپ قالارمۇ؟ ئەمىسە سىز بېرىپ دەڭ؟ — دېدى.

— شۇنداق قىلايمىكىن دەيمەن.

يىگىت قىزنىڭ غەم بۇلۇتلىرى قاپلىغان چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئاھ پەرۋەردىگار، سىز راستىنلا سارالڭ بوپسىز، — دېدى.

قىزنىڭ كۆزلىرىدە شۇ تاپتا گويا چوش كۆرۈۋاتقاندەك ئالامەتلەر پەيدا بولۇپ بوش تەلەپپۇزدا:

— مۇبادا مەن قېچىپ كەتسەم ئۇ ئالەمنى مالەم قىلىدۇ، — دېدى ۋە يىگىتكە لاپپىدە قاراپ قويۇپ يەنە قوشۇپ قويدى، — چۈنكى مەن ئۇنى تەگسىز خىيال دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتىمەن - دە.

— ئۇ سىزنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— ياق، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ شان - شەرىپى قىلىۋالدى شۇ.

— كېلىڭە. . .

يىگىت قىزنى قوپاللىق بىلەن ئۆزىگە تارتتى، قىزنىڭ بېشى يىگىتنىڭ چاترىقىغا كىرىپ قالدى، قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، كۆزلىرىدە ئازراقمۇ ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يوق ئىدى:

— ئۇنداق قىلماڭ. . . مېنى كەتكىلى قويۇڭ.

— بىز تېخى ئويناپ بولمىدۇق!

— كېلەر قېتىم ئوينايلى، شۇنداق بولسۇن.

قىز شۇنداق دېگىنىچە ئايىغىنى كىيدى.

يىگىت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قىزنىڭ قولىنى غەزەپ بىلەن تارتتى. قىز قولى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەچكە ۋايساپ كەتتى.

— مەن سىزگە دېدىمغۇ، بىز تېخى ئويناپ بولمىدۇق دەپ!

— ئۇنداق قىلماي مېنى كەتكىلى قويۇڭ.

يىگىت قىزنىڭ بىلىكىنى تولغاپ مەجبۇرى ئولتۇرغۇزدى.

— مېنى مايمۇن ئوينىتىمەن دەمسىز؟

قىز ئۆتۈنۈپ يالۋۇردى:

— مەن قورقۇۋاتىمەن.

... كېچە... يەنە شۇ كېچە... ھېلىھەم شۇ قاراڭغۇ كېچە... قورقۇنچلۇق ۋارقىراشلار... يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان توخۇلارنىڭ چىللىغان ئاۋازى... يەلكەنلىك كېمىلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان دولقۇنلار... ياز كېچىلىرىنىڭ مەيىن شاماللىرىدا مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دەريا سۇيى... جىمجىت كېچىدە قىزنىڭ يۇرىكى دۇپۇلدەپ سوقماقتا.

— مەن قورقىۋاتىمەن.

— كىمدىن؟

— مېنى كەتكىلى قويۇڭ.

يىگىت قوپاللىق بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تۇگمىلىرىنى يەشتى، بىر تال تۇگمە ئۇزۇلۇپ كېمىگە تورۇككىدە چۇشتى. قىزنىڭ بەدىنىنىڭ ئۇستى تەرىپى يالىڭاچلاندى... يىگىت قىزنى باستى، قوڭۇررەڭ كۆكرەكتىن تەر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، كېچىنىڭ مەيىن شامىلىدا يىگىتنىڭ كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسىيەتتى. يىگىت قىزنىڭ ئۆزىنى ئەركىن تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ بەك سۆيۈنۈپ، قىزنىڭ بويىنىدىن چىڭ قۇچاقلىدى...

توساتتىن، مۇزدەك سوغۇق بىر نەرسە يىگىتنىڭ يالىڭاچ دۈمبىسىگە قاتتىق سانجىلغاندەك بولدى، يىگىت ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ۋە بۇرۇلۇپ ۋارقىرىغىنىچە جەينىكى بىلەن خەلىفىنىڭ پىچىقىنى توستى، قىپقىزىل قان ئۇنىڭ قولىدىن جەينىكىگىچە ئېقىپ چۈشتى.

قىز گويا كېمىنىڭ تاختىيىگە مىخلىۋېتىلگەندەك قىلاتتى، كۆلپەت ئىلاھى ئىگىشكىنىچە قىزغا قاراپ تۇراتتى. خەلىفىنىڭ نەپرەت نەشتەرلىرى قىزنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىگە سانجىلدى:

— ھۇ، قانجۇق!

يىگىت ئېتىلىپ بېرىپ خەلىفىنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالماقچى بولدى، ئەمما خەلىق قىزغا رودۇپايدەك چاپلىشىۋېلىپ:

— مانا ساڭا قانجۇق، مانا ساڭا. . . — دېدى.

خەلىق قان بىلەن بويالغان پىچاقنى قىزنىڭ كۆكسىگە ئارقا-ئارقىدىن تىقىۋەتتى، پىچاق سانجىلغان يەردىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان قان يىڭى كېمىنى بويىۋەتتى.

ھەممە ئىش تېنچلىنىپ ئەسلىگە كەلگەندە يىگىت قىپيالىڭاچ ھالدا جىنىنىڭ بارىچە كېمە قىرىغا قاراپ ئۈمۈلەيتتى، كۆڭلى ئېلىشىپ قەي قىلاتتى. ئۇنىڭ قانغا بويالغان قوللىرى يىڭى كېمىگە قىپقىزىل ئىز سالدى.

## بوۋاي ۋە گۇگۇم

### بىنتى بەھرا (تۇنىس)

*بىنتى بەھرا (1951 — ) تۇنىسلىق ئايال يازغۇچىسى. ئوقۇتقۇچى بولغان. تۇنىس يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىنجىلىس شۆبە جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «ئۆلۈۋالغان قىز» «نۇر كۆلەڭگىسى قوينىدا» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى. «يوللانمىغان خەت» ناملىق داستانى بار.*

ئايال قەدىمىي تۇس چىقىپ تۇرغان دەرۋازىنى چېكىپ خېلى كۈتۇپ تۇردى. قولىدىكى سائەتكە پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قويۇاتتى، سائەت ئىستىرىلكىسى تۆت يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، بوۋاي جەزمەن ئۆيدە بار ئىدى.

باھار كۈنلىرى يېتىپ كەلگەنىدى، ھاۋا خېلى ئىللىغاندەك قىلىسمۇ، يەنىلا سوغۇق ئىدى. ئاسمان قەھرىدە قارا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى، گۇگۇم يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئىدى.

پەقەت بىر جۈپ پۈت ئىشىك ئالدىغا كەلگەندىلا ئاندىن قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ كېتەتتى، سوغۇقمۇ پەسىيەتتى. بوۋاي ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى سىماسىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتكىنىچە ئىشىكنى ئۇلۇغ ئاچاتتى-دە، ئالدىراپ، مەرھابا، مەرھابا، دەيتتى ۋە ئۇنىڭدىن بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى.

بوۋاي بالىلارنىڭ ئۇ ئايالنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقىنى كۆرسە چىرايىدا بالىلارغا خاس تەبەسسۇم پەيدا بولاتتى ۋە ئالدىراپ بىرىپ بالىلارنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ ئېگىز كۆتۈرەتتى.

بالىلار خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ كېتەتتى. ئايال دادىسى ۋە بالىلىرى بىللە ئۆيگە كىرەتتى. قەلب چوڭقۇرلۇقىدا پەيدا بولغان تەبەسسۇم ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا جىلۋىلىنەتتى. بوۋاي ئولتۇرۇپ كۆنۈپ قالغان جايىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ھېكايە ئېيتىشقا باشلايتتى، ئۆي ئىچى شادلىق كەيپىياتىغا تولاتتى.

ئاھ، بۇ بوۋاينىڭ ئاياغ تېۋىشى ئىدى. ئۇ خۇشخۇي چىرايىنى ئىشىك ئەينىكىگە يېقىن ئەكىلەتتى. . . بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىر پاتمان گەپلەر بىلەن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، نېمە يېڭىلىقلار ۋە يېڭى نەشر قىلىنغان قانداق كىتابلار بار، دەپ سورايتتى. ئۇ بالىلارنىڭ گەپلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇلار ئۆزلىرى كۆرۈپ ئۆلگۈرمىگەن گېزىت ـ ژۇرناللارنى بوۋايغا بېرەتتى، بوۋاي بالىلارغا يېقىملىق قاراپ قوياتتى، بالىلار تېلېۋىزورغا مەستانە بولۇپ كەتكەندە بوۋاي پاكىز پەلتۇسىنى كىيىپ ئاستا چىقىپ كېتەتتى ـ دە، ھايال ئۆتمەيلا پىرەنىك، شاكىلات، ئالما، ئۈزۈم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرەتتى، بالىلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى ئېتىشاتتى. چوڭراق بالىلار بەك ئاۋارە بوپسىز دەپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتاتتى. كۆپچىلىك نېمەتلەرنى خۇشاللىق بىلەن مەززە قىلىپ يېيىشەتتى، ئۆي شادلىققا تولاتتى. بۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتەتتى، چايمۇ تەييارلىنىپ تەملىك پەمىل چاي بىلەن بادام مېغىزى ئايالنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلەتتى، ئايال بۇرۇنقىدەك كۈلۈپ تۇرۇپ:

— جاپا چەكتىڭىز، دادا! — دەيتتى. بوۋايمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ياق، جاپا تارتامدىغان، سىلەرگە مەندىن باشقا كىم چاي دەملەپ بېرەتتى؟ سىلەر مېنى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ئەخمەق بوۋاي قىلىپ قويماقچىمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ھەر قېتىم مۇشۇنداق چاغدا ئايال ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلاتتى، بوۋايمۇ قىزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلەتتى، كۆزلىرى چاقناپ كېتەتتى، مېھنەتلىك يىللار بوۋاينىڭ بەستىنى خورىتالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھاياتىي كۈچى يەنە ئۇرغۇپ تۇراتتى.

نىھايەت، ئايال ئاخىر ئىشىك ئىلغۇچىنىڭ شىرىقشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، يۈرىكى ئىنتىزارلىقتىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۆيگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى، ۋۇجۇدىنى ئىللىقلىق، مېھرىبانلىق قاپلىدى، ئائىلىسىنىڭ خۇش ھاۋاسىدىن قانغۇچە نەپەسلەندى، شەپەر ھارغىنلىقى تۈگىدى. ئىشىك ئېچىلدى، ئاخىر ئىشىك ئالدىدا ئاپىسى پەيدا بولدى، ئاپىسىنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

— مەرھابا قىزىم! نەچچە كۈنلەردىن بۇيان نەلەردە يۈردۈڭ؟ ھاۋا بەك سوۋۇپ كەتتى! قىزىم، تىنچ - ئامان تۇرۇۋاتامسىلەر؟

ئايال جاۋاب بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئىتتىك بېرىپ ئاپىسىنى قۇچاقلىدى.

ئايال يېنىك قەدەم بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى. مېھمانخانىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئايال ھۇجرىغا قارىدى، بوۋاي ئىبادەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئايال ھۇجرىغا كىرمەك بولۇپ تۇرغاندا ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە ئىشىك پەردىسى ئېسىلغانلىقىنى كۆردى، ئۆينىڭ كەيپىياتى ناھايىتى سۇلغۇن ئىدى ئىدى ئايال ئىختىيارسىز:

— دادامچۇ؟ — دېدى.

ئايال ئۆيگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئاپىسىغا قارىدى ۋە ئاپىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇردى.

ئايال كارىۋاتتىكى تومپايغان بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە

يېپىلغان قېلىن ئەدىيالنى كۆرۈپ، گويا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

بىرى تىترىگەن تارشىدەك ئورۇق ئىككى قولىنى ئەدىيالدىن چىقىرىپ ناھايىتى تەستە چاي شىرەسىگە سۇندى، ئورۇق بارماقلار تىترىگىنىچە پىيالىگە تەگدى. ئۇ پىيالىنى ئالماقچى بولۇۋاتاتتى. پىيالە ئۆرۈلۈپ كېتىپ سۇ ئەدىيالنىڭ يېنىغا ئېقىپ چۈشتى.

— دادا! — ھەيران بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى ئايال.

بوۋاي بېشىنى قاتلاقلىق ئېگىز ئەدىيالغا يۆلەپ ياتقانىدى.

— دادا! — ئايال يەنە ئالدىراپ ۋارقىرىدى.

بوۋاي ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ زاڭاقلىرىمۇ ئىچىگە كىرىپ، چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. قىزىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇ ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— بۇ سەنمۇ قىزىم؟ تىنچ - ئامان تۇردۇڭمۇ؟ — دېدى دادىسى بوغۇق ئاۋازدا.

ئايال دەرھال دادىسى ياتقان كارىۋات ئالدىغا كەلدى - دە، ئۆزىنىڭ ھەيرانلىقى ۋە ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بېسىپ، بوۋاينىڭ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

— چىرايلىرىڭىز ئەجەب تاتىرىپ كېتىپتۇ دادا، ياداپ كېتىپسىز. سىز مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغۇچە ئۇلار ماڭا نېمىشقا دېمىگەندۇ؟ ئايال بوۋاينىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ئولتۇردى ۋە دەرد - ئەلەملىرىنى، ئۈمىدسىزلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. ئاپىسى قىزىغا دادىسىنىڭ قانداق كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى، قانداق تەكشۈرۈتكەنلىكىنى، قانداق داۋالاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى.

ئايال غەمكىن كۆزلىرىنى دادىسىدىن بىردەممۇ ئۈزمىدى،

كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، بەدىنى ئاجىزلاشقان، كارىۋاتتا تۇگۇلۇپ ياتقان بوۋاينىڭ ئۆزىنىڭ مېھرىبان دادىسى ئىكەنلىكىگە زادى ئىشەنگۈسى كەلمىدى. دادىسىنىڭ قىزىغا بولغان مۇھەببىتى تەڭداشسىز ئىدى، دادىسى بۇرۇن ئۇنىڭغا نۇرغۇن قونچاق، ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرگەن، چەكسىز مېھرىبانلىق قىلغانىدى، قىزىنىڭ ھەسرەتلىك كۈنلەردىكى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويغان، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىل، ھاياتقا قىزغىن مۇھەببەت باغلا، دەپ ئۆگەتكەنىدى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ياشناپ تۇرغان شەمشادنىڭ يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىغا، چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرىنىڭ خىرەلىشىپ كېتىدىغانلىقىغا، يىكتەك تۈز ئۆسكەن خورما دەرىخىنىڭ سۇنۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

ئايال غەم بۇلۇتلىرىنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن دادىسىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە بىر نەرسە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئايال دادىسىغا يېقىنلىشىشنى، دادىسىنى قۇچاقلاشنى، دادىسىنىڭ باشلىرىغا سۆيۈشنى ئويلىدى، نېمىشقا ماڭا گەپ قىلمايسىز؟ نېمىشقا مەندىن بۇرۇنقىدەك ئەھۋال سورىمايسىز؟ يېقىندا يېڭى كىتابلىرىڭىز نەشر قىلىنىدىمۇ دەپ سورىمايسىز؟ نېمىشقا ئۆز قولىڭىز بىلەن چاي، بادام مېغىزى ئەكىلىپ بەرمەيسىز؟ نېمىشقا مۇشۇنداق زەبۇن ھالدا تۆشەكتە ياتىسىز؟ دەپ سورىماقچى بولدى. . دادىسى ئادەتتە ئاجايىپ مەزمۇت، تېتىك يۈرۈيدىغان ئادەم ئىدى.

كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى چۈش بولۇپ قالسىچۇ كاشكى. ئۇ كۆزلىرىنى «لەپپىدە» ئېچىپ ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ قايتا زاھىر بولۇشىنى كۆرگەن، بالىلارنى چۆرىسىگە يىغىپ، ئۇلارغا خۇشخۇي چىرايىنى كۆرسەتكەن، ئۇلار ئۇنىڭ قەلبىدىكى چەكسىز بايلىققا ئېرىشكەن، بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈنلىرىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ئەتىۋارلاپ

ساقلىغان بولسىچۇ، يىللار ئۆزىگە ئاتا قىلغان قىممەتلىك ئىنئاملاردىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالمىغان بولسىچۇ ئىلاھىم.

ئايال بىر نەرسە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن گەپ قىلالماي يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىنىڭ چىرايىغا قاراپ، كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى. قىزىنىڭ ئېسەدىگەندەك ئاۋازدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ، سەل كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدى.

— كۈنلەر تېخى ئۇزۇن، زۇلمەتلىك كېچە هامان ئۆتۈپ كېتىدۇ. . .

بوۋاي قىزىنىڭ ئازابىنى، ئۈمىدسىزلىكىنى تۇگىتىش ئۈچۈن بىر نەرسە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئەمما دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ئېچىدىن چىقىرالمىدى. بوۋاي قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. ئورۇق بەستى شامال سوققان قورايدەك تىترىدى، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئايال ئالدىراپ دادىسىغا بىر پىيالە سۇ بەردى ۋە دادىسىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتتى. ئايال دادىسىنىڭ بېشىنى يۆلىگىنىچە پىيالىنى ئاغزىغا ئاپاردى. دادىسى قاتتىق قىزىپ كەتكەنىدى.

ئايال پەس ئاۋاز بىلەن:

— دورىچۇ؟ ئەجەب دورىنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بوۋاي بېشىنى ماغدۇرسىز هالدا ياستۇققا قويدى، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچتى، يۆتىلىمۇ پەسلەپ كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئازاب ئىچىدە ئۈندىمەي تۇراتتى. دادىسى هاسىرىغىنىچە كۆزىنى يۇمدى، تىنىقىمۇ ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ ئاخىرى هوشىدىن كەتتى. ئايال پەس ئاۋازدا:

— دادا! مەن تېخى قايتىپ كەتمەستىنلا ئۇخلاپ قالدىڭىزغۇ؟ نېمىدەپ ئۇخلاپ قالىسىز؟ سىز ئەزەلدىن

ھەممىڭلاردىن كېيىن ئۇخلايتتىڭلارغۇ؟ — دېدى.
بوۋاينىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ چۈشتى. ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى. ئايالنىڭ ھېلىھەم ئېسىدە، بوۋاي ھەر كۈنى كېچە بىر چاغقىچە ئىشخانىسىدا ئالدىراش ئىشلەيتتى، بەزىدە تېلېفون جىرىڭلاپ كەتسە تۇرۇپكىنى ئېلىپ:
— ۋەي، قايسىڭلار؟ ھەممىڭلار ئۆيدىمۇ، بالىلار ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ . . . ياخشى، مەن ھازىرلا بارىمەن، قالغان ئىشنى ئەتە قىلاي، — دەيتتى.
دەل گۈگۈم پەيتىدە، ئاچقۇچ قۇلۇپنىڭ تۆشىكىدە ئايلىنىپ ئىشىك ئېچىلاتتى - دە، يىگىتلەر ھەسەت قىلغۇدەك دەرىجىدە مەزمۇت قەدەم بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېلەتتى. ۋۇجۇدىدىن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى، بالىلار قوش بالىلىرىدەك ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلەتتى. بوۋاي ئۇلارنى كۆرۈپ ئالەمچە خۇش بولۇپ كېتەتتى. يانچۇقىدىن كەمپۈت، قېرىنداش ۋە رەسىم كارتۇچكىسى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بالىلارغا بېرەتتى، ئاندىن بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ ھېكايە ئېيتىپ، شېئىر ئوقۇپ بېرەتتى.
ئاپىسى چاي ئېلىپ كىرىپ:
— بىزنىڭ كۈنلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ئۆتۈۋاتىدۇ! — دېدى ھەسرەتلەنگەندەك قىلىپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەيمىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.
ئايال ئۆزىنىڭ دادىسىنى نېمە ئۈچۈن يوقلاپ كېلەلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى، ئەمما شۇ تاپتا ھەر قانچە چۈشەندۈرگەن بىلەنمۇ پايدىسى يوق ئىدى.
ئايال دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ پەردىنى قايرىپ رەستىگە قارىدى.
زېمىنغا تۈن پەردىسى يېيىلغانىدى. غەمكىن چىراغ نۇرلىرى شەھەر ئاسمىنىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئايال بوۋايغا

قارىدى، بوۋاينىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغانىدى، چىرايىدىكى تارام - تارام ئىنچىكە قورۇقلار جاپالىق يىللارنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان يالدامىسى ئىدى. ھارغىن چىرايى بىلەن ئورۇق قوللىرى زەپىرانىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. كەچ كىرىپ كەتتى، ئۇ ئەمدى قايتىمىسا بولمايتتى.

ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاستا ئۆيدىن چىقىپ ئاپىسى بىلەن خوشلاشتى.

— مەن قايتاي ئاپا، سائەت يەتتىنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئۈلگۈرمىسەم بولمايدۇ. مەن سىلەرگە تېلېفون بېرىمەن، ئەتە يەنە كېلىمەن، — دېدى.

ئايال تۈن پەردىسى قاپلىغان كوچىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. «مەن كەلمەي قالمايمەن. ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ كۈنلەر يەنە كېلەرمۇ؟ مەن بۇرۇن نېمە دەپ ئۇ چاغلارنىڭ قەدرىگە يەتمىگەندىمەن؟»

رەستە قاراڭغۇ ئىدى، ئايالنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى بەختلىك ئۆيى ئارقىدا قالدى. ئايال يولغا، ھارغىنلىقتا ۋە نامەلۇم بىر نىشانغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. توساتتىن، ئۇ ۋارقىرىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك ئۇرۇلدى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ ئارقىدا قالغان ئۆيىدىن كەلگەنىدى.

كۆز ئالدىدىكى چىراغلارمۇ ئۆچكەنىدى، ئادەملەرمۇ يوق ئىدى، قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋارقىرىغان ئاشۇ ئاۋازلا ھەممە ياقنى بىر ئالغان، دوزاخنىڭ سائىتى داڭ ئۇرغانىدى.

ئايال كەينىگە بۇرۇلۇپ چىراغ نۇرى پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ توختىماي يۈگۈردى. ئۇنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى، بوۋاينىڭ غەمكىن ئوبرازى كۆز ئالدىدا چاقماقتەك چاقناپ ئۆتتى. ھەيرانلىق ئىچىدە ياتقان شەھەر لاۋۇلداپ كۆيمەكتە ئىدى.

ئايال شۇ يۇگۈرگىنىچە ھىم ئېتىكلىك دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. جىنىنىڭ بارىچە دەرۋازىنى مۇشتلىدى. دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئاپىسى بىلەن قۇچاقلاشتى، ئاپىسى قاتتىق ھەيران قالدى. ئايال ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ دادىسى ياتقان كارىۋاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى ـ دە، بوۋاينىڭ يۈزىنى يېپىپ قويغان كىرلىكنى قايرىپ، ھەيرانلىقتا چۆمگەن بىر جۈپ كۆزنى كۆردى.

ئايال ئۇ سۆيۈملۈك چىرايىنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى. ئۇ ئاپىسى گەپ سورىغاندىلا، ئاندىن ئۆزىگە كەلدى:

ــ نېمە بولدۇڭ، قىزىم؟

ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىدىن ئۇپۇق تەرەپكە قارىدى:

ــ ھېچنېمە بولمىدۇم! ئاخىرقى ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەي قايتىپ كەلدىم.

جىمجىتلىق ئىچىدە تام سائىتىدىكى ياغاچ خوراز يەتتە قېتىم چىللىغاندىن كېيىن ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى.

# مۇز قونچاق

## بىنتى بەھرا (تۇنىس)

سەن بارمىقىڭ بىلەن چىراغنىڭ ئۇز - چاتىنى بېسىۋېدىڭ، ئۆي ۋاللىدە يورۇپ، خىيالىي چۆشكە ئوخشايدىغان قىزىل رەڭ شۇئان ئۆيگە بىر كەلدى.

بىر خىل ئوتلۇق ئېقىم ۋۇجۇدۇڭدا ئايلىنىشقا باشلىدى...

كۆزلىرىڭدىمۇ يېڭى نۇر - زىيالار جىلۋىلەندى. . .

ئۇ نۇر ساراڭ ھەرىدەك سېنى چاقماقتا ئىدى. . .

سېنىڭ ئارمان گۈلخانلىرىڭ بارغانسېرى جۇلالانماقتا ئىدى. . مەن گويا قونچاقتەك تۆشەكتە ئۇخلايتتىم، سەن بۇ چىرايلىق قونچاققا بولغان ئىستەكلىرىڭنى تەستە تۇتۇۋالاتتىڭ، كۆزلىرىڭدىن ئوتلار چاقنايتتى. . . شۇ ئەسنادا ئىللىق ئېقىم قايناق دولقۇنغا ئايلاندى.

سەن قوللىرىڭنى سوزاتتىڭ، قوللىرىڭ شۇنچىلىك جىددىي سوزۇلغان، شۇنچىلىك كۈچلۈك، شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىدى.

مەن قورققاندەك، توڭلىغاندەك، تىترەۋاتقاندەك بولاتتىم... جېنىمنىڭ بارىچە كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كېتەتتىم، ئەمما سەن ئازاراقمۇ كۆڭلۈڭگە ئالمايتتىڭ. .

سەن ئىسمىمنى چاقىرغاچ ماڭا يېقىنلىشىپ مېنى قۇچاقلايتتىڭ، جىددىي ۋە قوپال نەپەسلىرىڭ يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، مەن بۇراندا قالغان ھىمايىسىز قومۇشقا ئايلىنىپ

قالاتتىم.

سەن ئۇستۇمگە چىقىپ كىرىستالدەك بەدىنىمنى يىرتىشقا باشلاپ، مېنى مەجنۇنلاردەك شۇمەتتىك، ئاچكۆزلۇك، تاقەتسىزلىك بىلەن خالىغانچە زوراۋانلىق قىلاتتىڭ...

مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭگە، هاۋايى ـ هەۋەسىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىغا، قوللىرىڭنىڭ قانداق تىترەۋاتقانلىقىغا، تۆشەكتە ياتقان بىر قونچاققا قانداق ئەسەبىيلەرچە چىرماشقىنىڭغا قاراپ ياتاتتىم...

مەن سېنىڭ ئورمانلىقتىكى شىرغا ئوخشاش ئۇياق ـ بۇياقلارغا چېپىپ يۈرگەنلىكىڭگە، نازۇك شاخلىرىمنى سۇندۇرۇپ، يۇمران مېۋىلىرىمنى ئۈزۈۋالغانلىقىڭغا ۋە مېۋىلىرىمنىڭ شەربەتلىرىنى سۈمۈرۈپ، ئەتلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە قانداق ئېتىلىپ كېلىدىغانلىقىڭغا قاراپ ياتاتتىم...

مەن خۇددى تېلېۋىزىيە تاماشىبىنى ئۆزى تەنها ئولتۇرۇپ جىددىي مۇشتلاش فىلىمىنى كۆرۈۋاتقاندەك ساڭا قاراپ ياتاتتىم.

مەن بىر خىل سوغۇق ئېقىمنى ۋۇجۇدۇمغا ئېقىپ كىرگەندەك هېس قىلاتتىم.

مەن هەم توڭلىغاندەك، هەم ئىسسىزا تارتقاندەك، هەم هارغاندەك بولساممۇ، يەنىلا كۆزلىرىمنى تەستە ئېچىپ سېنى، ۋۇجۇدۇمدىكى هاۋا بىلەن نۇرنى توسۇپ تۇرغان بىر قاۋۇل ئادەمنى كۆرەتتىم.

سېنىڭ كۈچلۈك بەستىڭ بارغانسېرى زورايماقتا، زورىيىپ كېتىۋاتقان بەستىڭ... ئۆيگە لىق كەلگەندى... ئاسماننى... زېمىننى بىر ئالغاندى... دۇنيادىكى جىمى نەرسىنى توسۇۋالغاندى.

جىمى نەرسە مەۋجۇت ئەمەستەك قىلاتتى، مۇدهىش سوغۇق ئادەمنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى، هەسرەتلىك

قار ئۈستۈمگە چۈشەتتى، لەپىلدەپ چۈشكەن قار. . . مېنى كۆمۈۋېتىشكە باشلىغانىدى، مەن خۇددى تۆشەكتە جىنازىدا ياتقان مۇردىدەك ياتاتتىم.

مەن گويا تەگسىز سىرلىق ئۆڭكۈرگە چۈشۈپ كەتكەندەك تۆشەككە چۆكۈپلا كېتەتتىم. . .

سەن مېنى جەينەكلىرىڭ بىلەن قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئىتتىرىۋەتمەكچى بولاتتىڭ. . .

مېنى سېرىق تۇپراققا كۆمۈۋەتمەكچى بولاتتىڭ. . . مەن تىنالماي قالاتتىم، توڭلاپ كېتەتتىم.

مەن خۇنى قاچقان كۆزلىرىمنى ئاچسام ئالدىمدا سەن — ھېچ نەرسىدىن ھېيىقمايدىغان بىر ئەر تۇراتتىڭ. سەن رەھىمسىز، نەپسى بالا، زوراۋان، مۇتتەھەم ئىدىڭ. . . سەن مېنى زىمىستان سوغۇق ھۇشقىيتىپ تۇرغان ئۆڭكۈرگە ئىتتىرىۋەتمەكچى بولاتتىڭ، ئەمما مەن قورقۇنچاق بالىدەك تۈگۈلىۋالاتتىم.

سېنىڭ شەھۋەت ئوتلىرىڭ لاۋۇلدايتتى. . .

سەن ھەسرەتلىك كۆزلىرىمنى كۆرەلمەيتتىڭ، قورقۇنچلۇق ھالىتىمدىن زېرىكمەيتتىڭ. . .

سەن كۆڭۈل دالالىرىمغا، يالىڭاچ بىلەكلىرىمگە دۈۋىلىنىپ قالغان قارلارنى تۇتالمايتتىڭ...

سەن مېنىڭ ئاخىرەتلىكىمنى كۆرەلەيتتىڭمۇ، تۇتالايتتىڭمۇ؟!

سەن كۆزلىرىڭنى شېرىن مېۋىلەرگە تىكەتتىڭ، چاڭقاق لەۋلىرىڭنى ۋۇجۇدۇمدىكى شېرىن بۇلاقلارغا ئۇزارتاتتىڭ، چىشلىرىڭ ئارىسىغا ئېلىپ زوق - شوق بىلەن چاينايتتىڭ. . .

مەن بىر قىز بالا ئىدىم، ئۇ بولسا شەمشاددەك يىگىت ئىدى. ئۇ قىز بالىنىڭ ئاناردەك مەڭزىنى شۇمەتتى، ئالمىدەك

كۆكسىنى ئېمەتتى، يۇمران بەدەنلىرىنى يىرتاتتى. . . ئۇنى چۈشقۇر ھاڭغا ئىتتىرىۋەتمەكچى بولاتتى. پەلەكنىڭ ياشلىرى ئۇنى دەپنە قىلغان قارا تۇپراقتا يامغۇر بولۇپ ياغاتتى. ئۇنىڭ تېخى بېشى كۆمۈلمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر يالڭاچ ئايال قويۇلدى.

مەن قوللىرىمنى كۆكسۈمگە قويۇپ زىمىستان سوغۇقنى توساتتىم. . .

سەن قوللىرىمنى كۆكسۈمدىن ئېلىۋېتىش ئۈچۈن بارلىق كۈچۈڭ بىلەن تىرىشاتتىڭ. .

مەن سېنى توسۇشقا ئامالسىز ئىدىم. . سېنى زادى تۇسيالمايتتىم! مېنىڭ بەدىنىم ساڭا ھوزۇر بېغىشلايدىغان گۈل غۇنچە، شېرىن مېۋە ئىدى. . سەن بۇلارنى سېتىۋالدىڭ. . . سېنىڭ شۇنداق قىلىش ھوقۇقىڭ بار ئىدى. . ئۇلار ماڭا تەئەللۇق ئەمەس ئىدى، مېنى سېتىۋالغان ھۆججەتكە شۇنداق يېزىلغانىدى. . .

ماڭا ھېچ نەرسە تالىق ئەمەس، قانغۇچە ھوزۇرلىنىۋال! سېتىۋالغانلىرىڭنى ئۈزۈپ كەت، يىرتىۋەت! سېنىڭ قامەتلىك بەدىنىڭ قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلىۋەرسۇن!

توپا ئارىلاش يامغۇر تامچىلىرى، مۇز پارچىلىرى بەدىنىمگە چۈشەتتى. . . مەن بىر قونچاق ئىدىم، قار - مۇز قاپلىغان دالادا يېگانە ياتاتتىم، شاماللار يىغا - زارە قىلغىنىچە ھۇشقىيتاتتى، ئەمما شۆلگەيلىرىڭ ۋە بەدىنىڭ بۇلارغا پەرۋا قىلمايتتى؛ قار پەقەت مېنىلا كۆمۈۋەتسە، مەن كىكىردىكىمگىچە توپىغا كۆمۈلۈپ كەتسەممۇ، تۇنجۇقۇپ قالساممۇ. . پەرۋا قىلمايتتىڭ! ئەمما تېز بولۇشۇڭ، چاققان بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى! دېڭىزلىرىمنىڭ سۈيى تۈزلۈق، قويۇق ئورمانلىقلىرىمنىڭ ھەممە يەرلىرى تىكەن، ۋۇجۇدۇم بېشىمدىن ئايىغىمغىچە خۇددى قىشقا ئوخشاش سوغۇق ئىدى.

ئىلدامراق بولمىساڭ قار مېنى تۆشىگىدە توڭلاپ قالغان جەسەتكە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى.

سەن قولۇڭنى تۇنجى رەت بەدەنلىرىمگە قويۇپ سىلىغان دەملىرىڭدە پۈتۈن ئەزايىم تىترەپ كېتەتتى. تۇرۇپ ھەۋىسىم سەل قوزغالغاندەك، تۇرۇپ سەندىن سەل بىزار بولغاندەك بولاتتىم...

شۇنىڭ بىلەن، سەن قولۇڭنى بېلىمدىن تېزلا نېرى ئېلىپ كېتەتتىڭ... مەن قاتتىق خىجىل بولۇپ غەزەپلىنەتتىم... ئەمما سەن زەپەر قۇچقاندەك كۈلۈپ كېتەتتىڭ، مەن ئۆزۈمنى يەرگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك، بۇ دۇنيادىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم... مەن باشقا جىمى ئاياللارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ كونا يولىدا مېڭىۋەردىم.

سېنىڭ كۆزلىرىڭدىكى ئاتەشلەر جۇلالاندى... قورقۇنچلۇق ھۇزۇرلىنىش داۋام قىلدى.

سەن مېنى گۈلخانلىرىڭ ئارىسىغا تاشلىۋەتمەكچى، زۇلمەتلىك، تەگسىز جىرالارغا ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدۇڭ.

سەن مېنى ئىرغىتىپ زېمىننىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا بېسىپ كىرگۈزۈۋېتىش ئۈچۈن تەرەددۇتلەندىڭ، ئەمما مەن يىرگىنگىنىمچە قەلب قەسىرىمنى تەكشۈرۈشكە ئاتلاندىم، يولنىڭ يىراقلىقىدىن قاتتىق بىزار بولدۇم.

ھەسرەتلىك قار مېنى باسماقتا، ۋۇجۇدۇمنى كۆممەكتە، سېرىق تۇپراق نەپەس يوللىرىمنى توسماقتا، تىنىقلىرىمنى ئۆزۈش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى...

مەن ساڭا قوللىرىمنى ئۇزارتماقچى بولدۇم... ئەمما ئۇزارتالمىدىم... قوللىرىم خۇددى تاشتەك قېتىپ قالغانىدى، مەن پەقەت كۆزلىرىمنى پىرقىراتقىنىمچە ئۆزۈمنىڭ مۇز قونچاقتەك بەستىمگە قارايتتىم.

مەن ئېغىزىمنى ئېچىپ ئىلاھنى، روھنى چاقىرماقچى،

قۇشلارغا ئۇلارنىڭ مېنى لەھەتتىن ئېلىپ چىقىپ كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىلدۇرۇش توغرۇلۇق نىدا قىلماقچى بولدۇم. . . ئەمما تىلىمنى مىدىرلىتالمىدىم، ئاغزىمنى ئاچالمىدىم، پەقەت سەن دەپسەندە قىلىنىۋەتكەن قار - مۇزلار ئارىسىدىكى ئويۇنچۇققىلا قاراپ تۇرالىدىم، ئويۇنچۇقتىن كۇكۇم - تالقان بولغان چاغدىكى غەمكىن ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى.

مەن يىراقلاردىن كەلگەن سادالارنى ئاڭلىدىم:

تاش قونچاق، سەن بىر تاش قونچاققا ئايلاندىڭ.

ياق، مۇز قونچاققا ئايلاندىڭ.

مۇز قونچاق ئېرىپ كېتىدۇ.

ئۇ ئېرىپ تۇپراققا سىڭىپ كېتىدۇ.

كۇكۇم تالقان بولۇپ كېتىدۇ.

بارغانسېرى خىرە، ئىنچىكە ئاڭلانغان بۇ سادا ماڭا يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. . .

كۆزلىرىم روھسىز ئەينەك شارچىغا ئايلىنىپ قالغانىدى…

مەن سېنى، يالىڭاچ بىر ئەرنى ئۆزۈمدىن ئاجراتماقچى… سېنى چاقىرماقچى. . سېنى ئىتتەرمەكچى بولدۇم. . . ئەمما ئاغزىمنى ئاچالمىدىم، تىلىم ھەرىكەتكە كەلمىدى.

ئېغىزىمدا بىر پارچە مۇز بار ئىدى، كۆزۈممۇ ئاللىقاچان كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. . .

مەن پەقەت سېنىڭ مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى، بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىڭنىلا كۆرۈۋاتاتتىم. . چىراغ ئۆچتى، نۇرمۇ سۇنۇپ كۇكۇم تالقان بولۇپ كەتتى. . .

دۇنيا زۇلمەتكە تولدى. . . مەن چۆكۈپ كېتىۋاتاتتىم، تۇپراق قوينىغا، قار ئارىسىغا، زۇلمەت قوينىغا چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن. . . قارا بۇلۇتلار ئۇپۇقنى قاپلىماقتا، لەپىلدەپ چۈشكەن قارلار يالىڭاچ مۇز قونچاقنى كۆممەكتە.

# كېپىنەك

## بىنتى ھادى (مىسىر)

*بىنتى ھادى (1958 —— ) ئىراقلىق ئايال يازغۇچى، 70 ـ يىللاردىن باشلاپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر «ئەلفۇبە» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە كاتىپلىق قىلىدۇ. «ئۈچىنچى شەخس» «كېپىنەك» ناملىق ئىككى ھېكايىلەر توپلىمى، بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت بەش پارچە ئەسىرى، بەش پارچە چەت ئەل ئەپسانە ـ رىۋايەت ۋە بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت تەرجىمە ئەسەرلىرى بار.*

ئانا بېشىغا قارا چۈمبەل ئارتىۋالغانىدى، سالۋاراپ تۇرغان چاچلىرىدىن سۇس ئەتىر ھىدى كېلىپ تۇراتتى.

يۈرەك كېسىلىگە نازارەت قىلىش بۆلۈمىنىڭ ئەينەك ئىشىكى ئالدىدا نۆۋەتچى سېستىرا ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ تۇرۇپ، بىمارنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغىنىغا بىر نەچچە سائەتلا بولدى، كىرسىڭىز بولمايدۇ، دېدى. كۆزلىرىدىن ئىلاجىسىزلىق چىقىپ تۇرغان ئانا سېستىراغا قارىدى، كۆز چاناقلىرىنى ياش قاپلىغانىدى. ئۇ ئاخىر پەس ئاۋازدا:

— مېنى كىرگۈزۈۋەتسىڭىز!.. يىراق يەردىن كەلگەنىدىم... — دېدى.

سېستىرا ھېلىھەم تەۋەززۇ بىلەن ئۇنىڭغا: بىمارنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئوپېراتسىيە قىلىنغان تۇنجى كۈنى يوقلاشقا بولمايدۇ، يەنە ئىككى، ئۈچ كۈندىن كېيىن باش دوختۇر بىمارنى يوقلاشقا قوشۇلىدۇ، دېدى!

سېستىرا ئىشىكنى چىڭ ياپماقچى بولدى، ئەمما ئانا

ئىشىكنىڭ تۇتقۇچى يېنىدا تەرسالىق بىلەن تۇرۇۋېلىپ:
— ناركوزنىڭ كۈچى تۈگىگەنمىدۇ، — دەپ سوراۋەردى.
سېستىرا ئانىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ:
— تۈگىدى، دوختۇر - سېستىرالار ئۇنىڭ ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشكە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى.
سېستىرا ئەينەك ئىشىكتىن ئۇ ئادەمنىڭ بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىنىۋاتقاندا قوبۇلخانىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ بىر نەرسە يېزىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى. ئۇ بايا ئانىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالغان بولسا شۇ تاپتا بېشىنى چۆكۈرۈپ يەنە خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ بۇرۇن بۇنداق ئەھۋالنى كۆپ كۆرگەن بولغاچقا، بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. ئوپېراتسىيە دەل بىر كېچە داۋاملاشتى. ماشىنا ۋەقەسىدە قازا قىلغان بىر يىگىتنىڭ يۈرىكى يەنە بىر يۈرەك كېسىلى بار ئادەمگە كۆچۈرۈلگەنىدى. سەھەردە ئوپېراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى جاكارلاندى. شۇ چاغدا مۇخبىر قوبۇلخانىدا ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى يازدى. ئۇ بىر دەم ئىشىككە، بىر دەم قولىدىكى ئۇرگىنالغا قارايتتى. . .
ئانا بايا ئولتۇرغان ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ يەر ئوپېراتسىيەخانىنىڭ ئىشىكىگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. سېستىرالار باشلىقى يېنىدىكى ئىشىدىشىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشدىشى بۇرۇلۇپ:
— سىزگە ئازراق يېگۈدەك بىر نەرسە ئەكېلىپ بېرەيمۇ؟ — دەپ سورىدى ئانىدىن.
ئانا كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ:
— ياق، كۆڭلۈم ھېچنېمە تارتمايدۇ، — دېدى.
مۇخبىر ئانىغا قاراپ:
— ھەدە ئازراق بىر نەرسە يېسىلە، سەھەردىن باشلاپ بۇ يەردە تۇرغان ئىدىلە، ھېچنېمە يېمىدىلە! — دېدى.

— ئازراق چاي ئىچەي.

ئانا شۇنداق دېگەندىن كېيىن سىرىلىپ مۇرىسىگە چۈشۈپ قالغان قارا چۇمبىلىنى قايتىدىن بېشىغا ئارتتى. شۇ ئەسنادا بىر سېستىرا نۇرغۇن شىشىلەر، ئوپېراتسىيە سايمانلىرى، دورا پاختىسى ۋە داكا قاچىلانغان بىر هارۋىنى هەيدەپ كەلدى. ئانا كېتىۋاتقان هارۋىغا قارىدى، بۇرنىغا كۈچلۈك دورا پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ قارىسى غىچىرلاپ كېتىۋاتقان هارۋىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ غايىب بولدى.

ئانا قوبۇلخانىغا يەنە نەزەر تاشلىدى. مۇخبىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتاتتى، زالدا ئىككىيلەندىن باشقا هېچكىم يوق ئىدى. ئانا ئالدىدىكى بوش ئورۇندۇققا، كەڭ دېرىزىگە ۋە دېرىزىدىن سىرتتىكى كىچىك گۈللۈككە قارىدى، دېرىزىدىن گۈللۈك يېنىدىكى كارىدورنى بويلاپ قوبۇلخانىغا قاراپ كېلىۋاتقان ئىككى دوختۇرنى كۆردى. گۈللۈكتىكى گۈللەرگە تۇرۇبىدىن سۇ چېچىلىۋاتاتتى، سۇ پۈركەنگەن گۈللەر رەڭگارەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئانا گويا ئاسماندا رەڭدار كېپىنەكلەرنىڭ پەرۋاز قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدى.

بىر دوختۇر زالنىڭ ئەينەك ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئاچقاندا ئازادە زالنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. ئىككى دوختۇر ئىشىكنى يېپىپ، سېستىرا ئورنىدا ئولتۇرغان سېستىرا بىلەن سۆزلەشتى ۋە زالدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئانىغا قاراپ قويدى. ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى دوختۇرنىڭ يەنە سىرتقا — گۈللۈككە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلار قوللىرىنى ئادىتى بويىچە خالاتلىرىنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىپ بوش پاراڭلاشقاچ يىراقلاپ كەتتى.

چۈشتە، هەر قېتىم قوبۇلخانىنىڭ گۈللۈككە تۇتىشىدىغان ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەنلا، غۇيۇلداپ كىرگەن ئىسسىق هاۋا زالنىڭ سالقىن هاۋاسىنى بۇزۇۋېتەتتى. ئانا دەسلەپتە تونۇشقان

ۋە خەۋەر ئۇقۇشقان ھېلىقى سېستىرا ئىچ ئاغرىتىپ ئانىنىڭ مۇرىسىگە بوشقىنە ئۇرۇپ قويدى. ئانا ئويغانغاندىن كېيىن قاتتىق بىر شۇركۇندى ـ دە، بوشقىنە ۋارقىرىۋەتتى. سېستىرا ئانىغا قورقمىسىلا دەپ تەسەللىي بەردى. ئەمما ئانا خۇددى جۆيلىۋاتقاندەك بىر نېمىلەرنى دېدى. . ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ تېخى بايىلا باشقا بىر يات دۇنيادىن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. سېستىرا توڭلاتقۇدىن بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ ئېلىپ ئانىغا بەردى ۋە:

ــ ھەدە بۇ سۇنى ئىچسىلە، سىلى بايا چۇش كۆردىلىغۇ دەيمەن، ــ دېدى.

ئانا ئىستاكاننى ئېلىپ بىر قانچە يۇتۇم سۇ ئوتلاپ نورمال ھالەتكە كىردى. سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن سېستىرادىن:

ــ مەن بايا ئۇخلاپ قالدىممۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، ياخشىسى ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتسىلە، بولامدۇ؟ ــ دېدى سېستىرا.

ــ مەن ئۇنى يەنە كۆرەلمەيمەنمۇ؟

ــ دوختۇر چۈشتىن كېيىن كېلىپ كۆرسۇن، دەيدۇ. سىلى ھازىرچە قايتىپ ئۆيلىرىدە ئارام ئېلىپ تۇرسىلا!

ــ ياق، مەن ساقلايمەن.

ــ مەيلى ئەمىسە، سىلىگە مېۋە شەربىتى ئەكېلىپ بېرەي.

سېستىرا شۇنداق دەپ، بايا چىققان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بويىنىنى سىڭايان قىلىپ مۇگدەپ قالغان ئانىنىڭ دەسلەپتە بويىنى، كېيىن ئاشقازىنىمۇ ئاغرىغاندەك بولدى. زالنى مەززىلىك تاماق ھىدى قاپلىغانىدى. مۇخبىر كۆرۈنمەيتتى، ياشقىنا بىر سېستىرا كېلىپ گەپ سوراش پوكىيىدە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان سېستىرا بىلەن نۆۋەت ئالماشتۇردى. يېشىل كىيىم كىيىۋالغان ئىشچىلار تاماق ھارۋىسىنى ئىتتىرگىنىچە ئۇزۇن كارىدوردا بۆلۈم، كېسەلخانىلارغا قاراپ كېتىپ باراتتى.

تېلېفون توختىماي جىرىڭلاپ كەتتى. ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ گەپ سوراش پوكىيى تەرەپكە قارىۋىدى، نۆۋەتچى سېستىرانىڭ تېلېفوندا قارشى تەرەپ بىلەن تەسەللىي تەلەپپۇزىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئېھتىمال، ئۇ ئىككى كۈن ئىلگىرىكى يۈرەك يۆتكەش ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشماقچى بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تېلېفوندىن غىژىلدىغان ئاۋاز كېلىپ تۇرغاچقا ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدى. ئۇ تېلېفوندا دېيىشكەن گەپلەرنى ئىمكان قەدەر ئېنىق ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتتى، سېستىرا ئوخشاش بىر گەپنى تەكرارلاۋەرگەچكە «كېسەل ئەھۋالى يامان ئەمەس، ئوپېراتسىيە ئۇتۇقلۇق بولدى» دېگەندەك گەپلەرنى دەۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى. ئانا تېلېفوندىن بۇ ئىشقا سىرتتا شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما قوبۇلخانا تىمتاس ئىدى. پەقەت ئۈچ ـ تۆت دوختۇر ـ سېستىرالارلا زالدىن ئۆتۈپ، يۈرەك كېسەللىرىنى نازارەت قىلىش بۆلۈمىگە كىرىپ كېتەتتى، ھېلىقى مۇخبىرمۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ دوختۇرخانىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئانا نازارەت قىلىش بۆلۈمىنىڭ سىرتقا ياكى باشقا بۆلۈمگە چىققىلى بولىدىغان ئىشىكى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى.

گۆللۈككە چىقىدىغان ئىشىك ئېچىلىپ يەنە ئۈچ دوختۇر كىردى. ئۇلار ئالدىراش ھالدا يۈرەك كېسىلىنى نازارەت قىلىش بۆلۈمىگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلاردىن بىرى ئىشىكتىن ئاتلاپ بولۇپ يەنە ئارقىسىغا يېنىپ ئانىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئانىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىنى ئانىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ:

— ئانا بىردەمدىن كېيىن ئوغۇللىرىنى كۆرەلەيلا، مەن بىر سېستىرا ئەۋەتىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىرسىلە — دەپ ئانىغا تەسەللى بەردى.

ئانا گەپ قىلمىدى، ئانىنىڭ چىرايىدىن خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى. كەلگەن ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەددىنى رۇسلىدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئاقارغان چاچلىرى، قورۇلغان چىرايى، ئورۇق قوللىرى ئۇنىڭ مۇھىم ئەرباب ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ئادەم گېپىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن قولىنى خالتىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ھېلىقى ئىككىسى دوختۇرغا يېتىشۋالدى ۋە ھايال ئۆتمەيلا ئىشىكتىن چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ ئەينەك ئىشىك يېنىدا تۇردى. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ يەنە ئوپېراتسىيە قىلغان تۈنجى كۈنى پات - پات يېنىغا كېلىپ تەسەللى بەرگەن نۆۋەتچى سېستىرانى كۆردى.

ئانا ئالدىراپ كېلىپ سېستىراغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى ۋە ئىشىكنى يەنە بوش يېپىپ قويدى. مۇشۇ دەقىقىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئۈچ كۈن كۈتۈش ئانا ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. سېستىرا:

— كۈتكەن پەيتلىرى ئاخىرى يېتىپ كەلدى، مانا، — دېدى.

ئىككىيلەن ئۈزۈن كارىدورنى بويلاپ ماڭدى. كارىدورنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاق ئىشىكلەر بار ئىدى، ئىشىكلەرگە مېتال تۆمۈر چاپلانمىغان بولسا ئىشىك بارلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. سېستىرا بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئانا جىددىيلىشىپ يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتتى. سېستىرا:

— ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ كۆرسىلە، ئۇ ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ، ھاياجانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنى ئويغىتىش - ىشقا بولمايدۇ، — دېدى.

سېستىرا شۇنداق دېدى - دە، مۈرىسىنى لىككىلدىتىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ماسكا تاقىۋالغان، چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس غەم بۇلۇتلىرى ئەگىپ يۈرەتتى.

ئانا ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ ئۆزىنى ۋارقىرىۋېتىشتىن ئاران-ئاران تۇتۇۋالدى. كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ ئالدىدىكى ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ياغلىقىنى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتقاندىن كېيىن كۆز ئالدى روشەنلەشتى. ئوغلى ئاق ئۆي ئىچىدە قوللىرىنى ئىككى يېنىغا قويۇپ ياتاتتى، قولىدا ئاسما ئوكۇل بار ئىدى، كارىۋات يېنىدا چوڭ بىر ئاپپارات بىلەن كىچىك بىر ئاپپارات قويۇلغانىدى. ئانا كۆڭلىدە ئوغلىنىڭ ئىسمىنى نەچچە رەت چاقىردى، بۇ ئاۋازسىز نىدا ئوغلۇمنىڭ يۈرىكىگە تۇيغۇ ئاتا قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى. ئانىنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ خىيالىي مەنزىرە كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندەك بولدى: ئانىنىڭ ئوغلى تار كوچىدا ئويناۋاتاتتى، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى ساپلا ئىشىك ئىدى.

بىر ئىشىك ئېچىلدى، ئوغۇل شاققىدە بىر تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. ئەمما ئايغى ئاستىدا يەر يوق ئىدى... ئۇ ئۆزى تەنھا كوچىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، ئىككى تەرەپتە ساپلا كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ دەرۋازىلىرى بار ئىدى، تار كوچا ھاۋايى مۇئەللەقتە ئىدى. ئۇ كىچىك بىر تورنى ئېلىپ بىر كېپىنەكنى تۇتماقچى بولۇۋاتاتتى. ھەر قېتىم ئېتىلىپ بارغاندا كېپىنەك ئۇچۇپ كېتەتتى، ھەر قانچە قىلىپمۇ تۇتالمايتتى. كېپىنەك ھاۋايى - مۇئەللەقتە ئۇچاتتى، ئۇچاتتى. تار كوچىدىكى ئىشىك - دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ ئوچۇق ئىدى، ئۇ ئىشىك - دېرىزىلەر ئۇنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى... ئانا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ۋارقىراپ چاقىرغىلى تاسلا قالدى. ئوغلۇم ھايات ئىكەن دەپ ئويلىدى. ئېھتىمال، ئۇ يۈرەك ئانىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ شۇ تاپتا يېنىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىشى مۇمكىن. ئانا يېنىدا سېستىرانىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، سېستىرا ئۇنىڭغا، ئەمدى قايتىڭ دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئانا بۇ

يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىككىلەن گۇللۇكنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئانا ئىشىكتىن تېزراق چىقىپ تازا بىر قەپەس يىغلىۋېلىپ قەلبىدىكى ئازابنى چىقىرىۋالماقچى بولدى.

ئانا زالغا كىرگەندە مۇخبىر ھېلىقى ئورنىدا ئولتۇرۇپ سېستىرانىڭ كېسەل ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ياش بىر دوختۇر خانىم ئوپېراتسىيەخانىغا كىرىش ئۈچۈن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ مۇخبىرغا لاپپىدە قاراپ قويدى - دە، گۇللۇك تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە مۇخبىردىن:

— بۇ ياق بىمارنىڭ ئانىسى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

مۇخبىر دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دوختۇر خانىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ:

— ياق، ماشىنا ۋەقەسىدە قازا قىلىپ كەتكەن بالىنىڭ ئانىسى بولىدۇ، — دېدى.

# ھارغىنلىق . . .

## رەشىدە سالھىن (تۇنىس)

بالام كەتتى، شۇنىڭ بىلەن جىمى نەرسە تۈگىدى.

شۇنداق، ئۇ پەرىشتىلەردەك سىرلىق تەرىزدە كېتىپ قالدى.

ئۇ ئۇزاق ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۆلۈمنى تاللىۋالدى.

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى دوختۇر قورسىقىمدىن بالامنى ئۆلۈك پېتى ئالدى، شېرىن چۈشلىرىمنى بەربات قىلدى.

مەن بۇ ھەسرەتلەرگە چىداشقا كۆپ ئۇرۇنغان بولسامۇ، ئۇنىڭغا قۇربىم يەتمىدى.

مەن ئۇنىڭ جەسىتىنى دوختۇرخانىغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزۈم ئۆيگە تەنھا قايتىپ كەلدىم. مەن دوختۇرخانىدىكى كۈنلىرىمدە كارىۋاتتا مىدىرلىماي ئاسما ئوكۇل سالدۇرۇپ ياتتىم.

بۇ، ئۆمرۈمدە ئەڭ ئېغىر كۈن بولغاچقا، يۈرىكىم ئۆرتىلىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن چىشىمنى چىشلەپ چىدىدىم، مۇشۇ ئۇزاق مۇشكۇلاتلاردىن كېيىن بالامنى ئامان قىلغايسەن، خۇددى ماڭا چىدام ئاتا قىلغاندەك ئۇنىڭغىمۇ چىدام ئاتا قىلغايسەن، دەپ ئاللادىن تىلىدىم، ئەمما ئوغلۇم مېنى يۈرىكىمدە داغ قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

دوختۇرنىڭ چىرايى جۇڭگولۇقنىڭ چىرايىغا ئوخشايتتى، ماڭا پات - پات قاراپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ ئىپادىسىز چىرايىدىكى

مەنەلارنى بىلىشكە تىرىشتىم. دوختۇر مەندىن ئادەمنى بىزار قىلىدىغان گەپلەرنى سوراۋەردى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ھەيران قالدىم، ئۇ مېنىڭ سېزىك بولۇپ قالغانلىقىمغا ئازراقمۇ كۆڭۈل بۆلمىدى، سېزىك مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا بالا جەزمەن غەلىتە تۇغۇلۇپ قالىدۇ، دېدى. دوختۇر مېنى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە ئۈندىدى... دوختۇر كەتتى... مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم.

«غەلىتە تۇغۇلۇپ قالىدۇ! ۋۇجۇدۇمدىن تۆرەلگەن يۈرەك پارەم غەلىتە تۇغۇلۇپ قالارمۇ؟ مەن بۇ دەردلەرگە قانداق چىدايمەن؟»

ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭۈل ئېكرانىمدا پەرىشتە سۈپەت نامايان بولۇپ تۇرغان بالامنىڭ سىماسى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، بەتبەشىرە، قورقۇنۇچلۇق بىر سىياققا كىرىپ قالدى.

سىڭلىش مېنى قاتتىق ئازابلاپ، يۈرەك ـ باغرىمنى ئۆرتەپ تاشلىدى، ئۇزۇلمەس سوئاللاردىن كاللام قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش؟ بۇنىڭدىن باشقا چارە يوقمىدۇ؟ ئۈچ يىلغا سوزۇلغان ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىك ۋە سەۋىر ـ تاقەتتىن كېيىن بالامنى قانداقمۇ چۈشۈرۈۋېتىمەن، ئانىلىق مۇھەببىتىم بىلەن بالامدىن كۈتكەن ئارمانلىرىمنى دەپنە قىلىۋېتىپ، يۈرەك پارەمنى قەتلە قىلىشقا قانداق چىداپ تۇرالايمەن؟ ئەجەبا، بالامنى بېجىرىم تۇغۇشنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولماسمۇ؟

ماغدۇر يولۇم قالمىدى، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا سىقىلىپ ئۆلەيلا دەپ قالدىم. كەلگۈسىدىكى نامەلۇم تەقدىر ـ قىسمەتكە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇ چاغدا مەن بويۇمدا بارلىقىنى بىلىپ ئالەمچە خۇش بولغانىدىم. شۇ خۇشاللىقىمدا بۇرۇنقى بارلىق ئۈمىدسىزلىكلىرىمنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتىم، ئۆزۈمنى پەرىشتىلەردەك ساپ ۋە مۇقەددەس سېزەتتىم.

ئەمما، شۇ تاپتا مەن يەنە رىيازەت چەكتىم، يۈرەك باغرىم

ئۆرتەلدى، قاتتىق پىغان چەكتىم. قىسمەت بەتلىرىمگە خۇشاللىق پۈتۈلمىگەن ئىكەن. ئۆمىدسىزلىك ئالۋاستىسى ماڭا سايىدەكلا ئەگىشىۋالدى، پەقەت ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق بولغان دەملىرىمدىلا ئاندىن ئۇ كۆلەڭگىدىن ئازاد بولدۇم. قىسقىسى، مەن چىدىغۇسىز ئازابقا مۇپتىلا بولدۇم.

مەن ئىشقا كەلدىم، خىزمەتداشلىرىم كېلىپ ماڭا تەسەللى بەردى. بەزى ئىشداشلىرىمنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ھەسرەتلىك چۆمبىلىمدىن ئۆتۈپ قۇلىقىمغا يەتتى، مەن ئۇلارنىڭ زەھەرخەندىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم:

ــ سىز ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويمىسىڭىز بولاتتى...

ــ كەسپى ۋىجداننىڭ بىزگە نېمە پايدىسى؟ ئۇ روھىمىزنى ھاردۇرۇپ، بىزنى تاش قورااللار دەۋرىدىكى جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ــ سىز دەسلەپتىلا ئىشىڭىزنى توختىتىپ ئۆزۈن مۇددەت دەم ئالسىڭىز بولاتتى، نېمىدەپ ئىشقا كەلدىڭىز؟

ــ سىز دېگەن بىر بۈيۈك شائىرنىڭ ئايالى، ئەمما سىلەرنىڭ بىرەرمۇ ماشىناڭلار يوق ئىكەن، مەن ھېچ چۈشەنمىدىم.

مېنىڭ ئۇلارنى ۋارقىراپ تىللىغۇم كېلىپ كەتتى، ئەمما دۇنياغا بولغان ئۈمىدسىزلىكىم كۈچلۈك كەلدى.

ئايال ئىشداشلىرىم بويۇمدا بارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بىردىنلا خىزمىتىمنى نازارەت قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار ھەمىشە سىنىپقا كىرىپ كونسپېكلىرىم بىلەن خاتىرە دەپتەرلىرىمنى سەۋەبسىزلا ئاختۇرۇشاتتى. مۇدىرنى ماڭا ئۆچ قىلىش ئۈچۈن مۇدىرغا غەيۋەتىمنى قىلىشاتتى.

سېزىكلىك مېنى قاتتىق ئازابلىدى، كاللاممۇ گاراڭ ئىدى. ھەر كۈنى ئۆزۈن ئۈچىرەتتە تۇرۇپ ماشىنا ساقلىدىم. ماشىنىغا چىقىپ قاتتىق قىستالدىم. مەن ئۆزۈمنى ماشىنىدا ئەمەس،

مۇئەللەقتە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن تۇگىمەس ئۆي ئىشلىرى ۋە ئايىغى ئۈزۈلمەس پەتىچىلەر مېنى ساقلاپ تۇراتتى، توختىماي جىرىڭلاپ تۇرىدىغان تېلېفون ئاۋازىدىن ئۈخلىيالمايتتىم.

مەن ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم. دوختۇرغا كۆرۈنۈۋېدىم، دوختۇر يېتىپ ئارام ئېلىشىڭ، دېدى. ئەمما مۇدىرنىڭ يىلنىپ-يالۋۇرۇشلىرى بىلەن يەنە ئىشقا باردىم. مۇدىر تېلېفوندا مۇنداق دېدى:

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى مېنى يەپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئىمتىھان ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچى نېمىشقا يوقاپ كېتىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

مەن ئاپامغا تېلېفون بېرىپ ھەممە ئەھۋالنى دېدىم.

— ئەجەبا، ئوقۇتقۇچى ئاغرىپ قالامدىكەن؟ — دېدى ئاپام، — سەندە بويۇڭدىن ئاجراپ كېتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. سەن باشقىلارنى دەپ بالاڭنى قۇربان قىلىۋەتسەڭ بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بىر ئامال قىلسۇن! گېزى كەلگەندە ئادەم ئازراق شەخسىيەتچىلىك قىلمىسىمۇ بولمايدۇ. مەن قورسىقىڭدىكى بالاڭنىڭ نامى بىلەن شۇنى جاكارلايمەنكى، سېنىڭ ئۆيدىن ئايرىلىشىڭغا رۇخسەت يوق.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك بولدۇم، ھاۋا سوغۇق بىر ئەتىگىنى ئۆيدىن چىقىپ ئىشقا باردىم.

ئىككىنچى كۈنى ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلاۋاتاتتىم، مۇپەتتىش سەييارە تەكشۈرۈشكە كېپقالدى. ئۇ بىر سائەتتىن كېيىن قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە كىرىپ، يەنە چىقىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن مۇدىر ئۆڭسۈلى يوق كىرىپ كەلدى:

— مۇپەتتىش سىزنىڭ خىزمەتكە «ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتمىغان» لىقىڭىزدىن قاتتىق خاپا بولدى. مەن مۇپەتتىشنى

ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرەيلى، ئۇ ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرسۇن، دەپ قايىل قىلدىم. سىز مۇپەتتىشنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈڭ.

— ئۇ نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسۇن! مەن ھەرگىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بارمايمەن! ھەرقانداق ئەمەلدارنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىمەيمەن.

شۇنىڭ بىلەن مەن ھارغىن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئۆيگە كىرىپ تۇراتتىم، ئېرىم:

— بەك ياخشى بولدى! بۈگۈن بالدۇر قايتىپ كەپسىز، — دېدى.

— تەلىيىمگە تاكسىغا تېز لا چىقىۋالدىم.

— بۈگۈن ئاخشام بىر نەچچە مېھمان پەيتلەپ كەلمەكچى ئىدى، ئۇلارغا كەچلىك تاماق تەييارلاپ بەرسىڭىز.

— مېھمان؟ بۈگۈن ئاخشام دەمسىز؟! مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، باشقا بىر كۈنگە بولارمۇ؟

— ئۇلار ئەتە كەتمەكچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى بۈگۈن ئاخشامغا دەپ قويۇپتىكەنمەن!

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن بەك چارچاپ كەتتىم. بىر نەچچە سائەت ۋاقىتنى ئاشخانىدا ئالدىراش ئۆتكۈزۈشكە قانداق چىدىيالايمەن؟ ئۇلارنى خالىغان رېستوراندا مېھمان قىلىڭ.

— مەن ئۇلارنى ئۆيگە چىللاپ قويغان، ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن... كېرەك يوق، مەن سىزگە ياردەملىشەي.

— سىز ماڭا ياردەملىشەمسىز؟! سىز ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيدىغان ھەتتا چېچىلىپ ياتقان كىتابلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇشنىمۇ خالىمايدىغان تۇرسىڭىز، تېخى ماڭا ياردەملىشەمسىز؟

مەن كىيىم ئالماشتۇرۇپ ئاشخانىغا كىردىم، پۈتۈن بىر ئاخشامنى ئاشخانىدا ئۆتكۈزدۈم. كۆكتات، گۆش - ياغ بىلەن

ھەپىلىشىپ كەتتىم. دىمىقىمغا ئۇرۇلغان تائامنىڭ ھىدىدىن پات-پات تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ قەي قىلدىم.

مەن ئاشخانىدىكى قالايمىقان نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز لا قىز چاغلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم. مەن ھەر قېتىم ئاپامغا قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇشۇپ ياكى تاماق ئېتىشىپ بەرگىنىمدە ئاشخاننى قالايمىغان قىلىۋېتەتتىم، يىغىشتۇرۇشنى بىلمەيتتىم. مەن كۆپىنچە قىزلار ۋاقتىنى ئاشخانىدا سەرپ قىلىۋەتسە كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئاپام ياردەملىشىپ بېرىشنى ئېيتسا، مۇئەللىم تاپشۇرۇق بەرگەنىدى، دەپ، ھۇجرامغا كىرىۋالاتتىم، ئاپامنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى:

— كەلگۈسىدە ئېرىڭ سېنى بىر ئايغىمۇ قالماي تالاق قىلىۋېتىدۇ، ئۇ ئېتىتقۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان چوكان بىلەن ئۆي تۇتۇشقا رازىكى، سەن بىلەن ئۆي تۇتۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ.

ئېرىم مېھمانلارنى قىزغىن كۈتتى، ئەمما مېنىڭ مېھمانلارغا ئازراقمۇ رايىم قالمىدى. مەن پۈتۈن بىر كېچە مېھمانخانا بىلەن ئاشخانا ئارىسىدا چېپىپ يۈردۈم. بەللىرىم ئاغرىپ كەتسىمۇ چىشىمنى چىشلەپ چىداپ تۇردۇم. ئۆيقۇ ئوقلىرى ۋۇجۇدۇمغا ئېتىلىشقا باشلىدى، ئەمما ئەل - ئايغى بېسىققىچە چىداشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئەتىسى مەن ئاپامنىڭ ئۆيىگە كەتتىم، مەندىن كۆپ خۇن كېلىپ كەتتى...

ئەھۋالىم ناھايىتى چاتاق بولغاچقا دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. دوختۇرخانىدا ئىچىمدىن ئۆلۈك بىر بوۋاق چۈشتى.

# سوئال

## فاتىمە رەشىد (بەھرەيىن)

*فاتىمە رەشىد بەھرەيىنلىك ئايال يازغۇچى، «دېڭىز قولتۇقى خەۋەرلىرى» «دېڭىز قولتۇقى گېزىتى» لىرىدە ئىشلىگەن، يازغۇچى ھەسەن ئابدۇللانىڭ رەپىقىسى. ئۇ 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، «كۆلەڭگە بىلەن شادلىق خىياللىرى» «يېشىل رەڭ قانداق قىلىپ تاشقا ئايلىنىپ قالدى» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى، «قاتمۇ ـ قات قورشاۋ» «غەلىتە ئەرەب چەۋەندازىنىڭ ئۆزگىرىشى» ناملىق رومانلىرى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان بولۇپ، ئىنگلىز، فرانسۇز، ئىسپان قاتارلىق كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.*

سەن شۇ تاپتا يەنە ئاشۇ كۇنىي ئەسلەۋاتاتتىڭ. چاچلىرى يۇز ـ كۆزلىرىگە سالۋاراپ چۇشكەن بىر توپ كۆلەڭگە كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنايتتى. ئاناڭ ئىشىك ئارقىسىغا مۇكۇنۇۋېلىپ پات ـ پات بېشىنى چىقىرىپ قاراپ قوياتتى، پۇتۇن ۋۇجۇدى لاغىلداپ تىترەيتتى ۋە سەندىن بىر نەچچە ياش چوڭ ھەدەڭنىڭ ئىسمىنى ئاستا چاقىراتتى. كېچە تولىمۇ قاراڭغۇ ئىدى، ھەدەڭ ئەمدىلا شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى. يىرىك قوللار ھەدەڭنى ئۇخلاۋاتقان جايىدىن كۆتۈرۈپ ئالغانىدى. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق قورقۇپ باقمىغانىدى، ۋەھىمە ۋە قورقۇنچتىن ۋارقىراپ تاشلىدى. كېيىن قاتتىق غىدىقلاشلار تۇپەيلىدىن ئاشۇ قوپال، چوڭ قوللاردا ھوشىدىن كەتتى. سەن ئۇ چاغدا ئۇ ئىشنىڭ يا چۇشۇڭ، يا

ئوڭۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ، سەن ئۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن يىراقتەك، ئاراڭلارنى ئورمان ـ چاتقاللار ئايرىپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىڭ، بىر نەچچە ئادەم ئورمانلىق ئارىسىدا ئۇياق ـ بۇياقلارغا چېپىپ يۈرەتتى. ئۆينىڭ ئىشىكى ھەم ئېتىلگەنىدى. ئۆي ئىچىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتاتتى، ئۇ ئاتاڭنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى، بوغۇلۇپ چىققان ئۇ ئاۋازغا يەنە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى سىڭىپ كەتكەنىدى:

ـــ ئېيتە، ئۇ زادى كىم؟

ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغانىدى... يەنە بىر سوئال جىمجىتلىقنى بۇزدى... سېنىڭ ئاڭلاشقا ھېچ تاقىتىڭ قالماي، ھەدەڭنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆزۈڭ تۆت بولۇپ كەتتى.

كېيىن ئۇ تىترەپ تۇرۇپ بىرسىنىڭ ئىسمىنى دېدى، سەن بۇ ئىسمىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران قالدىڭ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كەتتىڭ.

ئۇ دەرمانسىز ھالدا چۈشەندۈردى:

ـــ مەن ئۇنىڭ بىلەن ھېچ ئىش قىلمىدىم، پەقەت ئوينىشىپ قويدۇم شۇ.

ـــ ئەمما ئۇ دېگەن ئوغۇل بالا، سەن دېگەن قىز بالا تۇرساڭ!

ئۇ يامغۇرلۇق بىر كېچە ئىدى، كىشىلەر ساماۋەرنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىدى.

ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سوراشقا ھېچكىم پېتىنالمىدى بىر ئازدىن كېيىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان مەزلۇملارنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭ، كېيىن ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سۆزلەشكەنلىكى ئاڭلاندى:

ـــ ئۇ تېخى كىچىك ئىدى. . . ئۇنى ھېلىقى ئەر ئازدۇرۇپ كەتتى! . .

— نام - ئاتاق. . . ئىلىمنىڭ بەختسىزلىكى. . .

سەن ئۇ گەپلەرنى تامامەن چۈشەنگەنىدىڭ، ئۇ غايىب بولغانىدى، مەڭگۈلۈككە غايىب بولغانىدى.

سەن ئاياللارنىڭ يۇيۇنغانلىقىنى، بەدەنلىرىنىڭ ھەر خىل، بەزىلەرنىڭ زىلۋا، بەزىلەرنىڭ قاۋۇل بولىدىغانلىقىنى ئوغرىلىقچە كۆردۈڭ، پارقىراپ تۇرغان يالىڭاچ بەدەنلەر پاردا نامايان بولغانىدى. سەن گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتىڭ، سەن ھېچنېمىگە قارىماي ھەدەڭنى تېپىش ئۈچۈن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتەتتىڭ، ئەمما ئۇنى تاپالمايتتىڭ، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ئاياللار توغرىسىدا پەس ئاۋاز بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتىڭ، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئۇ گەپلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەتتىڭ، ئەمما يۇزلىرىنى چىرايلىرىنى تارام - تارام قورۇق قاپلاپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھەدەڭنى ئازدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆڭلۈڭدىن ھەرگىز چىقىرىۋېتەلمەيتتىڭ.

سەن ئاياللارنىڭ ھور ئىچىدە ھېچنېمىدىن ئىزا تارتماي قىپيالىڭاچ تۇرغانلىقىنى، ھاۋايى ھەۋەس تۈپەيلى بەللىرىنى تەشنالىق بىلەن تولغاشقانلىرىنى كۆردۈڭ. مۇبادا سەن قايسى بىر ئائىلىگە كىرىدىغان بولساڭ، ئۇ ئۆيىنىڭ ئايال ئىگىسى سېنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىگە ئاشنا قىلىۋالىدىغانلىقىنى، قېچىپ چىقىشىڭمۇ تەس ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭ.

سەن قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئىچكىرىكى چوڭ ھويلىلىرىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەرلەر ئاياللارنىڭ يۇمران مەڭزىلىرىنى يالاۋاتقان دەملەردە ئاياللارنىڭ راھەتتىن يايراپ ئىڭرايدىغانلىقىنى، بۇنداق ئىڭراشلارنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتىڭ.

سەن يەنە ئىختىيارسىز ھالدا ھەدەڭنى ئويلاپ قالاتتىڭ ھەم ئىزتىراپتىن ئەسەبىيلەرچە كۈلۈپ تاشلايتتىڭ ھەتتا ئۇلارنىڭ

يوتىلىرى ئارىسىغا كىرىپ ئويناشنى، ئۇ يەردىكى قان تومۇرلارنى ئۈزۈپ تاشلاشنىمۇ ئويلايتتىڭ.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن ھەدەڭنى تون كېچىدە ئېلىپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سەن ئۇنىڭ بىلەن ئورمانلىقتا ئويننىمايسەن؟ ئۇلارنىڭ زوق ـ شوخ بىلەن ئېيتقان قىزىقارلىق ھېكايىلىرىنى ئاڭلىمايسەن؟

ھېلمۇ ئېسىمدە، سەن ياشلىق باھارىنىڭ جىلۋىلىك دەۋرلىرىگە قەدەم قويغاندا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھايات قۇشى ئۇ دۇنياغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى. سەن تالاي قېتىم ئۆزۈڭ تەنھا ئۇلار بىلەن ئۆيدە بىللە بولۇپ، قىزغىن كەيپىياتتا بىرگە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىڭ، ئەمما ئويۇننىڭ لەززىتىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيتتىڭ. ئەر ئىشتىنىنى سېلىپ ئايالنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئايال ھارغاندەك، تەشۋىشلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ ـ يۇ، يەنە رايىشلارچە ئەرگە ئەل بولىدۇ، تاكى شادلىقتىن ئەرنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتكەنگە قەدەر شۇنداق قىلىدۇ. سەن بۇنىڭ ئەسلىدە بىر خىل ئىنسان تەبىئىتى ئىكەنلىكىنى، ئايالنىڭ ئۆز ئەرلىرى ئالدىدا يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدىڭ. ئۇلار تېخى مېنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىمنى بىلمەيتتى. ئاھ، ئاشۇ كىچىك قىز بالا، ئەجەبا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈنلا مەڭگۇ غايىب بولۇپ كېتەرمۇ؟

مۇبادا پەزىلەتلىك ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى سىلاشلىرىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمىسە، مۇھەببەتلىك ئويۇنلارنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇ زادى قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋالغاندۇ؟ بىر قانچە يىلدىن كېيىن كىشىلەر ساڭا كېسەللىك تارقالغان ئاشۇ كېچىدىكى يامغۇر ئۇنىڭ ھايات شامىنى ئۆچۈرۈۋاتقانلىقىنى دەيدۇ.

ئۇ ئاشۇ قاراڭغۇ يامغۇرلۇق كېچىدە كۆزدىن غايىپ بولغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ روھى قەيەردىن ماكان تۇتقاندۇ؟ ئۇنىڭ

ئۇستىخانلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ بولغانمىدۇ؟ قەلبىدىكى جاراھەتلەر ساقايغانمىدۇ؟ كىشىلەر دائىم: باھار ئاخشاملىرى چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئاللانىڭ تەختىراۋانلىرىدا ئولتۇرۇپ سەيلە قىلىدىكەن... پەرىشتە - مالائىكىلار زېمىندىكى قىز باللارنىڭ تۇپراققا ئايلانغان جەسەتلىرىنى بەس - بەس بىلەن تالىشىپ يەيدىكەن، دېيىشىدۇ... ئۇ قىزمۇ جەزمەن شادلىققا تولغان، دەردسىز باشقا بىر دۇنيادا پەرىشتە - مالائىكىلەر، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن بىرگە ئويناۋاتقاندۇ.

ئۇلار يەنە ئادەم بۇ دۇنيادا راھەت كۆرمىسە ئۇ دۇنيادا راھەت كۆرىدۇ، دېيىشىدۇ.

ئەمما سەن ئۇزۇنغىچە دېلىغۇل بولۇپ يۈردۇڭ، ئۇ ھېچبىر تاللاش تاپالماي ۋەيران بولدى، ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى، دەپ سوراپ قويىدىغان بىرمۇ ئىنسان چىقمىدى. ئۇ پەقەت ھەر كۈنى كىشىلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان، ھەممە ئادەم قىلىدىغان ئىشنىلا قىلغانىدى.

## تافۇل ۋە نەسەب شەمشىرى

### سۇئاد ئىبراھىم (ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى)

مېنى ماغدۇرسىزلىق ۋەيران قىلىۋاتقان، ئاچچىق تولغاق ئازابلاۋاتقان دەملەردە مەن بالىلارنىڭ دوستانە نەزىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ نەزەر سېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. مەن ئاسمان قەھرىگە تىكىلىپ قارىدىم. لەۋلىرىمدە سۇس تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، كۆڭلۇم سەل جىددىيلەشتى. . . ئۆزۈمنى خەتەردىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلدىم.

مەن يەڭگىش ئالدىدا تۇراتتىم، زەخمە ئېغىرىقى كېرىلىۋاتاتتى، كېرىلگەنسېرى چوڭايماقتا ئىدى، زەخمە ئېغىرىقىنىڭ ئىچكىرىسىدىن يېڭى بىر ھاياتلىق بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ مېنى بەك ئۇزۇن ساقلىتىۋەتتى، بۇ تۇغۇت ماڭا سۇنماس ئىرادە ئاتا قىلدى.

كۆز ئالدىمدىكى جىمى نەرسە ئۆزگىرىۋاتاتتى، ھەممە نەرسە ئۆزگىچە سىياقتا كۆرۈنمەكتە ئىدى. مەن بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قارىماقتا ئىدىم، ئەمما تەپسىلىي پەرقلەندۈرۈشكە ئۇلگۈرەلمەيتتىم. زەخمە ئېغىرىقى بارغانسېرى كېرىلىۋاتاتتى، مەن تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتىم.

مەن خىيال - ئەسلىمە دېگەنلەرگە ئانچە خۇشتار بولمىساممۇ، يەنىلا ئۆتكەن كۈنلەرنى، بالىلىق چاغلىرىمنى كۆڭۈل ئەينىكىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۆتكەن ئىشلار كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ خىيالەن ئۆتۈشكە باشلىدى.

مەن ئۇنى ئون ئىككى يېشىمدا تۇنجى ئۇچراتقانىدىم،

كىشىلەر ماڭا ئۇ سېنىڭ نەۋرە ئاكاڭ زاھىر بولىدۇ، دېگەندە پۈتۈن بەدىنىم ئىختىيارسىز تىترەپ كەتكەندى. مەن يېزىمىزدا «نەۋرە ئاكا» دېگەننىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. خىجىللىق ئوقلىرى يۈرىكىمنى يارا قىلدى، قورقۇنچ نەشتەرلىرى ۋۇجۇدۇمغا سانجىلدى. ئەمما ئۇ تولىمۇ مۇلايىم بولغاچقا، تەشۋىش - قورقۇنچلىرىم ناھايىتى تېزلا غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرىمىز ئېھتىياتچان مۇئەللىم، يەنە بىرىمىز خىجىلچان ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىن چەكسىز بەخت ھېس قىلغانىدىم، ئۇ مېنىڭ تۇگىمەس چۈشلىرىمگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ۋاقىت گويا ئاتقان ئوقتەك تېز ئۆتۈپ كەتتى، زاھىر ئىنزچىل تۇردە مېنىڭ ساۋادىمنى چىقاردى. بىر كۈنى دادام ئالدىمغا كېلىپ: «تافۇل، سەنچە زاھىر قانداقراق بالا؟» دېگەندە مەن ئاندىن قىزلىق سەزگۈرلىكىم بىلەن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم ۋە خىجىللىقتىن بېشىم چۈشۈپ كەتتى. دادامۇ كۆڭلۈمنى چۈشەندى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن مېنىڭ ياتلىق بولىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالدى، پۈتۈن كەنت يېڭى تۇسكە كىردى، بالىلار خۇشاللىقتىن تەنتەنە قىلىشتى، توي ۋاقتىمۇ يېتىپ كېلەي، دەپ قالدى.

كەنتتىكى ئايالالارنىڭ گېپى بويىچە مەن شۇ كۈنى ئاخشىمى پەرىلەردەك ياسانغانىدىم ھەتتا خۇدامۇ مېنىڭ بەختىمدىن خۇشال بولۇپ زېمىنغا سىم - سىم يامغۇر ياغدۇرغانىدى، ۋۇجۇدۇمغا ئۇرۇلغان يامغۇر تامچىلىرى قەلبىمدىكى غەم داغلىرىنى يۇيۇپ، كۆڭلۈمنى ئالەمچە يايرىتىۋەتتى. مەن ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى ھۆر - پەرىلەردەك ئاسمان قەھرىدىكى يامغۇر قوينىغا سىڭىپ كېتىپ، قاراڭغۇ كېچىگە ئوخشاش قۇندۇز چاچلىرىمنى دېڭىز قولتۇقىنىڭ قىرغاقلىرىغا يايدىم ۋە يېشىل بىر چۈش توقۇدۇم. مەن چۈش قوينىدا سەيلە قىلماقتا ئىدىم. مېنى كېچە

جىمجىتلىقى ئوراپ تۇراتتى، كېچە مېنىڭ زاھىرىم، مېنىڭ مەڭگۈلۈك چۈشۈم ئىدى. توساتتىن ئۇ ماڭا:

— تافۇل، مەن سىزنىڭ توي تەييارلىقىڭىزغا ياردەملىشەتتىم، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

مەن ھەيران بولساممۇ، ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللىغان تەرىزدە كۆزلىرىمنى چىمىلداتتىم. ئۇ يەنە:

— مۇبادا مەن بىرەر بەختسىزلىككە ئۇچراپ قالسام سىز قانداق ياشارسىز؟ — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن يۇرىكىمگە نەشتەر سانجىلغاندەك قاتتىق بىئارام بولدۇم. ئۇ مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ تېخىمۇ سۆزلەشكە باشلىدى، كېيىن مەن ئۆزۈمنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپ ئۇنىڭ ئورنىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتىم. كۈن چۈشمۇ بولدى، ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. بىر كېچە ئۆتتى، يەنە بىر كېچىمۇ ئۆتتى، ئەمما زاھىردىن ھېچبىر دېرەك بولمىدى. قاتتىق نالەش، ئىزتىراپ مېنى چوڭقۇر ئۈمىدسىزلىك ھاڭلىرىغا تاشلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن توي لەززىتىنى تېتىمىغان كېلىنگە، كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكىنى كوچىلاشقا ئاران تۇرىدىغان جەمئىيەتتىكى ئۆزىنى ئاقلىيالمايدىغان بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدىم. «ھەي، كېچە قاچقۇنى، سەن كۈندۈزدىكى قۇياش نۇرىدىن قورقتۇڭ. سېنىڭ دېگىلى بولمايدىغان نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟».

— بۇ دۇنيانىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، — دېگەنىدى ئۇ.

شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى ئەپۇ قىلدىم، ئۇنىڭ شۇ گېپى بىلەن ئۆزۈمگە ئىلھام بېرىپ ئۆز يولۇمغا مېڭىۋەردىم. ھېچقانداق ئاۋارىگەرچىلىككە ئۇچرىمىدىم، كىشىلەرمۇ زاھىرنى ئاستا-ئاستا كۆڭۈل بەتلىرىدىن ئۆچۈرۈپ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولدى. بىر كۈنلەردە ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى.

ئۇ چاغدا مەن سىنىپتا بالىلارغا دەرس ئۆتۈۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز قورسىقىمدا يېڭى بىر ھاياتلىق مىدىرلىغاندەك، ئىچىمدىن يۇگۇرۇپ چىقماقچى بولغاندەك بولدى. مەن لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم، چىشلىرىمنى چىشلەپ تۇردۇم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئادەم يوق يەرگە قاراپ يۇگۇردۇم، يۇگۇردۇم، توختىماي يۇگۇردۇم، تۇماقتەك كىچىككىنە بۇ كەنت يەر شارىدىنمۇ چوڭدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن قاتمۇ - قات ئىشىكلەرنى ئارقامدا قالدۇرۇپ، ئاخىرى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن يۇگۇرۇپ چىقتىم. نىداسىز يىغامغا ھەسرەت بىلەن شادلىق ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆتمۈش بىلەن خوشلىشىۋاتقان كۆڭلۈم قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى، مەن بىر ھازاغىچە تىكىرقاپ تۇرۇپ كەتتىم. بىر چاغدا ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ تۇرغان چېغىمدا ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغانلىقىمنى بىلدىم. مەندە شۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولغان تۈنجى دەقىقىدىن باشلاپ خۇددى باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك ئۆزۈمنى تولىمۇ ھارغىن، ماغدۇرسىز ھېس قىلدىم. ئاتا - ئانام دەسلەپتە مەندىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلمىدى. ئەمما ئۇلار قورسىقىمنىڭ كۈنسايىن يوغىناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مېنىڭ قانداق پىشكەل تەقدىرگە يۇزلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلىشتى، ماڭا كىر - يۇندىلارنى چاچتى، زەھەرلىك نەشتەرلىرىنى سانجىشتى. . .

بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋۇجۇدۇمنى جاراھەتلەندۇرمەكتە ئىدى. . . كەنتتىكى قېرىنداشلار، ئەزەلدىن پىكىر بىرلىكى بولمىغان كىشىلەر تۈنجى قېتىم بىرلىشىپ ماڭا قارشى چىقتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مەن ئۇلارنىڭ نام - شۆھرىتىنى نابۇت قىلىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈۋەتكەنىدىم.

بەدنام، كەمسىتىش، تىل - ئاھانەت ئوقلىرى تۈشمۇ - تۈشتىن ماڭا ئېتىلدى. كەنتتىكى ئاقساقاللار، مېنى دەپ

كىچىلىرى كىر پىك قاقمايدىغان ئادەملەر چارە ـ ئامالالار بىلەن مېنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن قىزلىق دەۋرىم بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا يۈز بەردى. مەن زاھىرنىڭ زىلال بۇلاقتەك بالقىپ تۇرغان، مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى، كۆكۈل گۈلشەنلىرىدە رەڭدار گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇپ، مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانلىقىنى قەلب ئەينىكىمدىن ئۆتكۈزدۇم ۋە شۇنداقلا مېنى زورلاپ، قىستاۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ھېس قىلدىم. مېنى زورلاپ قىستاۋاتقان ئۇ نەرسە ئەسلىدە نەسەبىمىزنىڭ بوينۇمغا ئېسىپ قويغان شەمشىرى ئىكەن. مېنى كېچە ئىسكەنجىسىگە ئالماقتا، ئىزتىراپ قىينىماقتا ئىدى، مەن جېنىمنىڭ بارىچە ھىمات ئىزدىدىم. . . پۈتۈن كەنتتە ئوتقاش يېقىلدى، ئەتە ئەتىگەندە ماڭا ھۆججۇم قىلىناتتى. مەن ئىشلەيدىغان مەكتەپنى ئاستا ـ ئاستا تۈن پەردىسى قاپلىدى، مەن سىنىپتا قۇت ئىلاھىنى ئىزدىدىم. مەن لەزىز خىياللارنىڭ ئەللەيلەشلىرى بىلەن ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق بولدۇم.

مەن قۇياشنىڭ يەنە بىر ئەركە نەۋرىسىنى ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى كۆردۇم، ئۇ ئادەم ئانىدىن تۇغما ھالەتتە تۇراتتى.

— نېمىشقا ئۇنى ئۇرىۋالمايسەن؟ — دەپ سورىدى بىرى قۇياشتىن.

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، مەن جىمى كىشىلەرگە ئۇنىڭ سىياقىنى كۆرسەتمەكچىمەن، — دېدى قۇياش جاۋابەن.

— نېمىشقا يىغلىمايسەن؟ — دەپ سورىدى يەنە بىرەيلەن.

— مېنىڭ كۆز ياشلىرىم زىرائەتلەرنى قۇرۇتۇپ، جانلىقلارنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ، — دېدى قۇياش.

— قۇياش دېگەن ئالدامچى نەرسە ئىكەن! — دېدى بىر موماي ئاغزىنى ئۇمچەيتكىنىچە زەھەرخەندىلىك بىلەن.

قۇياش يىغلىمايتتى، مۇبادا يىغلاپ قالسا جاھاننى بىر ئالاتتى، ئۇ رەھىمسىز، تاش يۈرەك ئىدى.

— مېنىڭ نەۋرەم قۇربان بولدى، ئۇ قەتلە قىلىندى، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— ئۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن قازا قىلدى، — دەپ ۋارقىراشتى مەيداندىكىلەر.

— ياق، قۇربان بولدى.

— ئۆلۈپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا بىر ئادەم تېز يۈگۈرۈپ كەلدى - دە:

— ئۇنىڭ قانداق ئۆلۈشى بىلەن نېمە كارىڭلار، ئەمدى ئۇ بىر جەسەتكە ئايلاندى، مەن ئۇنىڭ يەرلىكىنى - ى كولاپ قويدۇم، — دېدى.

قۇياشنىڭ نەۋرىسى دەپنە قىلىندى، مېنىڭ قەبرەم ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. قۇياشنىڭ كۆز ياشلىرى تاشقا ئايلاندى. ئانامنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن قۇياشنىڭ كۆز ياشلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

مەن بىردىنلا تەبىئەت بىلەن ئۆزۈمنىڭ ھايات - ماماتتا بىردەك ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم - دە، ئىختىيارسىز ھالدا قەلب قەسرىمنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن، ماڭا نىجاتلىق بېرىڭلار، دېگەن نالەشلەر پارتلاپ چىقتى. مەن كۆزلىرىمنى ئاچقان دەملىرىمدە سەبىيلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان ئۇن نەچچە جۈپ كۆزنىڭ ماڭا دوستانە تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ماڭا ئوغۇل باللار قاراۋاتاتتى، قىز باللارمۇ نەزەر سېلىشىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ قەلب ئېتىزلىرىغا سۆيگۈ ئۇرۇقلىرىنى چاچقانىدىم. شۇ ئەسنادا، مەن نەسەبىمنىڭ ئۆتكۈر شەمشىرىدىن قورقمايدىغان، ھىمايىچىلارغا موھتاج بولمايدىغان جاسارەتكە ئىگە بولدۇم، ئەتراپىمدىكى جىمى نەرسىلەر تولىمۇ روشەن ۋە چۈشىنىشلىك ئىدى، تۇغۇتتىن ئىلگىرىكى تولغاق ماڭا يەنە بىر مەرتەم ھۇجۇم قىلدى، مەن ۋۇجۇدۇمدىكى پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىم بىلەن يېڭى بىر ھاياتلىقنى ئاپىرىدە قىلىشىمنىڭ كېرەكلىكىنى بىلىپ يەتتىم.

# ئۆتكەن كۈنلەر

## سۇئاد ئىبراھىم (ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى)

مەن ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇراتتىم، ئون - ئونبەش بالا تۇغ- ئەلەملەرنى كۆتۈرگىنىچە شۇئار توۋلاپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن قىزىقسىنىپ، ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىماقچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنى چاقىرىپ توختىتىپ:

— نامايىش قىلىۋاتامسىلەر؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق، ئۆلۈم ئۈزىتىۋاتىمىز، قاراڭلار بۇ ساراڭغا، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار بىر ئېغىزدىن.

بۇنداق قوپال جاۋاب نېرۋامغا بازغان بىلەن ئۇرغاندەك قاتتىق تەسىر قىلدى، ناھايىتى ھەيران بولدۇم، ئەمما ئۈندىمەي جىم تۇردۇم ۋە ئورنۇمدىن تۇرۇپ يولۇمغا يۈرۈپ كەتتىم. ئەمما، غەزەپلەنگەن باللار ئۆلۈمنى ئۇزىتاماي ئارقامدىن كېلىۋاتاتتى. مەن بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار تېخى ماڭا دىققەت بىلەن قاراۋاتاتتى. قەلب ئالىمىمنى جىددىيلىك تۇمانلىرى قاپلىدى، بەدىنىمدىن پۇرقىراپ تەر چىقىپ كەتتى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تىرىشتىم، ئۇلارنىڭ نېمە ۋەجىدىن غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلىشنى ئىستىدىم. سىلەرگە نېمە بولدى، دەپ سورىۋىدىم، ئۇلار بىر ئېغىزدىن:

— سەن قاتىل! — دېيىشتى.

بۇ گەپ ماڭا يەنە بىر زەربە بولدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ

زەربىدىن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدىم.

— سۆيۈملۈك بالىلىرىم، مەن قانداقسىگە قاتىل بولۇپ قالىمەن؟ مەن ھېچكىمنى ئۆلتۈرمىدىم، — دېدىم.

— ياق، بىز سېنىڭ سۆيۈملۈك بالىلىرىڭ ئەمەس. بىز گول بولىدىغان ئۇششاق بالىلارمۇ ئەمەس، — دېدى بىر بالا جاۋابەن.

مەن دىلغۇل بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئۇلار دېگەن كىچىك بالا، نېمە دەپ ئۇلار بىلەن تەڭ بولىمەن، دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم ۋە چاقچاق ئارىلاش:

— سىلەر تېخى ماڭا كىلىمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقىنى دېمىدىڭلارغۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ۋاقىت، سەن ۋاقىتنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ، — دېدى ئۇلار ئۈنلۈك ئاۋازدا.

بۇ ئۇچىنچى قېتىملىق زەربە ئىدى. ۋاقىت؟ نېمە ئىش بۇ ئۆزى؟ بۇنىڭغا زادى ئەقلىم يەتمىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆلۈشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى! كىممۇ ۋاقىتنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ؟ ئۇلار ماڭا ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەي قەھرلىك، كەمسىتىش نەزەرى بىلەن تىكىلىشتى، ۋۇجۇدۇمغا خاتىرجەمسىزلىك ئوقلىرى تەگكەندەك بولدى. ئەمما ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ: «بۇ دېگەن گۆدەك بالىلارنىڭ ئويۇنغۇ، پەرىشتەدەك پاك بالىلار مۇشۇنداق سەبىي كېلىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەرمەكچى بولدۇم. ئۇلار رازى بولغۇدەك ئۇسۇل بىلەن گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ ئويۇنىغا قاتنىشىشنى نىيەت قىلدىم. بۇ تامامەن بالىلارنىڭ ئويۇنى ئىدى.

مەن شۇنداق قىلسامدۇ، ئەمما كۆڭلۈمدە بۇ گۇناھنى قانداق يۇيسام بولار، دەپ ئويلىدىم. مەن بۇ خىيالنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىلمىدىم، بۇ بالىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مېنى گۇناھكار دەپ تۇتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ، يالغاندىن گۇناھ

ئۆتكۈزدۈم دېيىشكە مەجبۇر قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم. مەن بۇ ئويۇنغا ئويناشقاندەك قاتناشقان بولسامۇ، مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىشكە باشلىدىم. گۇناھىمنى يۇيىدىغان تۇنجى چارە بىر پارچە مەرسىيە يېزىش بولدى. مەن شائىر بولمىسامۇ، مەرسىيە يېزىش ئانچە تەسكە توختىمىدى، ناھايىتى بىردەم يىغلاپ قويساملا بولاتتى شۇ. شۇنداق قىلسام باللار خۇش بولاتتى، ئۆزۈممۇ ئۆلاردىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم. مەن راستتىنلا بىر پارچە مەرسىيە يېزىپ، ۋاقىتنى ئۆلتۈرۈۋەتتىمىڭ، دەپ ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن ھازا ئاچتىم. مەن مەرسىيەنى ئوقۇدۇم، دەرد ـ ھەسرەتلىرىمنى جېنىمنىڭ بارىچە ئىزھار قىلماق بولۇپ، ئاللا ـ توۋا سېلىپ يىغلىدىم. ئاخىردا يالغان ئويۇننى راست ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تاس قالدىم. ئاقىۋەتتە باللار مەندىن قاتتىق بىزار بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلاردىن بىرى:

— سەن، مۇشۇنداق يىغلىسام بۇ باللار رازى بولىدۇ، دەمسەن؟ سەن ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كېلەلەمسەن؟ سەن ئوبدان ئويلىنىپ تېزىن گۇناھىڭنى يۇي، بولمىسا... — دېدى.

بۇ قېتىم ئۇ قوپال بالا ماڭا بىر تەستەك سوۋغا قىلدى. ئۇنى جاۋابسىز قالدۇردۇم ـ دە، بۇرۇلۇپ ئۆيگە قايتىپ كەتتىم ۋە ئەمدى ئۆيدىن چىقماي دېگەن نىيەتكە كەلدىم. ۋۇجۇدۇمغا خورلۇق نەشتىرى، ناھەقلىق گۈرزىسى تەگكەندەك بولدى، جاھاندا ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان بۇنداق تۇيغۇ بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. قاتتىق بىئارام بولدۇم، بۇ دۇنيا پەقەت ئالىقاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتىم. قېچىپ كېتىش، رېئاللىقتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر قورۇق خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مەن بىر پىلە غۇزىسى بولۇپ قالغان بولسام، ئادەم ئايىغى يەتمىگەن بىر دۇنيادا ئۈچۈپ يۈرسەم، مۇئەللەقتە پەرۋاز

قىلسام، بۇنداق رېئاللىقتىن تامامەن ئايرىلسام، دەپ خىيال قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۆزۈم يارىتقان خىيالىي دۇنيارىمدا سەيلە قىلدىم، گويا يەر شارىدىن ئايرىلىپ ئاسمان بوشلۇقىغا چىقىپ قالغاندەك بولدۇم. شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا قورقۇنچتىن قۇتۇلالمىدىم، بايا تەسەۋۋۇر قىلغان بەختسىزلىك، ئۆزۈم تېپىۋالغان ئازاب ــ ئوقۇبەتلەر ماڭا خۇددى رېئاللىقتەك تۇيۇلدى، مەن ئۆزۈمنى ئەنە شۇنداق رېئاللىق ئىچىگە قويغاندەك بولدۇم. تۈرلۈك قارا قىسمەتلەر بىلەن ئازابلىق خىياللار مېنى ئەسىر قىلىۋالدى، نېرۋىلىرىمنى گويا تۆگمەن تېشىدەك بېسىۋالدى، مەن يىراق ــ يېقىندىكى كىشىلەرنى ئاگلىسۇن، دەپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «مەن ئارام ئالىمەن» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدۇم ــ يۇ، ئەمما ئاۋازىم بوغۇلۇپ قالدى، ھەر قانچە قىلىپمۇ ۋارقىيالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۈمىد شامىم تامامەن ئۆچتى. ئازاب بىلەن پەرىشانلىق كۆلەڭگىلىرى خىيال ئالىمىمنى قاپلىۋالدى. جىمى مەنزىرىلەر رەڭلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەچكە تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەندى. شۇنىڭ بىلەن مەن زور يوقىتىشقا ئۇچرىغاندەك، ئەركىنلىكىمدىن تامامەن مەھرۇم قالغاندەك بولدۇم.

مەن خامۇش ئۈيقۇ ئىلكىدە ياتقان دەملەردە كوچىدىكى خورازلار چىللىدى، خورازلارنىڭ ئادىتىگە ئادەملەرمۇ كۆنۈپ قالغانىدى. ئېھتىمال، بۇ كىچىك چاغلىرىمدا قىزىقىشىمنى قوزغىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما شۇ تاپتا بۇنىڭ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ھېچبىر يېرى يوق ئىدى. ئۇخلاي دەپمۇ ئۇخلىيالمىدىم، ئويغىناي دەپمۇ ئويغىنالمىدىم، خامۇش ھالەتتە ياتتىم، ھەمىشە يېرىم كېچىلەردىن كېيىن شۇنداق بولاتتىم. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى سۈر ــ توقاي قىلىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا باراتتىم، تۈرلۈك ــ تۈمەن خىياللار ماڭا يەنە ھۇجۇم باشلايتتى. بۇ قېتىم مەندە ئەمدى باش ئەگمەيمەن،

دېگەن بىر خىل غەلىيان تۇيغۇسى پەيدا بولدى، بىر ئىستەك تۇغى جەۋلان قىلدى. شاماللار ھەممىنى سۇپۇرۇپ كەتتى، شامال ئاۋازى بىلەن ئەتراپىمدىكى دۇنيانىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بارغانسېرى يىقىنلاپ كېلىپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازغا ئوخشاش ئاجايىپ بىر خىل سادانى ھاسىل قىلدى. شۇ ئەسنادا زىل بىر ئاۋاز شامالنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۇشۇپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر. .» دەپ ئەزان چاقىردى. مەن بۇ ئاۋازدىن چەكسىز شادلىق قايىنىمىغا چۆمدۇم، خۇغادا تىۋېندىم، گۇناھلىرىمغا تووۋا قىلدىم، تۇن كېچە ئاسمىنىغا باقتىم، تۇن پەردىسى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى. مەن توساتتىن چوڭ قوشۇننى — ئادەملەر ئېقىمىنى كۆرگەندەك بولدۇم، ئۇلار تېز - تېز كېتىشىۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇ يەردە ھەيران بولغىنىمچە قاراپ - قاراپ، ئاخىرى يەنە خىيال قوينىغا غەرق بولۇپ كەتتىم. ئۇلار قەبرىستانلىققا قاراپ تېز كېتىشىۋاتاتتى. شۇنداق، بۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم ئىدى. ئۇلار ئۇدۇل قەبرىستانلىققا قاراپ كېتىشىۋاتاتتى، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئەمما كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇلار كۆزدىن غايىب بولدى. قەيەرگە كەتكەندۇ؟ يوللار قۇرۇق، شەھەر جىمجىت، پەقەت شاماللا ھۇشقىرىتاتتى. ئۆتمۈشتىكى ئازابلىق ئىشلار كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى، بۇ شەھەردىكى جىمى نەرسە ئادەمنى سەسكەندۈرگىدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ھەممە ئىشىك - دېرىزىلەردىن كىشىلەر باشلىرىنى چىقىرىشىپ، تۈكۈرۈشكىنىچە مېنى كەمسىتىشتى، مېنى قاتتىق ئۇرۇشتى، مەن ۋارقىرىماقچى بولساممۇ، ۋارقىرىيالمىدىم. ئۈنسىز نىدالىرىمنى ھېچكىممۇ ئاڭلىمىدى. مەن كوچا ئېغىزىدا قەيەرگە مېڭىشنى بىلەلمەي دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئاخىرى سوغۇق شامال مېنى غوزا

ئىچىگە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەن كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن بۇ شەھەرگە ئۆچ بولۇپ كەتتىم، ئۆزۈمنى بۇ شەھەرگە تالىق ئەمەستەك، بۇ شەھەرنىڭ پۇقراسى ئەمەستەك ھېس قىلدىم، بۇ شەھەر مەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك بارغانسېرى يات تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەن بۇ مېھرى يوق شەھەردىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئارقىلىق قىيىن ئەھۋالدىن، ئاچچىق ئازابتىن مەڭگۈ قۇتۇلماقچى بولدۇم. . چۈنكى مەن بۇرۇنلا بۇ شەھەرگە تالىق ئەمەس ئىدىم. مەن شۇ تاپتا ئەيىبلىنىۋاتاتتىم، جازاغا تارتىلىۋاتاتتىم. ھەتتا باللارمۇ سەۋەبسىزلا ئەيىبلەۋاتقان بۇ مېھرى يوق شەھەرنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ مۇھەببەت باغلىغۇدەك نەرى بار؟ مەن ئۆزۈمنى شۇنداق دەپ قايىل قىلغىنىمچە خاپىغان يۈرۈپ كەتتىم. شەھەر قۇپقۇرۇق، ئەتراپتا گۆرىستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. مەن ئىنىس - جىن يوق رەستىدە كېتىپ بارىمەن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان كوچىلارنىڭ ئايىغى كۆرۈنمەيتتى. ماڭدىم - ماڭدىم، يولدىن ئاداشتىم، ماڭا بۇ شەھەر گويا يالماۋۇزغا ئۆزگىرىپ مېنى يەۋەتمەكچى بولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن يۈگۈردۈم. يوللاردىكى پەلەمپەيلەر مېنى رەھىمسىزلەرچە پۇتلاپ يىقىتىۋەتتى، ئارقىدىنلا ئەتراپتىكى نەرسىلەر يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ مېنى بېسىۋالدى. زېمىن پىرقىراپ چۆرگىلەۋاتاتتى، بېشىم قېيىپ كۆزلىرىمگە قىزىللىق تىقىلدى، پۇتلىرىم قېتىشىپ قالغاچقا زادى مىدىرلىتالمىدىم. پۈتۈن بەدىنىم سوغۇقتىن تىترەپ كەتتى. شۇ ئەسنادا قەيەردىن كەلدىكىن بىلمىدىم، ئادەمنى قەي قىلدۇرىدىغان بىر ئىسسىق ئېقىن كەلدى. ئەسلىدە ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى يولدىن ئېقىپ كەلگەنىدى، مەن ئۇستىخانلىرىمنىڭ ئاغرىقىغا قارىماي جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم، ئاخىرى ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا قورقۇنچلۇق بىر تامغا ئۈسۈۋالدىم. تام گويا غايەت زور

يىرتقۇچ ھايۋاندەك يولنى توغرىسىغا توسۇۋالغانىدى. مەن دەھشەتلىك كۈننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدىم ـ دە، لايدەك لاسسىدە بولۇپ يىقىلىپ چۈشتۈم.

ئويغانسام، ئوتتەك ئاپتاپ زېمىننى كۆيدۈرۈپ تۇرۇپتۇ، بەدەننى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان تىللىرى بىلەن ۋۇجۇدۇمنى يالاۋېتىپتۇ. ئىيۇن ئايلىرىنىڭ ئاپتاپلىرى ئەزەلدىن شۇنداق بولاتتى. تىنجىقتىن ئادەم تىنالماي قالاتتى، ئۆي ئىچىدىمۇ شۇنداق ئىدى. پەقەت بەزى ئادەملەرنىڭ مۇسابىقىلىشىۋاتقاندەك پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ ئاشۇ قورقۇنچلۇق تامدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. مەن دەسلەپتە ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم، كېيىن مەنمۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئۇلارغا ئەگەشتىم. مەن ئۇلارغا يېتىشىۋالدىم، ئۇلارنىڭ جېنىمنىڭ بارىچە قوغلىدىم، ئەمما نېمە ئىشلىكىنى بىلمىدىم، ئۇلار يوقاپ كەتتى، بىردەمدىلا كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى. ماڭا دېلىغۇللۇق ئوقلىرى تەگكەندەك بولدى. قىزىق، ئېھتىمال مەن پەقەت ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغىلا قاراپ، بەدەنلىرىگە دىققەت قىلمىغان بولسام كېرەك، ئەمەلىيەتتە بولسا مەن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنىڭ قەيەردىلىكىگە زادى دىققەت قىلمىغانىدىم. مەن ئۇ پۇتلارنىڭ بىر-بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. توغرا، مەن ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن پۇتى بار-يوقلۇقىنىمۇ جەزملەشتۈرەلمەيتتىم. مەن ئۇلارغا ئەگەشتىم. مۇشكۇلچىلىك-تىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈمگە تاياندىم، ئۆز يولۇمنى تېپىپ مېڭىپ باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن كارىم بولمىدى. مەن يۈردۈم، يۈردۈم. . چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن يۈردۈم، كۆڭۈل دېڭىزىمدا ئاجايىپ ـ غارايىپ غەلىتە خىياللار دولقۇنى ئۆركەش ياسىدى. مەن دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچراشنى راۋا كۆرمەيتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇلۇمدىكى داغدام يولغا چۈشتۈم. مەن ئاشۇ غەلىتە خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشتىم. ئالغا قاراپ

توختىماي ماڭدىم، ئەمما ئۆزۈممۇ ئۇقمىغان ھالدا يولدىن ئادىشىپ قالدىم. توغرا، مەن سول تەرەپكە بۇرۇلمايمەن دەپ نىيەت قىلغان بولسامۇ، ئەتەي قېيىشقاندەك سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاپتىمەن. مەن تۆمۈر يولغا تۇتۇشىدىغان بىر چىغىر يولغا كىرىپ قالدىم. باياتىنقى ئىش يەنە يۈز بەردى. دەسلەپتە كۆز ئالدىم شۇنداق روشەن ئىدى، كېيىنچۇ؟ بۇنى بىر ئاللانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. . . بىر قانچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا رېلىستىن ئاتلاپ ئۆتتۇم. ئۇ يەردىكى مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى، ھەرقانچە قىلىپمۇ ماڭالمىدىم. ئۇ يەردىكى مەنزىرىلەر ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ پۇتلىرى مېڭىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ تاپانلىرى ئاستىدا دۆۋە - دۆۋە ھايات ئادەملەر ياتاتتى، بىر - بىرىگە يېقىن تۇرۇشقىنىچە تىپىرلايتتى، قۇتقۇزۇڭلار دەپ نىدا قىلاتتى، يەردە يىقىلىپ ياتاتتى، قان ۋە گۆشلەر چاپلىشىپ قالغان پۇتلار ئۇلارنى دەسسەپ چەيلەيتتى. بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە مەنزىرە، غەلىتە دۇنيا ئىدى. مەن ئۇنداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالمايتتىم. مەن پۇتۇمنى بەدەن دۆۋىلىرى ئارىسىدىن تارتىۋېلىپ كەينىمگە چېكىندىم، پۇتلىرىم ئېغىرلاشتى، بېشىم قېيىپ كۆزلىرىمگە قىزىللىق تىقىلدى، ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ ئاغرىپ كەتتى، قەي قىلغۇم كەلسىمۇ چىشىمنى چىشلەپ چىداپ تۇردۇم. مەن بۇ مەنزىرىلەردىن ھەيرانۇ - ھەس بولدۇم، قاتتىق سىقىلدىم. ئۆزۈمنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن يەردە ئۆمىلەپ يۈز - كۆزلىرىمگە تۇپا سۈركىمەكچى بولدۇم. ئەمما ئەمدىلا ئېڭىشىپ تۇرۇشۇمغا يەنە بىر ۋارقىرىغان ئاۋازدىن تىك تۇرۇپ كەتتىم. مەن ئاشۇ باللارنى كۆردۈم، ئۇلار يېقىنلا بىر يەردە تۇراتتى. جۈپ-جۈپ كۆزلەر ماڭا مىقتەك قادالغانىدى. ئۇ كۆزلەردىن شەخسىيەتچىلىك، نومۇسسىزلىق چىقىپ تۇراتتى، گويا كىيىم - كېچەكلىرىمنى سالدۇرۇپ مېنى ئاندىن تۇغما ھالغا

چۈشۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ماڭا ئۇرۇش ئېلان قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ياق، مېنى خورلاۋاتىدۇ. مەن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ بىردەم تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي تىكىلىۋەتتىم. شۇ چاغدا تىكىلىۋېتىش ئەڭ ئەلا چارە ئىدى.

— توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاق، — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار.

مەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي قاچتىم، مەن پۇتلىرىمنىڭ قانداقچىسىگە ئۆزۈمنى شۇنچە يىراقلارغا ئېلىپ قاچقانلىقىنى زادى بىلەلمىدىم. ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇدلۇقىمغا ئەقلىم يەتمىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇدلۇقىمنى تامامەن ھېس قىلالمىدىم. پەقەت پەلەك پىرقىراپ، زېمىن چۆرگىلەۋاتقانلىقىنىلا، ئۈچەي - ئاشقازانلىرىمنىڭ مۇجۇپ ئاغرىۋاتقانلىقىنىلا ھېس قىلدىم، ئۇ بالىلارنىڭ ئۆتكۈر كۆز نۇرلىرى نېرۋىلىرىمنى بېسىپ سۆڭەكلىرىمدىن تېشىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن بەدىنىمنى پارە - پارە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. . . يەنە تېخى ھېلىقى ئادەملەرنىڭ پۇتلىرى مېنى قورقۇتىۋاتاتتى، ئۇلار ماڭا سالجىدەك چاپلىشىۋالغانىدى... بۇلار مېنى يۈگۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەن يۈگۈردۈم، يۈگۈردۈم، ئاخىرى تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ بىر سازلىققا چۆكۈپ كەتتىم. مەن دەسلەپتە ساپلا قان - يىرىڭلار بىلەن توشۇپ كەتكەن تەگسىز جىلغىغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولدۇم. مەن تەگسىز جىلغىغا يەم بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن جېنىمنىڭ بارىچە تىرىشتىم، ئەمما ئاخىرى يەنە يەم بولۇپ كەتتىم. شۇ ئەسنادا مەن سەزگۈمنى يوقاتتىم، ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تامامەن ھېس قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم.

مەن ئويغانغىنىمدا كىچە ياكى كۈندۈزلۈكىنى بىلەلمىدىم، تار بىر نوسۇلكىدا ياتاتتىم، ئۆزۈم تولىمۇ بىئارام ئىدىم. چۈشۈپ كېتەرمەنمىكىن دەپ مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي جىم ياتتىم. نوسۇلكا تار، پاكىز بىر ئەينەك ئۆيگە قويۇلغانىدى. مەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق پاتقاققا چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىن ئادەمدە

بولىدىغان ئاساسىي ئالامەتلەرنى يوقاتقانىدىم. شۇنداق، مەن ھايات بولساممۇ، سەزگۈم، ھېسسىياتىم، ئىرادەم يوق ئىدى، كۈچ - قۇدرىتىممۇ يوق ئىدى . . . مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ بىر توپ ناتونۇش ئادەملەر ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقىمنىلا بىلەتتىم، مەن ئۇلارنى تونىمايتتىم، ئۇلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىممۇ يوق ئىدى، ئۇلار بىلەن گەپلىششىمۇ ھاجەتسىز ئىدى. ئۇلار مېنى چۈشىنىشقىمۇ ئېلىپ قويماي ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى. ئۇلار ئىچىدىكى ياشتا چوڭ بىرى ماڭا:

— بىز سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدۇق، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت پايدا - مەنپەئەت مۇناسىۋىتى، بىز سېنى ھىمايىمىزغا ئالىمىز، بىز سېنى خەتەردىن قۇتۇلدۇردۇق، ئەمدى سەن بىز ئۈچۈن ئىشلەيسەن، — دېگەندەك قىلدى.

مەن جاۋاب قايتۇرمىدىم ۋە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنىمۇ چۈشىنەلمىدىم. مەن بىلەن ھېچقانداق نەرسىنىڭ مۇناسىۋىتى يوقتەك قىلاتتى، ماڭا ئېھتىياجلىق بولغىنى پەقەت ھاياتلىقلا ئىدى. مەن ئادەم دېسە ئادەمدەك، ھايۋان دېسە ھايۋاندەك ياشىدىم، ئۇلار ئېغىزىمغا پات - پات تەمسىز ھاياتلىق سۈيى تېمىتىپ تۇردى. مەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەممۇ رەت قىلماي يۇتۇۋەردىم. نېمىدەپ رەت قىلغۇدەكمەن؟ يەنە كېلىپ قانداق رەت قىلىمەن؟ مەن كامىرغا ئوخشاش كىچىك بىر ئۆيگە قارىدىم، پەرۋاسىزلارچە قاراپ تۇردۇم، سىلەرگە ئايان بولغاندەك، مەن ئىرادەمنى يوقاتتىم. مېنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ يۈزىنى ئەينەككە چاپلاپ ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بارغانسېرى چەكچەيمەكتە ئىدى، كۆزلىرىدىن يىرگىنچلىك نۇرلار چاقنايتتى. ئەمما، مەن قورقمىدىم، ئازراقمۇ پەرۋا قىلمىدىم، چۈنكى مەن ھېمات قورغىنى ئىچىدە ئىدىم. مەن غەزەپتىن خۇددى يانار تاغنىڭ ئېغىزىدەك ئېچىلغان ۋە يەنە يۇمۇلغان ئېغىزلارغا قاراپ تۇردۇم ۋە غەلىبە قىلغاندەك كۈلۈپ قويدۇم.

## ئانا مېھرى

### نەجاد خەيرىل (ماراكەش)

يىگىت تەبەسسۇم قىلغىنىچە قىزغا قارىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا قىزنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاپىسىنىڭ گەپلىرى يەنە ياڭرىدى: «ئايالالار دېگەن هامان باشقىلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئۇ ئەبلەختىن ھەزەر ئەيلە!»

قىز پەرۋاسىز ھالدا ئاستا كېتىپ باراتتى، ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ ئاسارىتىدە قىز يەنە يىگىتكە قانداقمۇ جاۋابەن تەبەسسۇم قىلالىسۇن؟

ئەمما قىز: «خوش، ياخشى يىگىت نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئاپامغۇ كۆپ گەپلەرنى قىلدى، ئەمما قانداق ھېزى بولۇشنى دېمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن رەزىللىك ئەمەس، ئەدەپ ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن نېمىشقا ھېزى بولاي» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

قىز قەدىمىنى تېزلەتتى، يىگىتمۇ تېز ـ تېز ماڭدى. قىز چوڭ بىر كوچىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتتى، يىگىت ئۆز يولىغا مېڭىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما قىز يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قىز ئازراقمۇ ئەيىبكە بۇيرۇمىغاندەك قىلاتتى، يىگىتنىڭ كۈلكىسى تېخىمۇ كوچەيدى ۋە قىزنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋەردى.

يىگىت قىزنىڭ تەشۋىشلەنگەنلىكىنى بايقىدى، ئەمما ئۇن ـ تىن چىقارماي قىزغا ئەگىشىپ ماڭدى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى.

قىز ئۆدۆل تەرەپتىكى بىر دورا دۇكىنىغا كىرىپ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق دورىلارنى سېتىۋالدى.

يىگىت قىزنىڭ ئۆگەيسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى بولغاي، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. قىز شاققىدە قارىدى ۋە ئىككى مەڭزى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كەتتى.

ھېچكىم يوق ئىدى!

قىز ئۆھسىنىپ قويدى ۋە خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئەمما قىزنىڭ كۆڭلىنى غەشلىك قاپلىغانىدى. قىزنىڭ يۈرىكى ئۈمىدسىزلەندى، يىگىتنى سېغىندى، يىگىتكە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئىنتىزار بولدى. ئانىلارنىڭ لۇغەتلىرىدە بىر تالاي پەرھىزلەر بار ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قىز ھازىرغا قەدەر بىرەر غەيرىي جىنس بىلەن تونۇشمىغانىدى.

قىز كۆزىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى. گېزىت بوتكىسىغا بېرىپ ژۇرنال سېتىۋالدى. قىز بىردىنلا يىگىتنىڭ يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك كۆز ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. يىگىت كۈلگىنىچە مۇلايىملىق بىلەن:

— خەيرلىك ئەتىگەن! — دېدى.

قىز يەرگە قارىدى ۋە يىگىتنىڭ سالىمىغا پىسەنت قىلمىدى. قىز شۇ تاپتا نېمىمۇ قىلالايتتى؟

يىگىت ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا بوتكىغا بېرىپ بىر سان گېزىت، بىر ژۇرنال، بىر قاپ تاماكا سېتىۋالدى. ئەمما قىز ئالدىغا قاراپ تۇرۇپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۆزى تۆلىدى. يىگىت تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن كەلدى ۋە قىز بىلەن تونۇشقىنىغا ئۆزۈن بولغاندەك قىزغا قول ئۇزاتتى. شۇ ئەسنادا، قىزنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىدى. قىزنىڭ ھاياتىدا پەقەت بىرلا ئادەم بار ئىدى، قىز ئۆزۈندىن بۇيان مۇشۇنداق بىر خىل ئاڭنى توسۇپ ۋە رەت قىلىپ كەلگەنىدى.

يىگىتنىڭ قولى مۇئەللەقتە تۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ نەزىرىدە بۇ دەقىقىلەر ئۇنىڭغا بىر ئەسىردەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى. قىز تېخىمۇ ھودۇقتى. يىگىت قىزنىڭ ئالدىدا، قىزغا يېقىنلا تۇراتتى، قىز يىگىتنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ بوستان چاچلىرىنى كۆرگەندەك بولدى.

قىزمۇ تىترەپ تۇرغان نازۇك قولىنى چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن يىگىت دەررۇ قىزنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى.

بۇ قېتىم ئۇلار ئىختىيارسىز پاراڭلىشىپ كەتتى. قىز بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنىمۇ بىلمىدى. قورقۇنچ بىلەن خىجىللىق پەردىلىرى يىرتىلىشقا باشلىدى. ئاپىسىنىڭ نەسىھەتلىرى كۆڭلىدە ھەش - پەش دېگۈچە غايىب بولدى. بۇ، قىز ئۇزۇندىن بۇيان تەقەززا بولۇپ كەلگەن مىنۇتلار ئىدى.

ئۇلار پات - پات خالىي ئۇچرىشىپ تۇردى، يىگىت قىزنى قۇچاقلىدى، قىزنىڭ نازۇك قوللىرىغا سۆيدى. قىزمۇ ئىشەنچ بىلەن ئۆزىنى يىگىتنىڭ باغرىغا ئاتتى. قورقۇنچ دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى، قورقۇنچ قانداق پەيدا بولسا شۇنداق تېز يوقالدى.

بۇ قېتىم قىز يىگىتنى تەشۋىش ئىلكىدە كۈتتى، قىزنىڭ قەلب ئالىمىنى ئۆچمەنلىك تۇمانلىرى قاپلىدى. ئەمدى گۇناھ دەرىخى مېۋە تۇتقانىدى: قىزنىڭ قورسىقى تومپىيىپ چىقتى، كۆكسىلىرىنىڭ ئۇچى ئاستا - ئاستا رەڭگىنى ئۆزگەرتتى، مەڭزىلىرىگىمۇ داغ چۈشتى. قىز ئۈجمىگە سېزىك بولۇپ قالدى.

قىز يىگىت بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى، ئەمما يىگىتنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. بىر كۈنى قىز رەستىدە يىگىت بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. قىز يىگىتكە ئاۋاق قولىنى سوزدى، ئەمما قىزنىڭ قولى مۇئەللەقتە تۇرۇپ قالدى. يىگىت قىزنى تونىمايمەن، دېگەنىدى.

— رەڭگى - رويى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان ئادەملەر

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyOTYyMDQuemlw",
"filename_decoded": "40296204.zip",
"filesize": 42429860,
"md5": "4eed25f0e95e701d064181a5a5159a29",
"header_md5": "b473ead88dfc49bc6cc98c5e1acacb07",
"sha1": "783be14456e824ab1f5c37f13c2e97f70389afb9",
"sha256": "1962b35d372aa1fb4b377f1bd6756bad667cf13bae5b0bb7f310d2439712e5c2",
"crc32": 673395164,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 46176443,
"pdg_dir_name": "\u2566\u2500\u2556\u2553\u2553\u00ab\u2565\u2557\u2555\u00f7\u2552\u2554\u2556\u2265 \u2591\u00f3\u2514\u00a1\u2593\u00ab\u253c\u00ab\u256b\u2248\u255d\u2565\u251c\u255f\u2561\u2500\u2562\u2560\u255e\u00ac\u2568\u00ed\u2566\u2561\u255d\u00bb \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40296204",
"pdg_main_pages_found": 216,
"pdg_main_pages_max": 216,
"total_pages": 222,
"total_pixels": 842928864,
"pdf_generation_missing_pages": false
}